100 نادىر كىتاب تۈرىدىكى 007 - كىتاب
تۈر پىلانلىغۇچىسى: ئابدۇرېھىم دۆلەت

مۇھەممەد ئەلى سابۇنى

# تەپسىرلەر دۇردانىسى

3

100 نادىر كىتاب

مۇھەممەد ئەلى سابۇنى

تەپسىرلەر دۇردانىسى

03

7

100 نادىر كىتاب

100 نادىر كىتاب

بسم الله الرّحمن الرّحيم

100 نادر کتاب (007)

مۆهەمەد ئەلی سابۆنی

# تەپسرلەر دۆرانسی

## - 3 -

100 نادر کتاب

مۇھەممەد ئەلى سابۇنى

**تەپسىرلەر دۇردانىسى**

- 3 -

100 نادىر كىتاب تۈرىدىكى 7 - كىتاب

تۈر باشقۇرغۇچى:
Abdurehim DÖLET / ئابدۇرېھىم دۆلەت

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئا.ئاقھۇن
مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن
ئى. مۇھەممەدئىمىن

تەھرىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

لايىھە: ئا.ئاقھۇن / A.AKHUN

2022 - يىلى مارت ، ئىستانبۇل 1 - نەشرى

100 نادىر كىتاب تۈرى نەشر قىلىپ تارقاتتى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە

ئەنئام سۈرىسى ........ 3
ئەئراف سۈرىسى ........ 184

# ئەنئام سۈرىسى

**مەككىدە نازىل بولغان، 166 ئايەت.**

---

**سۈرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:** ئەنئام سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان ئۇزۇن سۈرىلەردىن بىرى بولۇپ، سۈرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئېتىقاد مەيكۈرىسى بىلەن ئىماننىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەقسەت ۋە غايە جەھەتتىن بۇ سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان بەقەرە سۈرىسى، ئال ئىمران سۈرىسى، نىسا سۈرىسى ۋە مائىدە سۈرىلىرىدىن تامامەن پەرقلىنىدۇ. بۇ سۈرىدە، روزا، ھەج، تۈرلۈك جازالار ۋە ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارغا ئوخشاش مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرىنىڭ نىزاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمەيدۇ. ئەھلى كىتابتىن ئىبارەت يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار، شۇنداقلا مۇناپىقلار ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلمىگىنىدەك، ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ۋە ئىسلام دەۋىتىگە قارشى چىققۇچىلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىش ھەققىدىمۇ ئۇچۇر بېرىلمەيدۇ، بەلكى دەل ئەكسىچە، بۇ سۈرىدە پەقەت ئېتىقاد مەيكۈرىسى بىلەن ئىماننىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى ھەققىدىلا ئۇچۇر بېرىلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. ئىلاھلىق مەسىلىسى.

2. ۋەھيي ۋە پەيغەمبەرلىك مەسىلىسى.

3. ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ۋە نامە - ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىش ياكى جازاغا تارتىلىش مەسىلىسى.

ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلغىنىمىزدا، بۇ سۈرىدە ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئاساسلىرى ھەققىدە مول مەلۇماتلار بېرىلگەنلىكىنى بايقايمىز، شۇنداقلا بۇ ھەقتە قايىل قىلارلىق ۋە ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويىدىغان دەلىللىرىنىڭ روشەن، ھۆججەتلىرىنىڭ راستچىل، مۇنازىرىلىرىنىڭ ئىلمىي ۋە كەسكىن ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى بۇ سۈرە مەككىدىكى مۇشرىك قەۋم ھەققىدە نازىل بولغان. بۇ مۇبارەك سۈرىدە ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان خۇسۇسلاردىن بىرى، مەزكۇر سۈرىدە بايانلارنىڭ روشەن ئىككى خىل ئۇسلۇبتا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بولۇپ، بۇلارنى بىز باشقا سۈرىلەردە بۇنچىلىك كۆپ كۆزگە چېلىقتۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. شەرھلىنىدىغان ئىزاھات ئۇسلۇبى

2. ئالدىن خەۋەر قىلىش ئۇسلۇبى

1. شەرھلىنىدىغان ئىزاھات ئۇسلۇبى: شەك - شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقى، قۇدرىتى، مۇتلەق پادىشاھلىقى ۋە ھەممىگە غالىب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى ھەممە كىشى ئېتىرازسىز قوبۇل قىلىدىغان بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن ئىدراك قىلغىلى بولمايدىغان، بىراق مەنىۋى جەھەتتىن ھېس قىلغىلى بولىدىغان (3 - شەخس)

كىشىلىك ئالىمىشى بىلەن خىتاب قىلىدۇكى، ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە ئاڭلىق ھەرقانداق بىر ئىنسان بۇ خىتاب ئارقىلىق كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ئىنئام ۋە ئېھسان ساھىبى بولغان ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىگە شەك ـ شۈبھىسىز ئىشىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىدارە قىلغۇچىسى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان «ئۇ» ئالمىشىنى قوللىنىدۇ. قېنى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ بېقىڭ: «ئۇ (ئاللاھ تائالا) سىلەرنى (سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى) لايدىن ياراتتى»، «ئۇ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاللاھىدۇر»، «ئۇ سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ»، «ئۇ بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر»، «ئۇ ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى»...

2. ئالدىن خەۋەر قىلىش ئۇسلۇبى: بۇ ئۇسلۇب، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەلىللەرنى قانداق ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى تەلىم بېرىشى جەريانىدا ناھايىتى روشەن ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ. دەرۋەقە، پەيغەمبەر دەلىللەرنى رەقىبلىرىگە قارشى ئەنە شۇ ئۇسلۇبتا ئوتتۇرىغا قويغاچقا، رەقىبلىرىمۇ ئۇنىڭ دەلىللىرىنى قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلايدۇ. يەنە كېلىپ، شۇ ئۇسلۇبتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پولاتتەك دەلىللەرنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەقىبلىرىگە چاشقان تۆشۈكى ساراي بولىدۇ. شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، بۇ ئۇسلۇب سوئال ـ جاۋاب تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن سوراپ، ئاندىن يەنە شۇ سوئاللارغا ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ. يەنى مۇنۇ ئايەتكە قۇلاق

سىلىپ بېقىڭ: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتلار كىمنىڭ؟> (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، <ئاللاھ تائالانىڭ>. ئاللاھ تائالا (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى»، «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <(مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟> ئېيتقىنكى، <ئاللاھ تائالا مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر (ماڭا ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى كۇپايىدۇر)>، «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويۇپ، دىللىرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە (سىلەرنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ قويسا)، ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقا يەنە قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟>»، «ئۇلار (مەككە كاپىرلىرى): <نېمىشقا مۇھەممەدكە پەرۋەردىگارىدىن بىر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟> دەيدۇ، ئېيتقىنكى، <ئاللاھ تائالا مۆجىزە چۈشۈرۈشكە ھەقىقەتەن قادىر>. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (مۆجىزە نازىل بولۇپ ئىمان ئېيتمىسا بالاغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ». دېمەك، بۇ مۇبارەك سۈرىدە، مۇشرىكلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى تۇۋاقلاپ قويۇش ئۈچۈن، باتىلنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇۋېتىدىغان كەسكىن ۋە روشەن دەلىل - ئىسپاتلار ئەنە شۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەنئام سۈرىسىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتىن مەككىدە نازىل بولغان

سۈرىلەر ئارىسىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.[1] بۇ سۈرە ئىسلام دەۋىتىنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇلىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، مۇنازىرە ۋە كۆرەشتە تۈرلۈك - تۈمەن ۋە ئالەمشۇمۇل دەلىللەر ئارقىلىق مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ گۇمانىنى يوققا چىقىرىدۇ. بۇ سۈرىدە يەنە يارىتىش، ئىجاد قىلىش، قانۇن چىقىرىش ۋە ئىبادەت قىلىش مەسىلىلىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ يەككە - يېگانە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن بىرگە، پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقارغۇچىلارنىڭ مەۋقەسى ۋە ئىلگىرىكى مىللەتلەردىن مەۋقەسى بۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغانلارنىڭ باشلىرىغا كەلگەن ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ۋەھيى ۋە پەيغەمبەرلىك توغرۇلۇق گۇمانىي قاراشلىرى، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ۋە ھەممە ئادەمگە نامە - ئەمەلگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلاردىكى، ئۇپۇقلاردىكى، ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرلىرىدىكى، راھەت - پاراغەتلىك ۋە مۇشەققەتلىك پەيتلەردىكى دەلىل - ئىسپاتلارغا ئىنسانلارنىڭ

[1] ئىمام رازىغا كۆرە، بۇ سۈرىنى باشقا سۈرىدىن ئالاھىدە پەرقلەندۈ-رىدىغان ئىككى تۈرلۈك مۇھىم ئامىل بار. بۇلارنىڭ بىرى، بۇ سۈرە بىر قېتىمدىلا نازىل بولغان. يەنە بىرى، بۇ سۈرىنى 70 مىڭ پەرىشتە ئۇزىتىپ قويغاندۇر، بۇ سۈرىنىڭ بۇنداق ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ سۈرە، تەۋھىد، ئادالەت، پەيغەمبەرلىك ۋە ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك دەلىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچى ۋە دىنسىزلىقنى تەرغىب قىلغۇچىلارنىڭ نەزەرىيەلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ. ئىمام قۇرتۇبىغا كۆرە، بۇ سۈرىنىڭ ئەسلى غايىسى، مۇشرىكلار ۋە ئۇلاردىن باشقا بىدئەتچىلەر، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ۋە مەھشەرگاھقا يىغىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا قارشى كۆرەش قىلىشتۇر. مانا مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق ئامىل، بۇ سۈرىنىڭ بىر قېتىمدىلا نازىل بولۇشىنى تەقەززا قىلغان.

دىققەتلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەپسىلىي ھالدا چۈشەنچە بېرىلىدۇ. پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغان ئەۋلادلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلىدۇ. جاپاغا چىداش ۋە سەۋر - تاقەتلىك بولۇش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىشى ۋە ئۇلارغا ئەگىشىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى ھەر خىل ئۇسلۇبلاردا سۈرەتلەپ بېرىلىدۇ، ھارامنى ھالال قىلىش ۋە ھالالنى ھارام قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ شېرىك ئېتىقادلىرى سەۋەب بولغان جاھىلىيەت ئادەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بايان قىلىپ بېرىلىدۇ، جاھىلىيەت ئادەتلىرىنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكى ۋە باتىل ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. سۈرىنىڭ خاتىمىسى، ئىلگىرىكى كىتابلاردا نازىل قىلىنغان ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەر چاقىرىق قىلىنغان ۋەسىيەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن چۈشۈرۈلىدۇ. «ئېيتقىنكى، <سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي>». دېمەك بۇ سۈرە، بۇ دۇنيادا ئىنسانغا ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر ئايەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە خەلىپە (ئورۇنباسار) بولۇشى، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنى ئاۋات قىلىشنى ئىنساننىڭ قولىغا تاپشۇرغانلىقى، ئىنساننىڭ كائىناتتا نەسىلدىن نەسىلگە داۋام قىلىدىغانلىقى ۋە ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەرنىڭ باسىدىغانلىقىدۇر. بۇ ئايەتتە يەنە، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ بىر غايە ۋە مىسلىسىز بىر ھېكمەت ئۈچۈن ئىنسانلارنى

بىر - بىرىدىن تامامەن پەرقلىق قىلغانلىقى ئوچۇقلاپ بېرىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، بۇ دۇنيادىكى كۈندىلىك ھاياتتا ئىنساننىڭ تۈرلۈك ئىمتىھان ۋە سىناقلارغا دۇچ كېلىشى بولۇپ، ئىنساننىڭ كامالەتكە يېتىشىمۇ دەل شۇ ئىمتىھانلار بىلەن سىناقلاردىن غەلىبىلىك ئۆتۈشكە باغلىق. ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ۋە ئىلاھىي قانۇندىن مەقسەتمۇ دەل مۇشۇ: «ئاللاھ سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى، ئاللاھ سىلەرنى بەرگەن نېمىتىگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن) ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.»

**سۈرىنىڭ ئىسمى:** «مۇشرىكلار ئاللاھ تائالا ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چاھار پايلاردىن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بىر ھەسسە ئايرىشتى» دېگەن ئايەتتە ھايۋانلارنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنغانلىقتىن، بۇ سۈرە «ئەنئام (چاھار پايلار) سۈرىسى» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشرىكلارنىڭ شۇ ھايۋانلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بۇتلىرىغا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە قىلغان ھاماقەتلىكلىرىنى ئوچۇقلاپ بېرىدىغان ھۆكۈملەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ سۈرىدە بايان قىلىنىشىمۇ، سۈرىنىڭ مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرىدۇر. ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسمۇ مەزكۇر سۈرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىندۇر: «ئەنئام سۈرىسى مەككىدە بىر كېچىدە بىراقلا نازىل بولدى، بۇ سۈرە نازىل بولىۋاتقاندا، 70 مىڭ پەرىشتە سۈرىنى چۆرىدەپ تەسبىھ

ئېيتىشىۋاتاتتى.»

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَجَعَلَ ٱلظُّلُمَٰتِ
وَٱلنُّورَۖ ثُمَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمۡ يَعۡدِلُونَ ١ هُوَ ٱلَّذِي
خَلَقَكُم مِّن طِينٖ ثُمَّ قَضَىٰٓ أَجَلٗاۖ وَأَجَلٞ مُّسَمًّى
عِندَهُۥۖ ثُمَّ أَنتُمۡ تَمۡتَرُونَ ٢ وَهُوَ ٱللَّهُ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَفِي
ٱلۡأَرۡضِ يَعۡلَمُ سِرَّكُمۡ وَجَهۡرَكُمۡ وَيَعۡلَمُ مَا تَكۡسِبُونَ ٣
وَمَا تَأۡتِيهِم مِّنۡ ءَايَةٖ مِّنۡ ءَايَٰتِ رَبِّهِمۡ إِلَّا كَانُواْ عَنۡهَا
مُعۡرِضِينَ ٤ فَقَدۡ كَذَّبُواْ بِٱلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمۡ فَسَوۡفَ
يَأۡتِيهِمۡ أَنۢبَٰٓؤُاْ مَا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ٥ أَلَمۡ يَرَوۡاْ كَمۡ
أَهۡلَكۡنَا مِن قَبۡلِهِم مِّن قَرۡنٖ مَّكَّنَّٰهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَا لَمۡ
نُمَكِّن لَّكُمۡ وَأَرۡسَلۡنَا ٱلسَّمَآءَ عَلَيۡهِم مِّدۡرَارٗا وَجَعَلۡنَا
ٱلۡأَنۡهَٰرَ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهِمۡ فَأَهۡلَكۡنَٰهُم بِذُنُوبِهِمۡ وَأَنشَأۡنَا
مِنۢ بَعۡدِهِمۡ قَرۡنًا ءَاخَرِينَ ٦ وَلَوۡ نَزَّلۡنَا عَلَيۡكَ كِتَٰبٗا فِي
قِرۡطَاسٖ فَلَمَسُوهُ بِأَيۡدِيهِمۡ لَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ
إِلَّا سِحۡرٞ مُّبِينٞ ٧ وَقَالُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ مَلَكٞۖ وَلَوۡ
أَنزَلۡنَا مَلَكٗا لَّقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ ثُمَّ لَا يُنظَرُونَ ٨ وَلَوۡ جَعَلۡنَٰهُ
مَلَكٗا لَّجَعَلۡنَٰهُ رَجُلٗا وَلَلَبَسۡنَا عَلَيۡهِم مَّا يَلۡبِسُونَ ٩
وَلَقَدِ ٱسۡتُهۡزِئَ بِرُسُلٖ مِّن قَبۡلِكَ فَحَاقَ بِٱلَّذِينَ سَخِرُواْ
مِنۡهُم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ١٠ قُلۡ سِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ
ثُمَّ ٱنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُكَذِّبِينَ ١١ قُل لِّمَن
مَّا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ قُل لِّلَّهِۚ كَتَبَ عَلَىٰ نَفۡسِهِ ٱلرَّحۡمَةَۚ

لَيَجْمَعَنَّكُمْ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ لَا رَيْبَ فِيهِ ۚ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓا۟
أَنفُسَهُمْ فَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿١٢﴾ ۞ وَلَهُۥ مَا سَكَنَ فِى ٱلَّيْلِ
وَٱلنَّهَارِ ۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١٣﴾ قُلْ أَغَيْرَ ٱللَّهِ أَتَّخِذُ
وَلِيًّا فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَهُوَ يُطْعِمُ وَلَا يُطْعَمُ ۗ قُلْ
إِنِّىٓ أُمِرْتُ أَنْ أَكُونَ أَوَّلَ مَنْ أَسْلَمَ ۖ وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ
ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٤﴾ قُلْ إِنِّىٓ أَخَافُ إِنْ عَصَيْتُ رَبِّى عَذَابَ يَوْمٍ
عَظِيمٍ ﴿١٥﴾ مَّن يُصْرَفْ عَنْهُ يَوْمَئِذٍ فَقَدْ رَحِمَهُۥ ۚ وَذَٰلِكَ
ٱلْفَوْزُ ٱلْمُبِينُ ﴿١٦﴾ وَإِن يَمْسَسْكَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ
لَهُۥٓ إِلَّا هُوَ ۖ وَإِن يَمْسَسْكَ بِخَيْرٍ فَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٧﴾
وَهُوَ ٱلْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلْحَكِيمُ ٱلْخَبِيرُ ﴿١٨﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەككە مۇشرىكلىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! سەن بىزگە ئۆزۈڭنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە ۋە بۇ كىتابىڭنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان تۆت نەپەر پەرىشتە بىلەن بىر كىتاب كەلتۈرمىگۈچە بىز ساڭا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمىز.» بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتابنى نازىل قىلغان، كاپىرلار ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار، شەكسىزكى، بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر، دەيتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ غەرىزى ئەڭ روشەن دەلىل كەلگەندىمۇ

ئىمان ئېيتماسلىقتۇر.»

**تەپسىرى:** 1. «جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر! ئاندىن (مۇشۇنداق دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ) كاپىرلار پەرۋەردىگارىغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرىدۇ»، يەنى جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر! ئاللاھ تائالا ئۇلۇغلۇق ۋە تولۇق بەركەمال سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىبارىلەرنىڭ يىغىندىسى بىلەن ئۆزىنى مەدھىيەلەشنى بەندىلىرىگە ئۆگىتىش، ئۆزىنىڭ بارلىق ماختاشلارغا لايىق ئىكەنلىكىنى، شېرىكى، ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش يۈزىسىدىن بۇ سۈرىنى ئۆزىنى مەدھىيەلەش بىلەن باشلىدى. ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: سىلەرگە تولۇق ئىنئاملارنى ۋە خىلمۇخىل ئېھسانلارنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئوقۇڭلاركى، ئۇ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە پۇختىلىق بىلەن ياراتتى، ئىجاد قىلدى ۋە يوقتىن بار قىلدى. دەرۋەقە ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ پۇختىلىق ۋە تەڭداشسىز ھېكمەت بىلەن ئاجايىپ يارىلىتىشى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ، بۇلارغا نەزەر تاشلىغاندا، ئەقىللەر بىلەن پىكىر - تەپەككۇرلارنى دەھشەت دولقۇنلىرى قاپلاپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت ۋە ئىبرەت بار. شۇڭا جىمى ھەمدۇسانا زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان، ئالەملەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن نۆۋەتلىشىپ تۇرىدىغان كېچە بىلەن كۈندۈزنى كەم - كۈتىسىز ياراتقان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر! گۇمراھلىقنىڭ

تۇرلىرى بىلەن يوللىرى ناھايىتى كۆپ ۋە پەرقلىق بولغانلىقتىن، «زۇلۇمات» ئىبارىسى كۆپلۈك شەكلىدە كەلتۈرۈلگەن. نۇرنىڭ مەنبەسى پۈتكۈل كائىناتنى يورۇتقۇچى شەپقەتلىك ئاللاھ بولغانلىقتىن «نۇر» ئىبارىسى بىرلىك شەكلىدە كەلتۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت، مەجۇسىيلارنىڭ ئوتقا ۋە ئوتتىن باشقا يورۇقلۇقلارغا چوقۇنۇشلىرىغا ھەمدە ئۇلارنىڭ ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى نۇر، يامانلىقنىڭ مەنبەسى قاراڭغۇلۇق دېگەن ئېتىقاد قارىشىغا كەسكىن رەددىيە بېرىدۇ، چۈنكى مەخلۇق نە ئىلاھ بولۇش، نە ھادىسىلەردىن ھەر قانداق بىر نەرسىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەستۇر.» ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان مۇشۇنداق كەسكىن ۋە روشەن دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، كاپىرلار يەنىلا پەرۋەردىگارىغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرىدۇ، ئۆز قوللىرى بىلەن ياساپ چىققان بۇتلارنى ئاللاھ تائالا بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان خىيالىي نەرسىلەرنى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. بۇ ئايەت، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ تولىمۇ غەلىتە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ئىبنى ئەتىيەگە كۆرە، بۇ ئايەت كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ تولىمۇ قەبىھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۇلاردىن باشقا بارچە مەۋجۇداتنىڭ بىردىنبىر ياراتقۇچىسىنىڭ يېگانە ئاللاھ ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولدى، مۆجىزىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئېھسانلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئەنە شۇنداق روشەن ھەقىقەتلەرنى

ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، كاپىرلار يەنىلا پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرۈشتى. بۇ ئىپادە بەئەينى سېنىڭ مۇنداق دېگىنىڭگە ئوخشايدۇ: «ئى پالانى، ساڭا مۇنداق ـ مۇنداق نەرسىلەرنى بەردىم، سېنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىڭنى قىلدىم ۋە ساڭا كۆپ ياخشىلىق قىلدىم، مېنىڭ ساڭا قىلغان شۇنچە ياخشىلىقلىرىمنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا مېنى تىللاۋاتامسەن؟» 2. «ئاللاھ سىلەرنى (سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى) لايدىن ياراتتى، ئاندىن ئەجىلىڭلارنى بېكىتتى، (سىلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلىدىغان) ۋاقتىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەلۇمدۇر، ئاندىن سىلەر ـ ئى كاپىرلار! (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) شەك كەلتۈرىسىلەر»، يەنى ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى لايدىن ياراتتى، ئاندىن سىلەرنىڭ مەلۇم مۇددەت ياشايدىغان ئەجىلىڭلارنى بېكىتتى، ئەجىلىڭلار توشقاندىن كېيىن ئۆلىسىلەر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشتىن ئىبارەت يەنە باشقا ئەجىلىڭلارمۇ بار. بىرىنچى ئەجەل ئۆلۈمدۇر، ئىككىنچىسى بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ۋە مەھشەرگاھقا يىغىلىشتۇر. ئاندىن سىلەر ـ ئى كاپىرلار! ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش توغرۇلۇق شەك كەلتۈرىسىلەر ۋە ئالەمشۇمۇل مۆجىزىلەر ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئىنكار قىلىسىلەر. 3. «ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك) ئاللاھ ئەنە شۇدۇر، ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلارنى، (ياخشى - يامان) قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.» يەنى، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان بىردىنبىر ئۇلۇغ ئاللاھ ئەنە شۇدۇر. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا

ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇنى بىر دەپ بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ ۋە ئۇنى «ئاللاھ» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلارنى، ياخشى - يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭلارنى ھەمدە ئۆزىڭنىڭ نامە - ئەمەلىڭلارغا قاراپ قانداق مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغانلىقىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سەركەشلىكى ۋە ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: 4. «ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسىلا ئۇنىڭدىن باش تارتىدۇ»، يەنى ئۇلار قانچىلىك دەلىل، مۆجىزە ياكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسىلا، ھامان ئۇنىڭدىن باش تارتىشتى ۋە بۇ ھەقتە ئازراق بولسىمۇ ئويلىنىپ باقايلى دېيىشمىدى. قۇرتۇبىغا كۆرە، بۇنىڭدىن، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە دەلىل كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئايەتلەر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈرسۇن دەپ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان مۆجىزىلەر ھەققىدە، ئۇلارنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشىنى تەرك قىلغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغان. 5. «ئۇلارغا (ئاللاھ تەرىپىدىن) كىتاب (قۇرئان) كېلىۋىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا چىنپۈتمىدى، ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان نەرسىنىڭ خەۋەرلىرى كېلىدۇ (ئۇلارغا ئازاب نازىل بولۇپ، ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان نەرسىنىڭ خەۋىرى ئېنىق بولىدۇ)»، يەنى ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە كەلگەن قۇرئاننى يالغانغا چىقاردى، ئۇزاققا قالماي ئۇلار جازاغا ئۇچرايدۇ ۋە

ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان نەرسىنىڭ خەۋىرى ئېنىق بولىدۇ. بۇ ئايەتتە، مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتكە ۋە جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىغا دائىر تەھدىت بار. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۆتكەنكى ئۈممەتلەردىن ئىبرەت ئېلىشقا تەشۋىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 6. «ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار كۆرمىدىمۇ؟ (ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمىدىمۇ؟) ئۇلارنى زېمىندا سىلەرنى يەرلەشتۈرمىگەن بىر شەكىلدە يەرلەشتۈرگەن، مول يامغۇرلار ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆستەڭلەرنى ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان قىلغان ئىدۇق، كېيىن ئۇلارنى قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن كېيىن باشقا خەلقنى پەيدا قىلدۇق.» يەنى، پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن بۇرۇن بىز ھالاك قىلغان نۇرغۇن ئۈممەتلەردىن ئۇلار ئىبرەت ئالامدۇ؟ بۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىشمەمدۇ؟ ئى مەككە ئەھلى! مەمۇرچىلىق، مولچىلىق ئىچىدە ياشاش ۋە زېمىندا يەرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت سىلەرگە بەرمىگەن نېمەتلەرنى ئۇلارغا ئاتا قىلغان، كۆكتىن ئۇلارغا مول يامغۇرلار ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆستەڭلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ۋە دەل - دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەرگەن ئىدۇق، شۇڭا ئۇلار ئۆستەڭلەر بىلەن مېۋە - چېۋىلەر ئارىسىدا راھەت - پاراغەتلىك ۋە خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بىراق كېيىن ئۇلار كاپىرلاردىن ۋە ئاسىيلاردىن بولۇپ كېتىشتى - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق. بۇ ئايەت، ئۆتكەن مىللەتلەرنىڭ كۈچلۈك ۋە زېمىندا يەرلەشكەن بولۇشلىرىغا قارىماي باشلىرىغا كەلگەن

ئىبىر مۇسىبەتلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ، مۇشۇ كاپىرلارنىڭمۇ باشلىرىغا كېلىدىغانلىقىغا دائىر بىر ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا خەلقنى پەيدا قىلدۇق. ئەبۇ ھەييانغا كۆرە، بۇ ئايەت، ئاسىيلىق قىلغان تەقدىردە تىگىشىغۇچىلارنىڭمۇ بۇرۇنقىلار قانداق ھالاك قىلىنغان بولسا شۇنداق ھالاك قىلىنىدىغانلىقىنى ئىما قىلىپ بەرمەكتە. 7. «(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتابنى نازىل قىلغان، كاپىرلار ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار، شەكسىزكى، بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر، دەيتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ غەرىزى ئەڭ روشەن دەلىل كەلگەندىمۇ ئىمان ئېيتماسلىق» ، يەنى ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتابنى نازىل قىلغان، ئۇلارمۇ ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا كۆرگەن ۋە بارلىق شەك - شۈبھىلىرىنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن ئۆز قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، سەركەشلىكلىرى ۋە كۇپرىلىقلىرى تۈپەيلىدىن چوقۇم، «بۇ پەقەت روشەن سېھىردىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەيتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ غەرىزى ئەڭ روشەن ئايەتلەر بىلەن ئەڭ يارقىن دەلىللەر كەلگەن تەقدىردىمۇ ئىمان ئېيتماسلىق. 8. «ئۇلار: <ئۇنىڭغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ) نېمىشقا بىر پەرىشتە چۈشمىدى؟> دەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق، ئۇلارنىڭ ئىشى تۈگىگەن بولاتتى (بۇ چاغدا ھەقنى ئىنكار قىلسا، ھالاك قىلىناتتى)، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيتتى» ، يەنى كاپىرلار: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل ئىكەنلىكى

ۋە پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ نېمىشقا بىر پەرىشتە چۈشمىدى؟» دەيدۇ. بۇ يەردىكى «لەۋلا» قوشۇمچىسى تەشۋىق قىلىش دېگەن مەنىدە كەلگەن. ئەبۇسسۇئۇدقا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئۇلار: <ئۇنىڭغا نېمىشقا بىز كۆرەلەيدىغان ۋە بىزگە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدىغان بىر پەرىشتە چۈشمىدى؟> دەيدۇ.» ھالبۇكى بۇ، ئۇلارنىڭ ھەر قېتىم چارىسىز قالغان ۋە باھانە كۆرسىتىشكە ھېچقانداق سەۋەب تاپالمىغان چاغلىرىدا ئىلگىرى سۈرىدىغان پەردازلىق خۇراپاتلار بىلەن ھەقىقەتكە ئوخشاش كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان باتىللاردۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق، ئۇلارمۇ ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا كۆرگەن تۇرۇقلۇق يەنە ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇلار چوقۇم ھالاك قىلىناتتى.[1] دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى مۇنداق جارى بولغان: كىمكى بىرەر مۆجىزە تەلەپ قىلسا ۋە شۇ مۆجىزە مەيدانغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى دەرھال ھالاك قىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلارغا ھېچ مۆھلەت بېرىلمەيدۇ ھەمدە جازالىرى كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. بۇ ئايەت، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنىڭ نېمىشقا قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلار بۇ تەكلىپلىرى ئارقىلىق بەئەينى ئۆز ئۆزىگە ئورا كولىغان كىشىگە ئوخشايدۇ. 9. «بىر پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە،

[1] بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئەگەر بىز بىرەر پەرىشتە نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئۇنى كۆرگەن چاغدا چوقۇم قورقۇنچتىن ھالاك بولغان بولاتتى. چۈنكى ئۇلار ئۇنى كۆرۈشكە تاقەت كەلتۈرەلمەيدۇ.» بۇ ئىبنى ئابباستىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن، قۇرتۇبىدىمۇ ھەم شۇنداق.

ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق، ئۇلارنى يەنە شۈبھىگە چۈشۈرەتتۇق (ئۇلار پەرىشتىنى ئىنسان شەكلىدە كۆرگەندە: <بۇ ئىنسان، ھەرگىز پەرىشتە ئەمەس> دەيتتى)» ، يەنى بىر پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق، چۈنكى ئۇلارنىڭ پەرىشتىنى ئۆز شەكلىدە كۆرەلىگۈدەك تاقىتى يوق. ئۇلارنى يەنە چوقۇم ھەم ئۆزلىرىنى ھەمدە ئۆزلىرىدىن ئاجىز بولغانلارنى چۈشۈرگەن شۈبھىگە چۈشۈرەتتۇق، چۈنكى ئۇلار پەرىشتىنى ئىنسان شەكلىدە كۆرگەن ھامان: «بۇ ئىنسان، ھەرگىز پەرىشتە ئەمەس» دەيتتى. ئىبنى ئابباس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي!) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇلارغا بىرەر پەرىشتە كەلگەن بولسىدى، چوقۇم ئىنسان شەكلىدە كەلگەن بولاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ نۇردىن يارىتىلغان پەرىشتىلەرنى ئۆز شەكلىدە كۆرۈشكە تاقىتى يەتمەيدۇ.» بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش يۈزىسىدىن مۇنداق دەيدۇ: 10. «سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر (كاپىرلار تەرىپىدىن) مەسخىرە قىلىندى، مەسخىرە قىلغۇچىلار مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆردى» ، يەنى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پۈتكۈل مىللەتلەر ئارىسىدىكى كاپىرلار ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى مەسخىرە قىلغاندى، پەيغەمبەرلەرنى مەسخىرە قىلغان بۇ كىشىلەر مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى كۆردى. بۇ خەۋەر كاپىرلار ئۈچۈن بىر تەھدىتتۇر. 11. «(ئى مۇھەممەد! بۇ مەسخىرە قىلغۇچىلارغا) ئېيتقىنكى، <زېمىندا سەير قىلىڭلار، ئاندىن پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ

قانداق بولغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈڭلار›» ــ ئى مۇھەممەد! بۇ مەسخىرە قىلغۇچىلارغا ئېيتقىنكى، «ئۆتكەنكى مىللەتلەردىن ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن يەر يۈزىدە سەير قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنى قانداق ھالاك قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئىبرەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن قانداق ئىبرەت قىلغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈڭلار.» 12. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ‹ئاسمانلار-دىكى، زېمىندىكى مەۋجۇداتلار كىمنىڭ؟› (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھنىڭ›، ئاللاھ (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، ھېچقانداق گۇمان بولمىغان قىيامەت كۈنى ئاللاھ سىلەرنى ئەلۋەتتە يىغىدۇ. (كۇپرىنى ئىختىيار قىلىش بىلەن) ئۆزىگە ئۆزى زىيان سالغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى كىمنىڭ؟ ئۇنى كىم ياراتتى؟ ئۇنىڭغا كىم ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ ۋە كىم ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ؟» بۇ سوئال كاپىرلارغا قارشى دەلىل كەلتۈرۈش ئۈچۈن سورالغان. دەرۋەقە، بۇ ئېغىزنى تۇۋاقلايدىغان سوئالدۇر. ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مۈلكىدۇر، ھالبۇكى كاپىرلار بۇنى مەجبۇرىي ھالدا قوبۇل قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى يا ئېتىراپ قىلىدۇ ياكى ئۆزلىرىگە بۇ ھەقتە دەلىل كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن قوبۇل قىلىدۇ.» ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇنىڭدىن مەقسەت ھەم ئۇلارنى ئىمانغا

دەۋەت قىلىش ھەمدە ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھقا قايتىشلىرى ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشتۇر. ھېچقانداق گۇمان بولمىغان قىيامەت كۈنى قىلمىشلىرىڭلارغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى قەبرىلىرىڭلاردىن تۇرغۇزۇپ يىغىدۇ. دۇنيادىكى چېغىدا كۇپرىلىق ۋە قەبىھ ئەمەللەرنى ئىختىيار قىلىشى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زىيان سالغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلارغا ئاخىرەتتە بىرەر نىزامىمۇ ئورنىتىلمايدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ جەھەننەم ۋە قاتتىق ئازابتىن باشقا ھېچقانداق ئۈلۈشى بولمايدۇ. 13. «كېچە ۋە كۈندۈزدە جىم تۇرغان (ياكى ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان) شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»، يەنى كېچە ۋە كۈندۈزدە جىم تۇرغان ياكى ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلكى، ئۇنىڭ بەندىلىرى ۋە مەخلۇقاتلىرىدۇر، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشى ۋە تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر. بۇ ئايەت، ئاللاھ تائالانىڭ پۈتكۈل شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 14. «(ئى مۇھەممەد!) بۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، <ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى ئاللاھ تائالادىن غەيرىنى مەبۇد تۇتامدىم؟ ئاللاھ رىزىق بېرىدۇ، ئۆزى رىزىققا موھتاج ئەمەس>. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <مەن (بۇ ئۈممەت ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچىلارنىڭ ئاۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم. (ماڭا دېيىلدىكى) سەن ھەرگىز مۇشرىكلاردىن بولمىغىن>»،

يەنى (ئى مۇھەممەد!) بۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ تائالادىن غەيرىنى مەبۇد تۇتامدىم؟» بۇ يەردىكى سوئال ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى ۋە مىسلىسىز ھالدا ياراتقۇچىدۇر. يەنە كېلىپ ئۇ ھەممىگە رىزىق ئاتا قىلىدۇ، ئۆزى رىزىققا موھتاج ئەمەس. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئاللاھ تائالا ئۆز مەخلۇقاتىغا قىلچىمۇ موھتاج بولماستىن رىزىق ئاتا قىلغۇچىدۇر.» ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، <پەرۋەردىگارىم مېنى بۇ ئۈممەت ئىچىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنغۇچىلارنىڭ ئاۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇدى>. ماڭا <سەن ھەرگىز ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن> دېيىلدى. زەمەخشەرىيگە كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «مەن مۇسۇلمان بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، مۇشرىك بولۇشۇم مەنئى قىلىندى.» 15. «(ئۇلارغا يەنە) ئېيتقىنكى، <ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام، بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىدىن ئەلۋەتتە قورقىمەن.>» يەنى، يەنە ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام ۋە ئۇنىڭدىن غەيرىگە ئىبادەت قىلسام، قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىدىن ئەلۋەتتە قورقىمەن.» 16. «مۇشۇ كۈندە كىمكى ئازابتىن قۇتۇلدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىدۇ، ئەنە شۇ روشەن نىجات تاپقانلىقتۇر.» يەنى، مۇشۇ كۈندە كىمكى ئازابتىن قۇتۇلدىكەن، ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىدۇ، ئەنە شۇ روشەن نىجات تاپقانلىقتۇر. 17. «ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىق ئاتا

قىلسا (ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر» ، يەنى ئى مۇھەممەد! ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۆلپەت يەتكۈزسە، يەنى سەن پېقىرلىق ۋە كېسەللىككە ئوخشاش بىرەر مۇشكۈلچىلىككە دۇچ كەلسەڭ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرىۋېتەلمەيدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا تەن سالامەتلىك ۋە پاراۋانلىققا ئوخشاش بىرەر ياخشىلىق ئاتا قىلسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ، شۇنداقلا ھېچكىم ئۇنى سەندىن توسۇپ قالالمايدۇ، چۈنكى ياخشىلىق يەتكۈزۈشكىمۇ ۋە يامانلىق يەتكۈزۈشكىمۇ پۈتۈنلەي كۈچى يېتىدىغان بىردىنبىر زات يېگانە ئاللاھ تائالادۇر. بۇ ھەقتە «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھدانىيىتىگە (يەككە - يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە) دەلىلدۇر. چۈنكى ياخشىلىق يەتكۈزگىچىمۇ، يامانلىق يەتكۈزگىچىمۇ يەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر. شۇنىڭدەك، بۇ ئايەتتىن كېيىنكى بايانلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ يەككە - يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ ۋە مۇشرىكلارغا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ.» 18. «ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» ، يەنى ئاللاھ ھەمىشە بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ۋە ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئاللاھ تائالا پۈتكۈل ئىشلاردا بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى، ھەممە ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا پۈختىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە بەندىلىرىنىڭ پۈتكۈل سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغۇچى زات بولۇپ،

پۈتكۈل مەخلۇقاتلار ئۇنىڭغا تىز چۆككۈچى، مۇشتۇمزورلار ئۇنىڭغا باش ئەگكۈچى ۋە ھەممە مەۋجۇدات مەڭگۈ ھايات ئاللاھ تائالاغا ئېگىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالاغا تەڭ كېلەلىگۈدەك بىرەر كۈچنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ تائالا پۈتكۈل ئىشلاردا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى - تاشقى ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.»

**ئىلاۋە:** قۇرئان كەرىمدە بەش سۈرە «جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر!» دەپ باشلىنىدۇ. بۇلار: فاتىھە سۈرىسى «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!» (2 - ئايەت)، ئەنئام سۈرىسى «جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر!» (1 - ئايەت)، كەھف سۈرىسى «جىمى ھەمدۇسانا بەندىسى (پەيغەمبىرى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.» (1 - ئايەت)، سەبەئ سۈرىسى «جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۆزىنىڭ مۈلكى بولغان ئاللاھقا خاستۇر!» (1 - ئايەت)، فاتىر سۈرىسى «پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى ئاللاھقا خاستۇر!» (1 - ئايەت).

قُلْ أَيُّ شَيْءٍ أَكْبَرُ شَهَٰدَةً ۖ قُلِ ٱللَّهُ ۖ شَهِيدٌۢ بَيْنِى وَبَيْنَكُمْ ۚ
وَأُوحِىَ إِلَىَّ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانُ لِأُنذِرَكُم بِهِۦ وَمَنۢ بَلَغَ ۚ أَئِنَّكُمْ
لَتَشْهَدُونَ أَنَّ مَعَ ٱللَّهِ ءَالِهَةً أُخْرَىٰ ۚ قُل لَّآ أَشْهَدُ ۚ قُلْ
إِنَّمَا هُوَ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ وَإِنَّنِى بَرِىٓءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ ﴿١٩﴾ ٱلَّذِينَ

ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يَعْرِفُونَهُۥ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَآءَهُمُ ٱلَّذِينَ
خَسِرُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ فَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٢٠﴾ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ
ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِهِۦٓ ۗ إِنَّهُۥ لَا يُفْلِحُ
ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢١﴾ وَيَوْمَ نَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ
أَشْرَكُوٓا۟ أَيْنَ شُرَكَآؤُكُمُ ٱلَّذِينَ كُنتُمْ تَزْعُمُونَ ﴿٢٢﴾ ثُمَّ لَمْ
تَكُن فِتْنَتُهُمْ إِلَّآ أَن قَالُوا۟ وَٱللَّهِ رَبِّنَا مَا كُنَّا مُشْرِكِينَ ﴿٢٣﴾
ٱنظُرْ كَيْفَ كَذَبُوا۟ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ ۚ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟
يَفْتَرُونَ ﴿٢٤﴾ وَمِنْهُم مَّن يَسْتَمِعُ إِلَيْكَ ۖ وَجَعَلْنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ
أَكِنَّةً أَن يَفْقَهُوهُ وَفِىٓ ءَاذَانِهِمْ وَقْرًا ۚ وَإِن يَرَوْا۟ كُلَّ ءَايَةٍ
لَّا يُؤْمِنُوا۟ بِهَا ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوكَ يُجَٰدِلُونَكَ يَقُولُ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوٓا۟ إِنْ هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٢٥﴾ وَهُمْ يَنْهَوْنَ عَنْهُ
وَيَنْـَٔوْنَ عَنْهُ ۖ وَإِن يُهْلِكُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ ﴿٢٦﴾
وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ وُقِفُوا۟ عَلَى ٱلنَّارِ فَقَالُوا۟ يَٰلَيْتَنَا نُرَدُّ وَلَا
نُكَذِّبَ بِـَٔايَٰتِ رَبِّنَا وَنَكُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٢٧﴾ بَلْ بَدَا
لَهُم مَّا كَانُوا۟ يُخْفُونَ مِن قَبْلُ ۖ وَلَوْ رُدُّوا۟ لَعَادُوا۟ لِمَا نُهُوا۟
عَنْهُ وَإِنَّهُمْ لَكَٰذِبُونَ ﴿٢٨﴾ وَقَالُوٓا۟ إِنْ هِىَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنْيَا
وَمَا نَحْنُ بِمَبْعُوثِينَ ﴿٢٩﴾ وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ وُقِفُوا۟ عَلَىٰ رَبِّهِمْ ۚ قَالَ
أَلَيْسَ هَٰذَا بِٱلْحَقِّ ۚ قَالُوا۟ بَلَىٰ وَرَبِّنَا ۚ قَالَ فَذُوقُوا۟ ٱلْعَذَابَ
بِمَا كُنتُمْ تَكْفُرُونَ ﴿٣٠﴾ قَدْ خَسِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِلِقَآءِ
ٱللَّهِ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَتْهُمُ ٱلسَّاعَةُ بَغْتَةً قَالُوا۟ يَٰحَسْرَتَنَا عَلَىٰ
مَا فَرَّطْنَا فِيهَا وَهُمْ يَحْمِلُونَ أَوْزَارَهُمْ عَلَىٰ ظُهُورِهِمْ ۚ أَلَا

سَآءَ مَا يَزِرُونَ ﴿٣١﴾ وَمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا لَعِبٌ وَلَهْوٌۖ
وَلَلدَّارُ ٱلْـَٔاخِرَةُ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ يَتَّقُونَۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٣٢﴾ قَدْ
نَعْلَمُ إِنَّهُۥ لَيَحْزُنُكَ ٱلَّذِى يَقُولُونَۖ فَإِنَّهُمْ لَا يُكَذِّبُونَكَ
وَلَٰكِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ يَجْحَدُونَ ﴿٣٣﴾ وَلَقَدْ كُذِّبَتْ
رُسُلٌ مِّن قَبْلِكَ فَصَبَرُوا۟ عَلَىٰ مَا كُذِّبُوا۟ وَأُوذُوا۟ حَتَّىٰٓ
أَتَىٰهُمْ نَصْرُنَاۚ وَلَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَٰتِ ٱللَّهِۚ وَلَقَدْ جَآءَكَ مِن
نَّبَإِى۟ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٣٤﴾ وَإِن كَانَ كَبُرَ عَلَيْكَ إِعْرَاضُهُمْ فَإِنِ
ٱسْتَطَعْتَ أَن تَبْتَغِىَ نَفَقًا فِى ٱلْأَرْضِ أَوْ سُلَّمًا فِى ٱلسَّمَآءِ
فَتَأْتِيَهُم بِـَٔايَةٍۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَمَعَهُمْ عَلَى ٱلْهُدَىٰۚ فَلَا
تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْجَٰهِلِينَ ﴿٣٥﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا بۇ مۇبارەك سۈرىنىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ بىرلىك ۋە قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان دەلىللەرنى كەلتۈرگەنىدى. بۇ يەردە بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئارقىدىنلا قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلغۇچىلار بىلەن ۋەھيىنى يالغانغا چىقارغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلار قىيامەت كۈنى چېكىدىغان ھەسرەت - نادامەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەككىنىڭ كاتتىباشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇھەممەد! پەيغەمبەرلىك توغرىسىدا ئېيتقانلىرىڭنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ھېچبىر گۇۋاھچىنى كۆرەلمەيۋاتىمىز. سەن توغرۇلۇق يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلاردىن

سورىدۇق، ئۇلار كىتابلىرىدا سېنىڭ مەيلى ئىسمىڭنىڭ، مەيلى سۈپىتىڭنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىشتى. شۇڭا دەۋا قىلغىنىڭدەك بولسا، سېنىڭ راستچىل بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان كىشىنى بىزگە كۆرسەتكىن» دېيىشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <(مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟> ئېيتقىنكى ، <ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر (ماڭا ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى كۇپايىدۇر)>». 2. ئىبنى ئاباسنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقاندا ئەبۇ سوفيان، ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ۋە نەزر ئىبنى ھارىس قاتارلىقلار ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرۇشتى. ئاندىن ئۇلار نەزردىن: «مۇھەممەد نېمە دەۋاتىدۇ؟» دەپ سوراشتى. نەزر: «مەن سىلەرگە ئۆتكەنكى مىللەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ئېيتىپ بەرگىنىمدەك، ئۇمۇ قەدىمكىلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ئاڭلىتىۋاتىدۇ» دېدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىچىدە (قۇرئان ئوقۇغان چېغىڭدا) ساڭا قۇلاق سالىدىغانلار بار، قۇرئاننى چۈشەنمەسلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق.» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. 3. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەخنەس ئىبنى شۇرەيق ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ ھەكەم! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مۇھەممەد راست گەپ قىلىۋاتامدۇ ياكى يالغان ئېيتىۋاتامدۇ؟ بۇنى ماڭا راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرگىن! قارا، يېنىمىزدا بىزدىن باشقا ھېچكىم يوق.» دېدى. ئەبۇ جەھىل: «ئاللاھ

بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مۇھەممەد راست گەپ قىلىۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ھېچقاچان يالغان ئېيتىپ باققان ئەمەس. بىراق، بەنى قۇسەي بايراقنى، ھەج قىلغۇچىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، بەيتۇللاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۇنى مۇداپىئە قىلىش ۋەزىپىسىنى، شۇنداقلا پەيغەمبەرلىكنى قولغا كىرگۈزۈۋالسا، باشقا قۇرەيشلىكلەرگە نېمە قالىدۇ؟» دېدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالا: «ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن سېنى ئاشكارا ئىنكار قىلىدۇ)» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

**تەپسىرى:** 19. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <(مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟> ئېيتقىنكى، <ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر (ماڭا ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى كۇپايىدۇر). بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى. (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھ بار دەپ چوقۇم گۇۋاھلىق بېرەمسىلەر؟> (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، <مەن (مۇنداق دەپ) گۇۋاھلىق بەرمەيمەن>. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <ئۇ ھەقىقەتەن بىر ئىلاھتۇر، سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلاردىن مەن ھەقىقەتەن ئادا - جۇدامەن>» ، يەنى (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، <(مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟> ئۇلارغا سەن ئۆزۈڭ جاۋاب بېرىپ، شۇنداق دېگىنكى، <ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر، ماڭا ئاللاھنىڭ

گۇۋاھلىقى كۇپايىدۇر›. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ‹ئۇلارغا قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟› دېگىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاب بېرىشسە نېمە دېگەن ياخشى، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر.›» ئى مەككە ئەھلى! بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە قىيامەتكىچە ئەرەبلەر ھەم باشقىلاردىن قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى. ئىبنى جۇزەيگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدىن مۇنداق ئۇقۇم چىقىدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ توغرىلىقىغا ئەڭ چوڭ گۇۋاھچى ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەقتىكى گۇۋاھلىقى ئۇنىڭ يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ توغرىلىقىنى بىلدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان مۆجىزىلەرنى نامايەن قىلماقتا. بۇ سوئال ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئى مۇشرىكلار! سىلەر ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلارمۇ بار، دەپ چوقۇم گۇۋاھلىق بېرەمسىلەر؟ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا دائىر روشەن دەلىل - ھۆججەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان تۇرسا، قانداقسىگە ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلارمۇ بار، دەپ گۇۋاھلىق بېرىسىلەر؟ ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەن ھەرگىزمۇ مۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرەلمەيمەن». ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا يەنە شۇنداق دېگىنكى، «مەن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ يەككە - يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا موھتاج

ئىكەنلىكىگە، بىراق ئۇنىڭ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەسلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. شەك - شۈبھىسىزكى، مەن سىلەر ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈۋاتقان بۇ بۇتلاردىن ئادا - جۇدامەن.»

بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ تولىمۇ سەركەش ۋە جاھىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 20. «بىز كىتاب بەرگەن كىشىلەر (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئۇنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) (تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى سۈپىتى بويىچە) خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغانىدەك تونۇيدۇ، ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زىيان سالغانلار (ئېنىق پاكىتلار تۇرسىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتمايدۇ»، يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن ئىبارەت بىز كىتاب بەرگەن كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى سۈپىتى بويىچە خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغانىدەك تونۇيدۇ. ھەتتا بۇ ھەقتە ئۇلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويغۇدەك بىرەر خۇسۇسمۇ ھەم يوق. بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئەھلى كىتابنىڭ ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇيدىغانلىقى ھەم ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ». ئەنە شۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زىيان سالغۇچىلاردۇر. چۈنكى ئۇلار روشەن دەلىللەرگە قارىماي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشمىدى. 21. «ئاللاھ تائالاغا يالغاننى چاپلىغان ياكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ زالىم ئادەملەر بارمۇ؟ زالىملار ھەقىقەتەن مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.» بۇ سوئال ھەم ئەيىبلەش ھەم كايىش ھەمدە بولۇشسىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، ئاللاھ تائالاغا قارشى يالغاننى چاپلىغان ياكى قۇرئان كەرىم ۋە

ئۇنىڭ روشەن مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى «سېھىر» دېگەنلەردىنمۇ زالىمراق ئادەم يوق. ئەبۇسسۇئۇدقا كۆرە، «ياكى» ئىبارىسى بوھتان چاپلاش ۋە روشەن ھەقىقەتنى يالغانغا چىقىرىشنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز ئېغىر زۇلۇم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇلار ھەر ئىككى خىل جىنايەتنى سادىر قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا «بار» دەپ جاكارلىغاننى يوق دېيىشكەن، ئاللاھ تائالا «يوق» دەپ بىلدۈرگەننى بار دېيىشكەن. «يەھۇدىيلار: <ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر> دېدى، ناسارالار: <مەسىھ (ئىيسا) ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر> دېدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزىدۇر، (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (مۇشرىكلارنىڭ: <پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىز-لىرىدۇر> دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، (ئاللاھنىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ) ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ) ئاللاھ تائالاغا يالغاننى چاپلايدۇ؟» بوھتان چاپلىغۇچىلار بىلەن ئوپئوچۇق ھەقىقەتنى يالغانغا چىقارغۇچىلار ئاشكارا زالىملار بولۇپ، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان كىشى ئەگەر يالغانچى بولسا، ئاللاھ تائالاغا قارشى بوھتان چاپلىغان بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنداق كىشىلەرنىڭ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. 22. «قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىمىز، ئاندىن مۇشرىكلارغا: <ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قەيەردە>؟ دەيمىز»، يەنى

ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىدىغان ھەمدە ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدا «ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن ئىلاھلىرىڭلار قەيەردە؟» دەپ سورايدىغان كۈننى خاتىرىلىگىن. بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردىكى سوئال ئەيىپلەشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردىكى «گۇمان قىلىسىلەر» پېئىلىنىڭ ئەسلىسى: «ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان مەبۇدلىرىڭلار زادى قەيەردە»؟ دېگەن بولىدۇ. بەيزاۋىغا كۆرە، بۇ يەردە پېئىلنىڭ تولدۇرغۇچىسى قىسقارتىلغان بولۇپ، ئەسلىسى مۇنداق: «بەلكى قىيامەت كۈنى پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان ئىلاھلىرىدىن ئايرىلىشلىرى ئۈچۈن، شۇ كۈندە ئىلاھلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا بىرەر توسۇق پەيدا بولۇپ قالار.» ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاندا كەلگەن «گۇمان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «زعم» پېئىلى ۋە ئۇنىڭ تۈرداشلىرىنىڭ ھەممىسى «يالغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 23. «ئاندىن ئۇلار پەقەت ئۆزرە ئېيتىپ (دۇنيادىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش يالغانغا ئىلتىجا قىلىپ): <پەرۋەردىگارىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق> دەيدۇ»، يەنى ئۇلار سوراققا تارتىلغان ۋە روشەن ھەقىقەتلەرنى كۆرگەن چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ جاۋابى پەقەت «ئەزىبرايى خۇدا! بىز شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدۇق» دېيىشتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. يەنى ئۇلار «ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز دۇنيادىكى چېغىمىزدا مۇشرىكلاردىن بولمىغان ئىدۇق» دەپ، دۇنيادىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاشلا يالغانغا ئىلتىجا قىلىپ، قەسەم قىلىشىدۇ. قۇرتۇبىغا كۆرە، مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ

مۆمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغانلىقى ۋە كەچۈرۈم قىلغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ گۇناھلاردىن ئۇزاق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن هامان، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئۇزاق ئىكەنلىكىنى ۋە مۇنداق بىر ئىشنى قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپ، قىلمىشلىرىغا تېنىۋالىدۇ. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، ئاللاھ تائالا سەممىي مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. مۇشرىكلار بۇنى كۆرگەن هامان: «كېلىڭلار، بىزمۇ ‹شەك - شۈبھىسىزكى، بىز گۇ-ناھكارلاردىن ئىدۇق، بىراق مۇشرىكلاردىن ئەمەستۇق› دەيلى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى پېچەتلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ، هەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ. 24. «ئۇلارنىڭ (بىز مۇشرىك بولمىغان دەپ) ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان سۆزلىگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ) بوهتان چاپلىغان بۇتلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ» ، يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ (بىز مۇشرىك بولمىغان دەپ) غەيبنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ هۇزۇرىدا ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان سۆزلىگەنلىكىگە قارىغىن. بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتقانلىقلىرىنىڭ تولىمۇ هەيران قالارلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ بوهتان چاپلىغان ئىلاھلىرى ۋە شاپائەت قىلىدۇ دەپ گۇمان قىلغان بۇتلىرى ئۇلاردىن قېچىپ يوقىلىدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ قۇرئان ئاڭلىغان چاغدىكى روھىي هالىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 25. «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىچىدە

(قۇرئـان ئوقۇغـان چېغىڭـدا) سـاڭا قـۇلاق سـالىدىغانلار بـار، قۇرئاننـى چۈشەنمەسـلىكلىرى ئۈچـۈن ئۇلارنـىڭ دىللىرىنـى پەردىلىـدۇق، قۇلاقلىرىنـى ئېغىـر قىلـدۇق. ئـۇلار ھەممـە مۆجىزىلەرنـى كۆرگـەن تەقدىردىمـۇ ئۇنىڭغـا ئىمـان ئېيتمايـدۇ. ھەتتـا كاپىـرلار سـېنىڭ يېنىڭغـا مۇنازىرىلىشـىپ كەلگەندىمـۇ: ‹بـۇ پەقـەت بۇرۇنقىلاردىـن قالغـان ئەپسانىلەردۇر› دەيـدۇ» ، يەنـى ئـى مۇھەممـەد! سـەن قۇرئان ئوقۇغـان چېغىڭـدا، ئۇلارنىڭ ئىچىـدە سـاڭا قـۇلاق سـالىدىغانلار بـار، قۇرئاننـى چۈشەنمەسـلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلارنـىڭ دىللىرىنى پەردىلىۋەتتۇق، ئاڭلىماسـلىقلىرى ئۈچـۈن قۇلاقلىرىنـى ئېغىر ۋە پـاك قىلىۋەتتۇق. ئىبنـى جەۋزەيگـە كـۆرە، بـۇ ئايەتنىـڭ تەپسـىرى مۇنـداق: ئـۇلار قۇرئاننـى ئاڭلىغـان چاغلىرىـدا ئاللاھ تائـالا ئۇلارنـىڭ قۇرئاننـى چۈشەنمەسـلىكلىرى ئۈچـۈن، قۇرئـان كەرىـم بىلـەن ئۇلارنـىڭ ئارىسـىغا پـەردە تارتىۋەتتـى. بۇنـى تېخىمـۇ ئۇرغۇلـۇق ھالـدا بايـان قىلىـش ئۈچـۈن، مەقسـەتنى «پـەردە» ۋە «قـۇلاق ئېغىر» دېگـەن ئىبارىلـەر ئارقىلىـق ئىپادىلـەپ بـەردى. ئـۇلار ھەممـە مۆجىزىلەرنـى ۋە بارلىـق روشـەن دەلىللەرنـى كۆرگـەن تەقدىردىمـۇ، ئادەتتىـن تاشـقىرى سـەركەش بولغانلىقلىـرى ئۈچـۈن ئۇنىڭغـا ئىمـان ئېيتمايـدۇ. چۈنكـى ئـۇلار تەكەببۇرلـۇق ۋە ئىنكارچىلىقتـا شـۇقەدەر ھەددىدىـن ئېشـىپ كېتىشـكەنكى، ھەتتـا ئـۇلار سـېنىڭ يېنىڭغـا مۇنازىرىلىشـىپ كەلگەندىمـۇ، قۇرئـان كەرىـم توغرۇلـۇق: «بـۇ پەقـەت بۇرۇنقىلارنىـڭ ئەپسـانىلىرى ۋە خۇراپاتلىرىدىـن باشـقا نەرسـە ئەمـەس» دېيىشـىدۇ. 26. «ئـۇلار كىشـىلەرنى قۇرئاندىـن (ۋە مۇھەممـەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشـتىن) توسـىدۇ، ئۆزلىرىمـۇ ئۇنىڭدىـن يىـراق قاچىـدۇ، ئـۇلار پەقـەت ئۆزلىرىنىلا ھـالاك قىلىـدۇ،

ھالبۇكى، ئۇلار (بۇنى) تۇيمايدۇ». يەنى، ھەقىقەتنى يالغانغا چىقارغۇچى مۇشرىكلار كىشىلەرنى قۇرئاندىن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن ۋاز كەچتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ، ئۇلار بۇ خىل قىلمىشلىرى ئارقىلىق پەقەت ئۆزلىرىنىلا ھالاك قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار بۇنى قىلچە ھېس قىلمايدۇ. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، ئۇلار بۇ ئىككى خىل جىنايەتنى بىرلا ۋاقىتتا سادىر قىلىشتى. ئۆزلىرى قۇرئان كەرىمدىن پايدىلىنالمىغىنىدەك، باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىغىمۇ يول قويۇشمايدۇ. بۇنىڭ ۋابالى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ، بىراق ئۇلار بۇنى ھازىر قىلچە ئاڭقىرىپ كېتەلمەيدۇ. 27. «ئەگەر ئۇلارنى دوزاخ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (دەھشەتلىك بىر ھالىنى كۆرەتتىڭ). ئۇلار: <كاشكى، دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق> دەيدۇ»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن ئاشۇ مۇشرىكلارنى دوزاخ ئۈستىدە توختىتىپ قويۇلغان چاغدا بىر كۆرسەڭ، تولىمۇ دەھشەتلىك بىر ھالىنى كۆرگەن بولاتتىڭ، ئەلۋەتتە. بۇ شۇنداق بىر ھالكى، ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ دەھشەتلىكىدىن قۇندۇزدەك چاچلار ھەش - پەش دېگۈچە قاردەك ئاقىرىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە، بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردە «لەۋ» قوشۇمچىسىنىڭ جاۋابى قىسقارتىلغان بولۇپ، ئەسلىسى مۇنداق: «ئەلۋەتتە، تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر ھالىنى كۆرگەن بولاتتىڭ». دېمەك، تىڭشىغۇچى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، «لەۋ» قوشۇمچىسى قىسقارتىلغان. دەل شۇ چاغدا ئۇلار: «كاشكى،

دۇنياغا قايتۇرۇلغان بولساق ۋە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمىغانلاردىن، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلاردىن بولغان بولساق» دېيىشىپ، دۇنياغا قايتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقارمايدىغان مۆمىنلەردىن بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئۇلار: «كاشكى، دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دەيدۇ. ئۇلار ئەمەللىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە نۇقسانلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن دۇنياغا قايتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 28. «ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يوشۇرغان ئىشلىرى (قەبىھ قىلمىشلىرى تۆپەيلىدىن شۇنداق ئارزۇ قىلىشىدۇ) ئۇلارغا ئاشكارا بولدى، ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئىمان ئېيتتۇق دېگەن ۋەدىسىدە) يالغانچىلاردۇر»، يەنى ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يوشۇرغان ئىشلىرى ۋە قەبىھ قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىلدى، شۇڭا، ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىشىدۇ. بىراق ئۆلگەندىن كېيىن دۇنياغا قايتىش يوق. ئۇلارنى دۇنياغا قايتۇرۇلدىمۇ دەيلى، ئۇلار چوقۇم ئىنكارچىلىق ۋە ئازغۇنلۇقتىن ئىبارەت بۇرۇنقى ئادىتىگە قايتىۋالىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئىمان ئېيتىدىغانلىقىغا دائىر بەرگەن ۋەدىسىدە يالغانچىلاردۇر. 29. «ئۇلار: <ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلمەيمىز> دەيدۇ»، يەنى ئەنە شۇ گۇناھكار كاپىرلار: «ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى

ھاياتىدىلا ئىبارەت، خالاس. ئۆلگەندىن كېيىن نە تەكرار تىرىلىش، نە قەبرىدىن تۇرۇپ مەھشەرگاھقا يىغىلىش يوق» دەيدۇ. 30. «ئەگەر ئۇلارنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (غايەت چوڭ ئىشنى كۆرىسەن). ئاللاھ ئۇلارغا: ‹بۇ (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) راست ئەمەسمىكەن؟› دېگەندە، ئۇلار: ‹پەرۋەردىگارىمىز بىلەن قەسەمكى، راست ئىكەن› دەيدۇ. ئاللاھ: «كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار› دەيدۇ» ، يەنى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان قۇلنىڭ جازالىنىشى ئۈچۈن خوجايىنىنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ قويۇلغىنىدەك، ئۇلارنىڭمۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ھېساب بېرىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇپ قويۇلغانلىقىنى بىر كۆرسەڭ، تولىمۇ دەھشەتلىك بىر مەنزىرىنى كۆرگەن بولاتتىڭ. شۇ چاغدىكى مەنزىرىنىڭ دەھشەتلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، «لەۋ» قوشۇمچىسىنىڭ جاۋابى قىسقارتىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: «ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش راست ئەمەسمىكەن؟» دەيدۇ. بۇ يەردىكى سوراق قوشۇمچىسى «أ» ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى يالغانغا چىقىرىشلىرىنى ئەيىپلەش ئۈچۈندۇر. ئۇلار: «شۇنداق، پەرۋەردىگارىمىز بىلەن قەسەمكى، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ھەقىقەتەن راست ئىكەن» دەيدۇ. ئاللاھ: «ئۇنداقتا، دۇنيادىكى چېغىڭلاردا ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغانلىقىڭلار ئۈچۈن، ئەمدى ئازابنىڭ تەمىنى تېتىڭلار» دەيدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئاشۇ كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 31. «ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولۇشنى (قايتا تىرىلىشنى) ئىنكار

قىلغانلار ھەقىقەتەن زىيان تارتتى. قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەن چاغدا، ئۇلار: <ئۇ دۇنيادىكى بىپەرۋالىقىمىزدىن نادامەت> دەيدۇ. گۇناھلىرىنى ئۈستىلىرىگە يۈكلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ (گۇناھلارنى) يۈكلىگىنى نېمىدېگەن يامان!» يەنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغانلار ھەقىقەتەن چوڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر. نىھايەت، قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «دۇنيادىكى چېغىمىزدا بىپەرۋالىق قىلىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلمىغانلىقىمىز ۋە ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ھالىمىزغا ۋاي» دەيدۇ. بۇ ھەقتە، قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش سۈرئىتى خۇددى سائەتكە ئوخشاشلا تېز بولغانلىقتىن، قىيامەت «سائەت» دەپ ئاتالغان. ئەنە شۇلار گۇناھلىرىنى ئۈستىلىرىگە يۈكلىۋالغان ھالدا شۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىدۇ. بۇ ھەقتە بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: بۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ يۈكلىرىنى توشۇشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر مىسال. ئادەتتە ئېغىر يۈكلەر دۈمبىدە توشۇلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا بۇ يەردە «دۈمبىلىرىدە» دېگەن ئىبارىنى كەلتۈرگەن. ئىبنى جۈزەيگە كۆرە، بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى زىممىلىرىگە يۈكلىۋالغانلىقىغا كىنايىدۇر. ئۇلار گۇناھلىرىنى راستىنلا زىممىلىرىگە يۈكلىۋالغان، دېگۈچىلەرمۇ بار، ئەلۋەتتە. رىۋايەت قىلىنىشىچە، كاپىرنىڭ ئەمەلى ئەڭ بەتبەشىرە بىر شەكىلدە ئۆز ئىگىسىگە كۆرۈنۈپ قويۇپ شىللىسىگە مىنىۋالىدۇ. مۆمىننىڭ ئەمەلى بولسا ئەڭ چىرايلىق شەكىلگە كىرىدۇ - دە، مۆمىن ئۇنىڭغا مىنىۋالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زىممىلىرىگە يۈكلىۋالغان گۇناھ نېمىدېگەن يامان! 32. «دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن،

غەپلەتتىنلا ئىبارەت، تەقۋادارلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇ دۇنيا ياخشىدۇر، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟» ، يەنى دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ۋە غەپلەتتىنلا ئىبارەت، خالاس. ئاللاھ تائالانىڭ تەقۋادار بەندىلىرى ئۈچۈن بۇ پانىي دۇنيادىن ئاخىرەت ئەلۋەتتە تېخىمۇ ياخشىدۇر. چۈنكى ئاخىرەت يۇرتى مەڭگۈلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك - تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلىرى دائىملىقتۇر، تەقۋادارلارنىڭ شاد - خۇراملىقىمۇ مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدۇ. ئاخىرەت يۇرتىنىڭ بۇ دۇنياغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمسىلەر؟ بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا قەۋمى تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلغان پەيغەمبىرىگە تەسەللىي بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:
33. «ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)، (ھەقىقەتتە) زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ» ، يەنى ئۇلارنىڭ سېنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىنى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ سېنى قايغۇغا سالغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ساڭا تۇتقان پوزىتسىيىلىرىنىڭ سېنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرغانلىقىنى بىز ناھايىتى ئوبدان بىلىمىز. بۇ ھەقتە، ھەسەنۇلبەسرى مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «سېھىرگەر» ، «شائىر» ، «پالچى» ۋە «ساراڭ» دەپ ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈشەتتى. ئى مۇھەممەد! ئۇلار سېنى ئىچىدە ئىنكار قىلمايدۇ، سېنىڭ راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىدۇ، لېكىن ئۇلار تەرسالىقىدىن سېنى ئىنكار قىلىدۇ، شۇڭا، ئۇلارنىڭ سېنى يالغانغا چىقىرىپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن قايغۇرمىغىن. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

«ئەمىن (راستچىل)» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقاچان يالغان ئېيتىپ باقمىغانلىقى ئۇلارغا بەش قولدەك ئايان ئىدى، بىراق تەرسالىقىدىن يەنىلا ئۇنى ئىنكار قىلىشاتتى. جۈملىدىن ئەبۇ جەھىل مۇنداق دەيتتى: «ئى مۇھەممەد! بىز سېنى <يالغانچى> دېمەكچى ئەمەسمىز. بىزگە نىسبەتەن سەن راستچىل ئىنسانسەن. بىراق بىز سېنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەنلىرىڭنى يالغانغا چىقىرىمىز.» دېمەك، ھەقىقەتتە زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. 34. «سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىنىدى. ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ھەر قانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ساڭا نازىل بولدى»، يەنى ئى مۇھەممەد! سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىنغانىدى. ئۇلار ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە تاكى ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى يېتىپ كەلگەنگە قەدەر چىرايلىقچە سەۋر - تاقەت قىلىشتى. بۇ مۇبارەك ئايەتتە، سەۋر - تاقەتلىك بولۇش تەۋسىيە قىلىنغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زەپەر ۋەدە قىلىنغان. ئى مۇھەممەد! ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر سەۋر - تاقەت قىلىش ئارقىلىق ئاخىر بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ھەر قانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، سۆزلەردىن مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىلىرىدۇر. بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان

پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر قىسىم خەۋەرلىرى، ئۇلارنى قانداق قۇتۇلدۇرغانلىقىمىز ۋە قەۋملىرىگە قارشى ئۇلارغا قانداق ياردەم قىلغانلىقىمىزغا دائىر مەلۇماتلار ۋەھيى ئارقىلىق ساڭا بىلدۈرۈلدى. سەن بۇلار ئارقىلىق ھەم ئۆز - ئۆزۈڭگە تەسەللى بەرگىن ھەم قايغۇرمىغىن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرگە قانداق ياردەم قىلغان بولسا، ساڭىمۇ شۇنداق ياردەم قىلىدۇ. 35. «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ بىر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ (كەلتۈرگىن)، ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرەتتى، سەن ھەرگىز (ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدىغانلاردىن بولمىغىن»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ بىرەر مۆجىزە كەلتۈرۈشكە قۇربىڭ يەتسە كەلتۈرگىن، ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ھىدايەت تېپىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويغان بولاتتى. ئى مۇھەممەد! سەن ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى ۋە مەڭگۈلۈك ئىرادىسىنى چۈشەنمەيدىغان جاھىللاردىن بولمىغىن.

**ئەسكەرتىش:** فەخرىددىن رازىغا كۆرە، «ئەگەر ئۇلارنى دوزاخ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (دەھشەتلىك بىر ھالىنى كۆرەتتىڭ).» دېگەن ئايەتتە، ۋەقەنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى چوڭلۇقى ۋە شەنىنىڭ تولىمۇ بۈيۈكلۈكىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، «لەۋ» شەرت قوشۇمچىسىنىڭ جاۋابى قىسقارتىلغان.

قۇرئان كەرىمدە ۋە شېئىردا بۇنداق ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ كۆزگە چېلىقىدۇ. مەنە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق يەرلەردە جاۋابنىڭ قىسقارتىلىشى، قىسقارتىلمىغانغا كەلتۈرۈلۈشكە قارىغاندا مەقسەتنى تېخىمۇ ئۈرغۇلۇق ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن بولىدۇ. مەسىلەن: سەن چاكىرىڭغا: «ئەزىبرايى خۇدا! ئەدىپىڭنى بىر بېرىپ قويمىسام...» دەپ بولۇپ، نېمە قىلىدىغانلىقىڭنى دېمەي سۈكۈت قىلساڭ، چاكىرىڭنىڭ ئەقلىگە تاياق يېيىش، ئۆلۈم جازاسى ياكى بىرەر ئەزاسىنىڭ چېقىۋېتىلىشى قاتارلىق خىلمۇخىل جازالاش ۋاستىلىرى كېلىدۇ - دە تېخىمۇ كۆپ قورقىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇنداق جازالاش ۋاستىلىرىنىڭ قايسىسىنى ئىشقا سالىدىغانلىقىڭنى بىلمەيدۇ. ئەگەر سەن «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېنى چوقۇم ئۇرىمەن» دەپ شەرتنىڭ جاۋابىنى (يەنە نېمە قىلىدىغانلىقىڭنى) ئېيتساڭ، چاكىرىڭ سېنىڭ ئۇنىڭغا ئۇرۇشتىن باشقا جازا بەرمەيدىغانلىقىڭنى بىلىۋالىدۇ. دېمەك، شەرتنىڭ جاۋابىنى قىسقارتىش، قورقۇتۇش ئۈچۈن تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ۋاستىدۇر.

إِنَّمَا يَسْتَجِيبُ ٱلَّذِينَ يَسْمَعُونَ ۘ وَٱلْمَوْتَىٰ يَبْعَثُهُمُ ٱللَّهُ ثُمَّ إِلَيْهِ يُرْجَعُونَ ﴿٣٦﴾ وَقَالُوا۟ لَوْلَا نُزِّلَ عَلَيْهِ ءَايَةٌ مِّن رَّبِّهِۦ ۚ قُلْ إِنَّ ٱللَّهَ قَادِرٌ عَلَىٰٓ أَن يُنَزِّلَ ءَايَةً وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٧﴾ وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا طَٰٓئِرٍ يَطِيرُ بِجَنَاحَيْهِ إِلَّآ أُمَمٌ أَمْثَالُكُم ۚ مَّا فَرَّطْنَا فِى ٱلْكِتَٰبِ مِن شَىْءٍ ۚ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِمْ يُحْشَرُونَ ﴿٣٨﴾ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا

صُمّٞ وَبُكۡمٞ فِي ٱلظُّلُمَٰتِۗ مَن يَشَإِ ٱللَّهُ يُضۡلِلۡهُ وَمَن
يَشَأۡ يَجۡعَلۡهُ عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ٣٩ قُلۡ أَرَءَيۡتَكُمۡ إِنۡ
أَتَىٰكُمۡ عَذَابُ ٱللَّهِ أَوۡ أَتَتۡكُمُ ٱلسَّاعَةُ أَغَيۡرَ ٱللَّهِ تَدۡعُونَ
إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ٤٠ بَلۡ إِيَّاهُ تَدۡعُونَ فَيَكۡشِفُ مَا
تَدۡعُونَ إِلَيۡهِ إِن شَآءَ وَتَنسَوۡنَ مَا تُشۡرِكُونَ ٤١ وَلَقَدۡ
أَرۡسَلۡنَآ إِلَىٰٓ أُمَمٖ مِّن قَبۡلِكَ فَأَخَذۡنَٰهُم بِٱلۡبَأۡسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ
لَعَلَّهُمۡ يَتَضَرَّعُونَ ٤٢ فَلَوۡلَآ إِذۡ جَآءَهُم بَأۡسُنَا تَضَرَّعُواْ
وَلَٰكِن قَسَتۡ قُلُوبُهُمۡ وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ مَا كَانُواْ
يَعۡمَلُونَ ٤٣ فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِۦ فَتَحۡنَا عَلَيۡهِمۡ
أَبۡوَٰبَ كُلِّ شَيۡءٍ حَتَّىٰٓ إِذَا فَرِحُواْ بِمَآ أُوتُوٓاْ أَخَذۡنَٰهُم بَغۡتَةٗ
فَإِذَا هُم مُّبۡلِسُونَ ٤٤ فَقُطِعَ دَابِرُ ٱلۡقَوۡمِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْۚ
وَٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٤٥ قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِنۡ أَخَذَ ٱللَّهُ
سَمۡعَكُمۡ وَأَبۡصَٰرَكُمۡ وَخَتَمَ عَلَىٰ قُلُوبِكُم مَّنۡ إِلَٰهٌ غَيۡرُ
ٱللَّهِ يَأۡتِيكُم بِهِۗ ٱنظُرۡ كَيۡفَ نُصَرِّفُ ٱلۡأٓيَٰتِ ثُمَّ هُمۡ
يَصۡدِفُونَ ٤٦ قُلۡ أَرَءَيۡتَكُمۡ إِنۡ أَتَىٰكُمۡ عَذَابُ ٱللَّهِ بَغۡتَةً
أَوۡ جَهۡرَةً هَلۡ يُهۡلَكُ إِلَّا ٱلۡقَوۡمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ٤٧ وَمَا نُرۡسِلُ
ٱلۡمُرۡسَلِينَ إِلَّا مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَۖ فَمَنۡ ءَامَنَ وَأَصۡلَحَ
فَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ٤٨ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ
بِـَٔايَٰتِنَا يَمَسُّهُمُ ٱلۡعَذَابُ بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ٤٩ قُل لَّآ
أَقُولُ لَكُمۡ عِندِي خَزَآئِنُ ٱللَّهِ وَلَآ أَعۡلَمُ ٱلۡغَيۡبَ وَلَآ
أَقُولُ لَكُمۡ إِنِّي مَلَكٌۖ إِنۡ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَىٰٓ إِلَيَّۚ قُلۡ هَلۡ

يَسۡتَوِي ٱلۡأَعۡمَىٰ وَٱلۡبَصِيرُۚ أَفَلَا تَتَفَكَّرُونَ ﴿٥٠﴾ وَأَنذِرۡ بِهِ
ٱلَّذِينَ يَخَافُونَ أَن يُحۡشَرُوٓاْ إِلَىٰ رَبِّهِمۡ لَيۡسَ لَهُم مِّن دُونِهِۦ
وَلِيّٞ وَلَا شَفِيعٞ لَّعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ ﴿٥١﴾ وَلَا تَطۡرُدِ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ
رَبَّهُم بِٱلۡغَدَوٰةِ وَٱلۡعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجۡهَهُۥۖ مَا عَلَيۡكَ
مِنۡ حِسَابِهِم مِّن شَيۡءٖ وَمَا مِنۡ حِسَابِكَ عَلَيۡهِم مِّن
شَيۡءٖ فَتَطۡرُدَهُمۡ فَتَكُونَ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٢﴾ وَكَذَٰلِكَ فَتَنَّا
بَعۡضَهُم بِبَعۡضٖ لِّيَقُولُوٓاْ أَهَٰٓؤُلَآءِ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم مِّنۢ
بَيۡنِنَآۗ أَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِأَعۡلَمَ بِٱلشَّٰكِرِينَ ﴿٥٣﴾ وَإِذَا جَآءَكَ ٱلَّذِينَ
يُؤۡمِنُونَ بِـَٔايَٰتِنَا فَقُلۡ سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡۖ كَتَبَ رَبُّكُمۡ عَلَىٰ
نَفۡسِهِ ٱلرَّحۡمَةَ أَنَّهُۥ مَنۡ عَمِلَ مِنكُمۡ سُوٓءَۢا بِجَهَٰلَةٖ ثُمَّ
تَابَ مِنۢ بَعۡدِهِۦ وَأَصۡلَحَ فَأَنَّهُۥ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٥٤﴾ وَكَذَٰلِكَ
نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ وَلِتَسۡتَبِينَ سَبِيلُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٥٥﴾ قُلۡ إِنِّي
نُهِيتُ أَنۡ أَعۡبُدَ ٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِۚ قُل لَّآ أَتَّبِعُ
أَهۡوَآءَكُمۡ قَدۡ ضَلَلۡتُ إِذٗا وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُهۡتَدِينَ ﴿٥٦﴾
قُلۡ إِنِّي عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَكَذَّبۡتُم بِهِۦۚ مَا عِندِي مَا
تَسۡتَعۡجِلُونَ بِهِۦٓۚ إِنِ ٱلۡحُكۡمُ إِلَّا لِلَّهِۖ يَقُصُّ ٱلۡحَقَّۖ وَهُوَ
خَيۡرُ ٱلۡفَٰصِلِينَ ﴿٥٧﴾ قُل لَّوۡ أَنَّ عِندِي مَا تَسۡتَعۡجِلُونَ بِهِۦ
لَقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ بَيۡنِي وَبَيۡنَكُمۡۗ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٨﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە، مۇشرىكلارنىڭ قۇرئان كەرىمدىن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشتىن يۈز

ئۆرۈگەنلىكىنى بايان قىلغانىدى. بۇ يەردىكى ئايەتلەردىمۇ ئاللاھ تائالا بۇنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سەۋەب شۇكى، قۇرئان كەرىم نۇر ۋە شىپا بولۇپ، مۆمىنلەر ئۇ ئارقىلىق توغرا يول تاپالايدۇ. كاپىرلار بولسا نە ئاڭلىيالمايدىغان، نە گەپ قىلالمايدىغان ئۆلۈك ئادەملەرگىلا ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ بىر قىسىم مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كاللىسى ئىشلىمەيدىغان گاس ۋە گاچىلارغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلەيدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى مەسئۇدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، قۇرەيش كاتتىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىرىدا، ئۇنىڭ يېنىدا سۇھەيب، خەبباب، بىلال، ئەممار ۋە باشقا ئاجىز مۇسۇلمانلار بار ئىدى. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ: «ئى مۇھەممەد! سەن قەۋمىڭنىڭ ئورنىغا مۇشۇلارنى تاللىۋالدىڭمۇ؟ بىز تېخى مۇشۇ ئادەملەرگە ئەگەشمەكچىمۇ؟ ئاللاھ تائالا ئېھسان قىلغان ئادەملەر مۇشۇمۇ؟ ئۇلارنى يېنىڭدىن قوغلىۋەتكىن، ئەگەر سەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، بەلكى بىز ساڭا ئەگىشىشىمىز مۇمكىن» دېيىشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالا: «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن!» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

**تەپسىرى:** 36. «(سۆزۈڭگە) ھەقىقىي قۇلاق سالىدىغانلار (سېنىڭ دەۋىتىڭنى) قوبۇل قىلىدۇ (سۆزۈڭگە قۇلاق سالمىغانلار ئۆلۈكلەرنىڭ ئورنىدا)، ئۆلۈكلەرنى ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ»،

يەنى سۆزلۈگگە ھەقىقىي ۋە سەممىي رەۋىشتە قۇلاق سالىدىغانلار سىنىڭ دەۋىتىڭنى چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ. ئالدىنقى جۈملە بۇ يەردە تاماملىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن جۈملە يېڭى جۈملىدۇر. ئۆلۈكلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنى تىرىلدۈرىدۇ. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، ئۆلۈكلەردىن مەقسەت كاپىرلاردۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ئۆلۈكتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن ئۆلۈكلەرگە ئوخشاتقان بولۇپ، بۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئەيىبلەش بابىدىندۇر. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: كاپىرلارغا كەلسەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆلۈكلەر بىلەن بىرلىكتە تىرىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنداق دېيىش ئارقىلىق، ئۇلارنى نە ھېچقانداق بىر ئاۋازنى ئاڭلىيالمايدىغان، نە ھېچقانداق بىر نىدانى ئاڭقىرالمايدىغان، نە ھېچقانداق بىر گەپنى چۈشەنمەيدىغان ئۆلۈكلەر بىلەن بىر قاتاردا زىكىر قىلغان. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرى ھەققىدە پىكىر - تەپەككۇر قىلالمايدۇ ھەم ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئىبرەت ۋە ۋەز - نەسىھەت ئېلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقىرىشتىن ۋاز كېچەلمەيدۇ. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ نامە - ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. 37. «ئۇلار (مەككە كاپىرلىرى): <نېمىشقا مۇھەممەدكە پەرۋەردىگارىدىن بىر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟> دەيدۇ، ئېيتقىنكى، <ئاللاھ مۆجىزە چۈشۈرۈشكە ھەقىقەتەن قادىر>. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (مۆجىزە نازىل بولۇپ ئىمان ئېيتمىسا بالاغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ»، يەنى ئۇلار (مەككە كاپىرلىرى): «نېمىشقا مۇھەممەدكە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭ

راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان چىشى تۆگە، ھاسا ۋە ئۈستىدە تاماق بار داستىخانغا ئوخشاش بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟» دېيىشىدۇ. بۇ ھەقتە، قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: بىرەر سۈرىنى بولسىمۇ مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن مۇشرىكلارغا قۇرئان كەرىم ھەققىدە ھۆججەت ۋە دەلىل - ئىسپاتلار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار سەركەشلىكىدىن ئەنە شۇنداق دەيتتى. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ئۇلار تەلەپ قىلىشقان مۆجىزىلەرنى چۈشۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر». لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى ئەنە شۇ (ئۆزلىرى تەلەپ قىلىشقان) مۆجىزىلەر نازىل بولۇپ ئىمان ئېيتمىسا، بالا ۋە مۇسىبەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە ئاساسەن بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈپ، ئۇلار ئىمان ئېيتمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى دەرھال جازالايدۇ. دەرۋەقە، ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى مىللەتلەرگىمۇ شۇنداق قىلغان. 38. «مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر (ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر). لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (ھەممىنى تولۇق پۈتتۇق)، كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ)»، يەنى مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋانلار بولسۇن، مەيلى كۆكتە ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇشلار بولسۇن، ھەممىسى پەقەت سىلەرگە ئوخشاشلا ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ياراتتى، ئۇلارنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقلىرىنى، رىزىقلىرىنى ۋە

قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقلىرىنى تەقدىر قىلدى (ئالدىنئالا بېكىتىۋەتتى). بەيزاۋىغا كۆرە، بۇ بايانلاردىن مەقسەت، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ مىسلىسىز، ئىلمى ۋە تەدبىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەرقانداق بىر مۆجىزىنى كۆرسىتىشكە تولۇق قادىر ئىكەنلىكىنىڭ روشەن نامايەندىسىدۇر. دىن بارىسىدا ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى قۇرئان كەرىمدە تولۇق بايان قىلدۇق، ئۇلار كۈندىلىك ھاياتىدا دۇچ كېلىدىغان بىرەر مەسىلىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمىدۇق ھەم ئۇلاردىن غاپىل بولۇپ قالمىدۇق. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئايەتتە بايان قىلىنغان «كىتاب» ئىبارىسىدىن مەقسەت «لەۋھۇلمەھپۇز»دۇر. بۇ قاراشقا كۆرە، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: «لەۋھۇلمەھپۇزدا ھەممىنى تولۇق پۈتتۇق، ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق.»[1] نىھايەت ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. زەمەخشەرىيگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: ھايۋانلار بىلەن قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ زىممىسىدىكى ھەقلىرىنى ئۆز ئىگىسىگە ئېلىپ بېرىدۇ. دەرۋەقە، ھەدىستىمۇ مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ تائالا مۈڭگۈزسىز قوينىڭ ھەققىنى مۈڭگۈزلۈك قويدىن ئېلىپ بېرىدۇ». 39. «بىزنىڭ

[1] بۇ تەبەرىي، زەمەخشەرىي ۋە جەلالەيننىڭ قارىشىدۇر. ئەبۇ ھەييان بولسا «بەھرۇلمۇھىت» ناملىق تەپسىرىدە، ئايەتتە كەلگەن «كىتاب» ئىبارىسىدىن قۇرئان كەرىم مەقسەت قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: چۈنكى ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئۇقۇمى مۇشۇنداق بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىبنى ئەتىيەنىڭ قارىشىمۇ مۇشۇنداق.

ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار گاسلاردۇر (قوبۇل قىلىش يۈزىسىدىن ئاڭلىمايدۇ)، گاچىلاردۇر (ھەقنى سۆزلىمەيدۇ). ئۇلار (كۇپرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە قالغانلاردۇر، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا سالىدۇ» ، يەنى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار گاسلار بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرىنى (ئايەتلىرىنى) قوبۇل قىلىش تەرىقىسىدە ئاڭلىمايدۇ؛ گاچىلار بولۇپ، ھەقنى سۆزلىمەيدۇ. ئۇلار كۇپرىنىڭ زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە تېڭىرقاپ قالغانلاردۇر. بۇ ھەقتە، ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ شۇنداق بىر مىسالدۇركى، بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى جاھىللىقى، نادانلىقى، بىلىمسىزلىكى ۋە ئاڭسىزلىقى گويا قولنىڭ ئۇچىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان، نە ئاڭلىيالمايدىغان، نە گەپ قىلالمايدىغان گاس - گاچىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىتىلغان. بۇنداق كىشىلەر قانداقمۇ چىقىش يولى تاپالىسۇن؟ قانداقمۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ توغرا يول تاپالىسۇن؟ ئاللاھ ئازدۇرماقچى بولغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلماقچى ۋە توغرا يولغا سالماقچى بولغان ئادەمگە ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، شۇنداقلا مۇسۇلمان بولۇشقا نېسىپ قىلىدۇ. 40. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار ئېيتىپ بېقىڭلار، ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى ياكى قىيامەت كەلسە، ئاللاھ تائالادىن باشقىغا ئىلتىجا قىلامسىلەر؟» ، يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار ئېيتىپ بېقىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكى مىللەتلەرگە ئوخشاشلا سىلەرگىمۇ ئاللاھنىڭ ئازابى كەلسە، ياكى بىردىنلا قىيامەت

قايىم بولسا، ئاللاھ تائالادىن باشقا كىمگە ئىلتىجا قىلىسىلەر؟» بۇ سوئال تولىمۇ ھەيران قالغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. «شۇ چاغدا، سىلەردىن بالايىئاپەتنى دەپئى قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن غەيرىيگە ئىلتىجا قىلامسىلەر؟ ئەگەر سىلەر بۇلارنىڭ سىلەرگە پايدا يەتكۈزىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلار، زادى قايسىسىغا ئىلتىجا قىلىسىلەر؟ ئاللاھ تائالاغىمۇ؟ ياكى بۇلارغىمۇ؟» 41. «ئۇنداق ئەمەس، سىلەر پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىسىلەر، ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەر ئاللاھنىڭ كۆتۈرۈۋېتىشىنى ئىلتىجا قىلغان بالانى ئاللاھ كۆتۈرۈۋېتىدۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى قىلىۋالغان بۇتلارنى ئۇنتۇيسىلەر (بۇتلارغا ئىلتىجا قىلمايسىلەر)». يەنى، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس، ئەنە شۇنداق قىيىن ئۆتكەلگە دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا، سىلەر پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا ئىلتىجا قىلىسىلەر، ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەر ئاللاھنىڭ كۆتۈرۈۋېتىشىنى ئىلتىجا قىلغان بالايىئاپەتنى ئاللاھ كۆتۈرۈۋېتىدۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى قىلىۋالغان بۇتلارنى ئۇنتۇيسىلەر ۋە ھەرگىزمۇ ئۇلارغا (بۇتلارغا) ئىلتىجا قىلمايسىلەر. چۈنكى شۇ چاغدا سىلەر بالايىئاپەتنى باشقىلارنىڭ ئەمەس، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا كۆتۈرۈ-ۋېتىدىغانلىقىنى چوقۇم تونۇپ يېتىسىلەر. 42. «شەك - شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە (نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتتۇق (ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى). ئۇلارنى (ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ) يىلىنسۇن دەپ نامراتلىق ۋە ئاغرىق - سىلاق بىلەن جازالىدۇق.» بۇ ئايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىدۇ. يەنى ئاللاھ

بىلەن قەسەمكى، ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! سەندىن ئىلگىرىكى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئۇلار شۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ يېلىنسۇن دەپ، نامراتلىق، ئاغرىق - سىلاق ۋە قەھەتچىلىك بىلەن جازالىدۇق. 43. «ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز چۈشكەن چاغدا نېمىشقا يېلىنمىدى؟ لېكىن ئۇلارنىڭ دىللىرى قاساۋەتلەشتى (ئىمانغا يۇمشىمىدى)، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى.» بۇ يەردىكى «لەۋلا» قوشۇمچىسى تەشۋىقنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ھېچبولمىغاندا، ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز چۈشكەن چاغدا، بىزگە يېلىنغان بولسا ئەجەب ياخشى بولماسمىدى؟ بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا يېلىنمىغانلىقلىرىغا قارىتا بىر خىل ئەيىبلەش بولۇپ، بويۇنتاۋلۇق قىلماي، تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېلىنىدىغان يەردە، ئۇلارنىڭ يېلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئۇلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىشتى. يەنى، ئۇلارنىڭ دىللىرى قاساۋەتلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئىمانغا يۇمشىمىدى، شەيتان ئۇلارغا ھەقىقەتكە قارشى ئىسيانكارلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ۋە زالالەتتە چىڭ تۇرۇشنى چىرايلىق كۆرسەتتى. 44. «ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال - خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى»، يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇپ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان چاغدا،

ئۇلارغا سىناش ئۈچۈن پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى كەڭ ئېچىۋەتتۇق ھەمدە قەدەممۇقەدەم ئۇلارغا بېرىلگەن نېمەتلەر بىلەن مال - مۈلۈكلەرنى كۆپەيتىپ بەردۇق. ئاندىن، ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بۇ نېمەتلەردىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ، ئادەتتىن تاشقىرى كۆرەڭلەپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار خۇشال - خۇرام تۇرغاندا ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار پۈتكۈل ياخشىلىقتىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈپ ھەسرەت - نادامەتتە قالدى. 45. «زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ، كاپىرلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر!»، يەنى زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلۇپ پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى. جىمى ھەمدۇسانا پەيغەمبەرلەرگە ياردەم بېرىپ، كاپىرلارنى ھالاك قىلغان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر! ھەسەنۇلبەسرى مۇنداق دەيدۇ: كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، بۇ قەۋمگە تۇزاق قۇرۇلغانىدى، بۇ قەۋممۇ تۇزاققا چۈشتى. مەسىلەن: ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ بارلىق تەلەپلىرى قاندۇرۇلۇپ، ئارقىدىنلا ئۇلار جازالاندى. بۇ ھەقتە، ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «گۇناھ قىلىۋاتقىنىغا قارىماي، بىرەر بەندە دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن نېمىنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ تائالا شۇنى مول مىقداردا بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭدە، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ بىر سىناقتۇر». ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇپ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان چاغدا، ئۇلارغا سىناش ئۈچۈن پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى كەڭ ئېچىۋەتتۇق، ھەمدە

قەدەممۇقەدەم ئۇلارغا بېرىلگەن نېمەتلەر بىلەن مال - مۈلۈكلىرىنى كۆپەيتىپ بەردۇق. ئاندىن، ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بۇ نېمەتلەردىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ ۋە ئادەتتىن تاشقىرى كۆرەڭلەپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار خۇشال - خۇرام تۇرغاندا ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار پۈتكۈل ياخشىلىقتىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈپ ھەسرەت - نادامەتتە قالدى.» (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان) 46. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا، دىللىرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە (سىلەرنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ قويسا)، ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقا يەنە قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟» قارىغىنكى، بىز (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلغانمىز، ئەمما ئۇلار (شۇ ئايەتلەردىن) يۈز ئۆرۈيدۇ (ئىمان ئېيتمايدۇ).» يەنى، ئى مۇھەممەد! مەككىلىك شۇ سەركەش يالغانچىلارغا ئېيتقىنكى، «قېنى ماڭا ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىڭلارنى يوق قىلىپ، قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا، دىللىرىڭلارنى پېچەتلەپ، سىلەرنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ قويسا، ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقا يەنە زادى قانداق بىر كۈچ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟» ئوبدان ئويلىنىپ باققىنكى، بىز قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىدىكەنمىز. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئەنە شۇ روشەن ئايەتلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە ۋەز - نەسىھەت ئالمايدۇ. 47. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر

سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇشتۇمتۇت ياكى ئاشكارا كەلسە، زالىم قەۋمدىن باشقا يەنە كىملەر ھالاك قىلىنىدۇ؟» يەنى، ئى مۇھەممەد! مەككىلىك ئاشۇ سەركەش كاززاپلارغا ئېيتقىنكى، «قېنى ماڭا ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابى كېچە ياكى كۈندۈز ئۇشتۇمتۇت ۋەياكى ئاشكارا كەلسە، زالىم قەۋمدىن باشقا يەنە كىملەر ھالاك قىلىنىدۇ؟» بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار ئۈچۈن بولۇپ، بولۇشسىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئى كاززابلار! ئەنە شۇ ئازاب بىلەن سىلەردىن باشقىلار ئەمەس، دەل ئەكسىچە، ئاللاھ تائالانىڭ تۈرلۈك - تۈمەن نازۇنېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ كاپىر بولغانلىقىڭلار ۋە ھەقىقەتكە باش ئەگمەيدىغان سەركەش قەۋم بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەرلا ھالاك بولىسىلەر. 48. «بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت (ساۋاب بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىمىز، ئىمان ئېيتقان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزىگەن كىشىلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر»، يەنى بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت مۆمىنلەرگە ساۋاب بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش، كاپىرلارنى قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈنلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىمىز. ئۇلار ھەرگىزمۇ كاپىرلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلمەيدۇ. كىملەركى ئاشۇ پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، بۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە ھېچقانداق بىر قورقۇنچ ۋە قىلچە غەم يوقتۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇلارغا نىسبەتەن كەلگۈسىدە نە قورقۇنچ، نە غەم ـ قايغۇ دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلار ئۈچۈن مۇكاپات

يۈرتىدۇر. 49. «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار (ئاللاھ تائالاغا) ئىتا-ئەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن ئازابقا دۇچار بولىدۇ»، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ روشەن ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا كەلسەك، پاسىق بولغانلىقلىرى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن، قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، پاسىق بولغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن دېمەكتۇر. 50. «(ئى مۇھەممەد! سەندىن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى تەلەپ قىلغۇچى كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، <مەن سىلەرگە، مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار، دېمەيمەن، مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن، مەن ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە، دەپمۇ ئېيتمايمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن>. ئېيتقىنكى، <كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەرمۇ؟ (كاپىر بىلەن مۆمىن باراۋەرمۇ؟) ئويلاپ باقماسىلەر؟>» يەنى، ئى مۇھەممەد! سەندىن مۆجىزىلەر ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى روياپقا چىقىرىشىڭنى تەلەپ قىلغان ئاشۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە <مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار> دېمىگەن تۇرسام، سىلەر قانداقسىگە مەندىن مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈشۈمنى تەلەپ قىلىسىلەر؟ مەن سىلەرگە <غەيبنى بىلىمەن> دېمىگەن تۇرسام، نېمىدەپ مەندىن ئازابنىڭ قاچان چۈشىدىغانلىقىنى سورايسىلەر؟ مەن سىلەرگە <مەن ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە> دېمىگەن تۇرسام، قانداقسىگە مېنىڭ كۆكلەرگە يۈكسىلىشىمنى، رەستىلەردە ۋە بازارلاردا مېڭىپ يۈرمەسلىكىمنى، باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش يەپ ـ ئىچمەسلىكىمنى تەلەپ قىلىسىلەر؟» بۇ ھەقتە ساۋىي مۇنداق

دەيدۇ: بۇ ئايەت، مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھقا «ئەگەر سەن پەيغەمبەر بولىدىغان بولساڭ، پەرۋەردىگارىڭدىن بىزگە مول رىزىق ئاتا قىلىشىنى، بىزنىڭ پېقىرلىرىمىزنى بايلاردىن قىلىشىنى، بىزگە پايدىلىق ۋە زىيانلىق بولغان ئىشلارنى بىزگە ئالدىن خەۋەر بېرىشىنى تەلەپ قىلغىن» دېگەن چاغدا نازىل بولغان. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇلارغا بۇنداق قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى، بۇ ئىشلارنىڭ پۈتۈنلەي ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: مەن بۇ ئۈچ ئىشتىن ھېچبىرىنى بىلمەن، دېمىگەن تۇرسام، سىلەر قانداقسىگە سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى قاندۇرماسلىقىمنى مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راست ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلى دەيسىلەر؟ مەن سىلەرنى چاقىرىۋاتقان ئىشلاردا، ئاللاھ تائالا ماڭا ۋەھيى قىلغانلىرىدىن باشقا نەرسىلەرگە قەتئىي ئەگەشمەيمەن. مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن. ئېيتقىنكى، «كاپىر بىلەن مۆمىن، يولدىن ئېزىقىپ قالغان ئادەم بىلەن توغرا يولدا مېڭىۋاتقان ئادەم باراۋەرمۇ؟» بۇ سوئال ئەيىپلەش ۋە كايىشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، ئاڭلاپ تەپەككۇر قىلالماسىلەر؟ 51. «پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىشتىن قورقىدىغانلارنىڭ (كۇپرىدىن، گۇناھتىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇلارغا ئاللاھ تائالادىن غەيرىي دوست ۋە شاپائەت قىلغۇچى يوقتۇر.» يەنى، ئى مۇھەممەد! بۇ شانلىق قۇرئان ئارقىلىق پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ چىن ۋەدىسى بولغان ئازابىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىدىغان ۋە مەھشەر كۈنىنىڭ چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدىغان مۆمىنلەرنى ئاگاھلاندۇرغىن. بۇ ھەقتە،

ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا گويا مۇنداق دېمەكچىدەك قىلىدۇ: بۇ شانلىق قۇرئان ئارقىلىق پەقەت ئىمان ئېيتىش ئېھتىمالى بارلارنىلا ئاگاھلاندۇرغىن. ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگۈچى كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارنى ئۆز كۆز قاراشلىرى بىلەن تاشلاپ قويغىن. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقا ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىدىغان نە بىرەر دوستى، نە بىرەر شاپائەت قىلغۇچىسى يوق. كۇپرىدىن ۋە ئاللاھ تائالاغا قارشى ئىسيانكارلىقتىن ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىن. 52. «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا ئۇدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغان ئاجىز مۆمىنلەرنى مەجلىسىڭدىن قوغلىۋەتمىگىن. بۇ ھەقتە تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت بىر قىسىم ئاجىز مۇسۇلمانلار ھەققىدە نازىل بولغان. ئۆز ۋاقتىدا مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېيىشكەنىدى: ئەگەر بۇلارنى (بىر تۈركۈم ئاجىز مۇسۇلمانلارنى) يېنىڭدىن قوغلىۋەتسەڭ، ھوزۇرۇڭغا كېلىپ مەجلىسىڭگە قاتنىشىمىز. دەرۋەقە، رەسۇلۇللاھمۇ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا بۇ ئايەت نازىل بولدى. ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە ئەمەللىرى تۈپەيلىدىن

سەن ھەرگىزمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن. ئۆز ۋاقتىدا نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ: «ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشنى پەقەت پەرۋەردىگارىم ئۈستىگە ئالغان» دېگەن. ساۋىي مۇنداق دەيدۇ: ئايەتنىڭ بۇ قىسمى دەل ئالدىنقى ئايەتنى يېشىپ بېرىدۇ. يەنى، ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن سەن ھەرگىزمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن، ئۇلار سېنىڭ يېنىڭدا تۇرۇۋېتىپ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىدىن باشقا نەرسىلەرنى تەلەپ قىلغان تەقدىردە، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە يوشۇرۇنغان سىرلاردىن سەن جاۋابكار ئەمەس. ئەلۋەتتە، مۇشرىكلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغان تەقدىردە ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. بولمىسا، ئاللاھ تائالا «ئۇنىڭ (ئاللاھ تائالانىڭ) رازىلىقىنى كۆزلەپ» ئىبارىسى ئارقىلىق، مۆمىنلەرنىڭ ئىخلاسمەن ئىكەنلىكىگە ئۆزىنىڭ گۇۋاھ ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل جاھانغا جاكارلىغان. سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى ئۈچۈن بۇ يەردە تەكىتلەش قوشۇمچىلىرى قوللىنىلغان بولۇپ، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: سەن ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن جاۋابكار ئەمەس. سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. ئۇنداقتا ئۇلارنى نېمىدەپ يېنىڭدىن قوغلىۋېتىسەن؟ بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، «سىھاپ»تىن مەقسەت «رىزىق»تۇر. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: نە ئۇلارنىڭ رىزقى سېنىڭ زىممەڭگە يۈكلەنگەن، نە سېنىڭ رىزقىڭ ئۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. سېنىڭ رىزقىڭنىمۇ، ئۇلارنىڭ رىزقىنىمۇ پەقەت

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالا بېرىدۇ.[1] ئۇلارنى قوغلىۋەتكۈچى بولما، ئەگەر ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن. بۇ ئايەتنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا بېرىلگەن ھۆكمى ناھايىتى روشەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك ئىسىل زاتتىن مۇنداق بىر ئىشنىڭ سادىر بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە، قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت «ئەگەر سەن ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ چوقۇم بىكار بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن ئايەتكە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئاللاھ تائالاغا ھەرگىزمۇ شېرىك كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى ھەمدە ئەمەلىنىڭمۇ ھېچقاچان بىكار بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالا ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ.

53. «ئۇلارنىڭ <ئاللاھ ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟> دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق (پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇش بىلەن باي، ئىمتىيازلىق كىشىلەرنى سىنىدۇق). ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ (شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىدۇ)»، يەنى شۇنداق قىلىپ بىز ئۇلارنىڭ: «ئاللاھ ئارىمىزدىن ھىدايەت قىلىش بىلەن ئىنئام قىلغان ۋە مۇسۇلمان بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولغان كىشىلەر مۇشۇ پېقىر ۋە ئاجىز كىشىلەرمۇ؟» دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بايلىرىنى پېقىرلىرى، ئېسىلزادە بولغانلىرىنى ئېسىلزادە بولمىغانلىرى ئارقىلىق مۇشۇنداق سىنىدۇق. ئەنە شۇ مۇشرىكلار ئوپئوچۇق

[1] بۇ تەبەرىي ۋە باشقا بىر قىسىم مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشى.

ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ۋە مەسخىرە قىلىش ئۈچۈنلا ھېلىقىدەك گەپلەرنى قىلىشقانىدى. دەرۋەقە، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن كىشى مۇشۇمۇ؟» دەپ ئۇنى مەسخىرە قىلىشقانىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ يەنى كىمنىڭ شۈكۈر قىلىدىغانلىقى ئاللاھ تائالاغا بەش قولدەك ئايان بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. شۇنداقلا كىمنىڭ ئىنكار قىلغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىمۇ ئاللاھ تائالاغا ناھايىتى ئايدىڭ بولۇپ، بۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا خار - زەبۇنلۇققا مەھكۇم قىلىدۇ. بۇ يەردىكى سوئال ئىقرار قىلدۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق بولغاندا، بۇ سوئال، ئاللاھ تائالا ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. 54. «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلار يېنىڭغا كەلگەن چاغدا: <سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى، سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە (ئەمەلىنى) تۈزىسە، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ> دېگىن.» يەنى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلار يېنىڭغا كەلگەن چاغدا، ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن» دېگىن. قۇرتۇبىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىدىن ئۆزلىرىنى يېنىدىن قوغلىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلغان كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان. دەرۋەقە، بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى كۆرسىلا ئۇلارغا

سالام بېرەتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «جىمى ھەمدۇسانا ئۈممىتىم ئىچىدىكى مەندىن ئۆزلىرىگە سالام قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان زاتلارنى ياراتقان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.» ئەنە شۇ ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ۋە ئۇلارغا ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارغا سالام بېرىشى ئەمر قىلىنغان. پەرۋەردىگارىڭلار بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىشنى ئىھسان قىلىش يۈزىسىدىن ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇڭا سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن ھەقىقىي رەۋىشتە تەۋبە قىلىپ ئەمەلىنى تۈزەتسە، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە رەھىم - شەپقەت قىلىدۇ. بۇ ئايەت، بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن ھەقىقىي رەۋىشتە تەۋبە قىلىپ ئەمەلىنى تۈزەتكەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم - شەپقىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. بۇ ھەقتە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇش» ئىبارىسى، ھالال - ھارامنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمىگەنلىك ۋە نادانلىقتىن بىرەر يامان ئىش قىلىپ سالماق» دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. 55. «گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى روشەن بايان قىلىمىز» ، يەنى بۇ سۈرىدە، مۇشرىكلارنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى بايان قىلغىنىمىزدەك، دىنىي ئەھكاملارنىمۇ سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىمىز ۋە كۆرسىتىپ بېرىمىز. بۇنى گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق قىلىمىز. 56. «(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، <سىلەر ئاللاھنى قايرىپ قويۇپ ئىبادەت قىلغان

بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن مەن ھەقىقەتەن مەنئى قىلىندىم>.
ئېيتقىنكى، <مەن سىلەرنىڭ نەپس - خاھىشىڭلارغا
ئەگەشمەيمەن، بولمىسا مەن ئازغان بولىمەن ۋە ھىدايەت
تاپقۇچىلاردىن بولالماي قالىمەن>»، يەنى ئى مۇھەممەد!
ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئىلاھ دەپ دەۋا
قىلىۋاتقان ۋە ئاللاھنى قايرىپ قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان
بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن مەن ھەقىقەتەن مەنئى قىلىندىم».
يەنە شۇنداق دېگىنكى، «ئاللاھ تائالادىن باشقىلارغا ئىبادەت
قىلىش بارىسىدا مەن سىلەرنىڭ نەپس - خاھىشىڭلارغا قەتئىي
ئەگەشمەيمەن (بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىنىڭ
سەۋەبلىرى ئەسكەرتىلگەن)، مەن سىلەرنىڭ نەپس -
خاھىشىڭلارغا ئەگەشكەن تەقدىردە، مەن ھەقىقەتەنمۇ ئازغان
بولىمەن ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولالماي قالىمەن.» 57.
«ئېيتقىنكى، <ھەقىقەتەن مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن
نازىل بولغان روشەن دەلىلگە (قۇرئانغا ۋە ۋەھىيگە)
ئاساسلىنىمەن، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلدىڭلار،
سىلەر بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ
ئىگىدارچىلىقىمدا ئەمەس، بارچە ھۆكۈم ئاللاھ تائالاغا خاس،
ئاللاھ ھەق ھۆكۈم قىلىدۇ، ئاللاھ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ
ياخشىسىدۇر.>» يەنى ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن، مەن
پەرۋەردىگارىم ماڭا ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرگەن شەرئىي
قانۇنىنىڭ نىزامنامىلىرىغا ئاساسەن ئىش قىلىمەن. ھالبۇكى،
سىلەر ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بۇ روشەن ھەقىقەتنى
ئىنكار قىلدىڭلار، سىلەر مەندىن بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ
قىلغان ئازاب مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدا ئەمەس.» زەمەخشەرىي
مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر مەندىن بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ

قىلغان ئازاب» ئىبارىسىدىن ئۇلارنىڭ مۇنۇ سۆزى كۆزدە تۇتۇلغان: «ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن.» مەيلى ئازاب مەسىلىسىدە بولسۇن، ياكى باشقا خۇسۇسلاردا بولسۇن، بارچە ھۆكۈم پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاس بولۇپ، ئاللاھ ھەمىشە توغرا خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ، ھەق ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە تولۇق مەلۇمات بېرىدۇ. ئاللاھ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. 58. «ئېيتقىنكى، <سىلەر بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ قولۇمدىن كەلسە ئىدى، ئۇ چاغدا مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىش چوقۇم ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان بولاتتى (سىلەردىن ئارام تېپىش ئۈچۈن، سىلەرنى ھالاك قىلغان بولاتتىم)>. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلىدۇ.» يەنى ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ قولۇمدىن كەلگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا مەن سىلەردىن ئارام تېپىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە سىلەرنى جازالىغان بولاتتىم. بىراق، سىلەرگە تېگىشلىك جازا بېرىش ۋە سىلەرنى ھالاك قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە.» ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «ئەگەر بۇ ئىش مېنىڭ قول ئىلكىمدە بولغان بولسىدى، ئۇ چاغدا مەن سىلەرگە قىلچە مۆھلەت بەرمەي، سىلەرنى دەرھال ھالاك قىلغان بولاتتىم.» ئاللاھ زالىملارنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا خالىسا ئۇلارنى دەرھال جازالايدۇ، خالىسا ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازانى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرىدۇ. بۇ ئايەت تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىلاۋە:** «زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى

(ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ، كاپىرلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر!» زەمەخشەرىي بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت زالىملار ھالاك بولغان ھامان ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە بۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈك لۈتپى ھەم ئېھسانى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ «ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىشىدۇ» دېگەن ئايىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، دۇئا قىلغاندا ئىخلاسمەن بولۇش ۋاجىب. جۈملىدىن بارلىق ئىبادەتلەر ئىخلاسمەنلىكنى تەقەززا قىلىدۇ. دۇئا ۋە ئىبادەتلەر ھەرگىزمۇ دۇنياۋى غەرەزلەر ئۈچۈن قىلىنماسلىقى شەرت.

وَعِندَهُۥ مَفَاتِحُ ٱلۡغَيۡبِ لَا يَعۡلَمُهَآ إِلَّا هُوَۚ وَيَعۡلَمُ مَا
فِى ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِۚ وَمَا تَسۡقُطُ مِن وَرَقَةٍ إِلَّا يَعۡلَمُهَا وَلَا
حَبَّةٍ فِى ظُلُمَٰتِ ٱلۡأَرۡضِ وَلَا رَطۡبٍ وَلَا يَابِسٍ إِلَّا فِى كِتَٰبٍ
مُّبِينٍ ﴿٥٩﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى يَتَوَفَّىٰكُم بِٱلَّيۡلِ وَيَعۡلَمُ مَا جَرَحۡتُم
بِٱلنَّهَارِ ثُمَّ يَبۡعَثُكُمۡ فِيهِ لِيُقۡضَىٰٓ أَجَلٌ مُّسَمًّىۖ ثُمَّ إِلَيۡهِ
مَرۡجِعُكُمۡ ثُمَّ يُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٦٠﴾ وَهُوَ
ٱلۡقَاهِرُ فَوۡقَ عِبَادِهِۦۖ وَيُرۡسِلُ عَلَيۡكُمۡ حَفَظَةً حَتَّىٰٓ إِذَا
جَآءَ أَحَدَكُمُ ٱلۡمَوۡتُ تَوَفَّتۡهُ رُسُلُنَا وَهُمۡ لَا يُفَرِّطُونَ ﴿٦١﴾
ثُمَّ رُدُّوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ مَوۡلَىٰهُمُ ٱلۡحَقِّۚ أَلَا لَهُ ٱلۡحُكۡمُ وَهُوَ أَسۡرَعُ
ٱلۡحَٰسِبِينَ ﴿٦٢﴾ قُلۡ مَن يُنَجِّيكُم مِّن ظُلُمَٰتِ ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِ

تَدۡعُونَهُۥ تَضَرُّعٗا وَخُفۡيَةٗ لَّئِنۡ أَنجَىٰنَا مِنۡ هَٰذِهِۦ لَنَكُونَنَّ
مِنَ ٱلشَّٰكِرِينَ ٦٣ قُلِ ٱللَّهُ يُنَجِّيكُم مِّنۡهَا وَمِن كُلِّ
كَرۡبٖ ثُمَّ أَنتُمۡ تُشۡرِكُونَ ٦٤ قُلۡ هُوَ ٱلۡقَادِرُ عَلَىٰٓ أَن يَبۡعَثَ
عَلَيۡكُمۡ عَذَابٗا مِّن فَوۡقِكُمۡ أَوۡ مِن تَحۡتِ أَرۡجُلِكُمۡ أَوۡ
يَلۡبِسَكُمۡ شِيَعٗا وَيُذِيقَ بَعۡضَكُم بَأۡسَ بَعۡضٍۗ ٱنظُرۡ
كَيۡفَ نُصَرِّفُ ٱلۡأٓيَٰتِ لَعَلَّهُمۡ يَفۡقَهُونَ ٦٥ وَكَذَّبَ بِهِۦ
قَوۡمُكَ وَهُوَ ٱلۡحَقُّۚ قُل لَّسۡتُ عَلَيۡكُم بِوَكِيلٖ ٦٦ لِّكُلِّ نَبَإٖ
مُّسۡتَقَرّٞۚ وَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ٦٧ وَإِذَا رَأَيۡتَ ٱلَّذِينَ يَخُوضُونَ فِيٓ
ءَايَٰتِنَا فَأَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡ حَتَّىٰ يَخُوضُواْ فِي حَدِيثٍ غَيۡرِهِۦۚ
وَإِمَّا يُنسِيَنَّكَ ٱلشَّيۡطَٰنُ فَلَا تَقۡعُدۡ بَعۡدَ ٱلذِّكۡرَىٰ مَعَ
ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ٦٨ وَمَا عَلَى ٱلَّذِينَ يَتَّقُونَ مِنۡ حِسَابِهِم
مِّن شَيۡءٖ وَلَٰكِن ذِكۡرَىٰ لَعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ ٦٩ وَذَرِ ٱلَّذِينَ
ٱتَّخَذُواْ دِينَهُمۡ لَعِبٗا وَلَهۡوٗا وَغَرَّتۡهُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَاۚ وَذَكِّرۡ
بِهِۦٓ أَن تُبۡسَلَ نَفۡسُۢ بِمَا كَسَبَتۡ لَيۡسَ لَهَا مِن دُونِ
ٱللَّهِ وَلِيّٞ وَلَا شَفِيعٞ وَإِن تَعۡدِلۡ كُلَّ عَدۡلٖ لَّا يُؤۡخَذۡ مِنۡهَآۗ
أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ أُبۡسِلُواْ بِمَا كَسَبُواْۖ لَهُمۡ شَرَابٞ مِّنۡ حَمِيمٖ
وَعَذَابٌ أَلِيمُۢ بِمَا كَانُواْ يَكۡفُرُونَ ٧٠ قُلۡ أَنَدۡعُواْ مِن
دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُنَا وَلَا يَضُرُّنَا وَنُرَدُّ عَلَىٰٓ أَعۡقَابِنَا بَعۡدَ
إِذۡ هَدَىٰنَا ٱللَّهُ كَٱلَّذِي ٱسۡتَهۡوَتۡهُ ٱلشَّيَٰطِينُ فِي ٱلۡأَرۡضِ حَيۡرَانَ
لَهُۥٓ أَصۡحَٰبٞ يَدۡعُونَهُۥٓ إِلَى ٱلۡهُدَى ٱئۡتِنَاۗ قُلۡ إِنَّ هُدَى
ٱللَّهِ هُوَ ٱلۡهُدَىٰۖ وَأُمِرۡنَا لِنُسۡلِمَ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٧١ وَأَنۡ

أَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَٱتَّقُوهُۚ وَهُوَ ٱلَّذِيٓ إِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ﴿٧٢﴾ وَهُوَ
ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّۖ وَيَوۡمَ يَقُولُ كُن
فَيَكُونُۚ قَوۡلُهُ ٱلۡحَقُّۚ وَلَهُ ٱلۡمُلۡكُ يَوۡمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِۚ عَٰلِمُ
ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِۚ وَهُوَ ٱلۡحَكِيمُ ٱلۡخَبِيرُ ﴿٧٣﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان كەسكىن دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمدى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىلىم، قۇدرەت، ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك قاتارلىق مىسلىسىز ۋە مۇقەددەس سۈپەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئاخىرىدا، بەندىلىرىنى تۈرلۈك - تۈرلۈك مۇسىبەتلەردىن خالاس قىلىش مەقسىتىدە ئۇلارغا ئېھسان قىلغان سان - ساناقسىز نازۇ - نېمەتلىرىگە تۈزكورلۇق قىلىپ، ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان ۋە پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلمىغانلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا تامامەن قادىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

**تەپسىرى:** 59. «غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى (ئاللاھ تائالاغا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان.» يەنى، غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، بۇلار غەيبكە ئائىت مەخپىي ئىشلار بولۇپ،

ئاللاھ تائالادىن باشقىلارنىڭ ئۇلارنى بىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تولۇق بىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ۋە قۇدرىتى پۈتكۈل ئالەملەردىكى ئاجايىب - غارايىپ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. جۈملىدىن، دەرەختىن تۆكۈلگەن ھەر بىر ياپراقنىڭ تۆكۈلگەن ۋاقتى ۋە يېرىنى ئاللاھ تولۇق بىلىدۇ. بۇ ئايەت، ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى كىچىك نەرسىلەرنىمۇ تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى كىچىك بىرەر دانە ئۇرۇق ۋە شۇ ئۇرۇقتىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلات مىقدارى ھەمدە شۇ مەھسۇلاتنىڭ كىملەر تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا مەلۇم بولۇپ، لەۋھۇلمەھپۇزدا تولۇق يېزىلغان. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ:[1] يۇقىرىدىكى

[1] ئۇلۇغ ئىسلام شەھىدى سەييىد قۇتۇب «قۇرئاندىكى خۇسۇسىيەتلەر» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئايەتنى تولىمۇ راۋان بەدىئىي تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قىسمىنى نەقىل كەلتۈرمەكچىمىز: ئاللاھ تائالا سەييىد قۇتۇبنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتىن قىلسۇنكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلمىنىڭ روشەن تەسۋىرى بولۇپ، زامان ۋە ماكاندا، ئاسمان ـ زېمىندا، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا، يەرنىڭ تېگىدە ۋە ئاسمان قەۋەتلىرىدە، ئۆلۈك ۋە تىرىك، قۇرۇق ۋە ھۆل... قاتارلىق قانداقلا نەرسە بولسا بولسۇن، ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئىنسانىنىڭ خىيالىي كۆچى بۇ قىسقا تېكىستلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدىن ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، شۇ كۆرۈلۈۋاتقان ئالەمنىڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ، بىلىنىدىغان ۋە بىلىنمەيدىغان ئالەملەرنىڭ ئۇپۇقلىرىنى تېپىش ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ. ئۆتمۈشتىكى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى دائىما يېپىق قالىدىغان غەيب پەردىلىرىنى ئېچىشقا تىرىشىۋېتىپ ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدى بىردىنىلا تىترەپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، غەيبنىڭ پەردىلىرى تولىمۇ ئۇزاق ۋە ئۇپۇقلىرى چەكسىز كەتكەن بىر پەردىدۇر. يەنە كېلىپ، بۇلارنىڭ

مەلۇماتلارنىڭ ناھايىتى تەرتىپلىك ھالدا بايان قىلىنغانلىقى ئادەمنى تولىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. ئالايلۇق: ئاللاھ تائالا بىرىنچىدىن، ئەقىل ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىمىز ئارقىلىق بىز چۈشىنەلمەيدىغان نەرسىلەرنى زىكىر قىلدى. ئۇ بولسىمۇ «غەيبىنىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى»دۇر. ئىككىنچىدىن، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزلاردىن ئىبارەت كۆپىنچىسىنى بىز ھېس - تۇيغۇلىرىمىز ئارقىلىق بىلەلەيدىغان نەرسىلەرنى زىكىر قىلدى. ئۈچىنچىدىن، ئىككى تۈرلۈك ئادەتتىكى كىچىك ئىشلارنى بايان قىلدى. بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرى ئۈستۈن ھادىسىسى، يەنى دەرەخ ياپراقلىرىنىڭ ئىگىزدىن يەرگە چۈشۈش ھادىسىسى. يەنە بىرى بولسا، ئاستىن، يەنى دانىنىڭ قاراڭغۇ يەر ئاستىدا يوشۇرۇنۇش

---

ھەممىسىنىڭ ئاچقۇچلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمنىڭ بۇلارنى بىلىشكە قۇربى يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىلمى، قۇرۇقلۇقنىڭ بىلگىلى بولمايدىغان نۇقتىلىرىنى، دېڭىزلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر تەگلىرىنى بىلىشكە تامامەن يېتەرلىك. ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە بار بولغان سان - ساناقسىز دەرەخلەردىن تۆكۈلۈۋاتقان ياپراقلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كۆزى قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياپراقلار يەرگە تۆكۈلگەن ھامان كۆرۈپ تۇرىدۇ، ھېچبىرى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ پايانسىز كائىناتتىكى قۇرۇق ۋە ھۆل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ھېچقانداق بىر شەيئى ئۇنىڭ چەكسىز ئىلمىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. دېمەك، ئىنسانىنىڭ خىيال كەپتىرى ئەنە شۇ ئالەملەر ئۈستىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ھەممە ياقنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىققىنىدا، ئىنسان شۇنى ھېس قىلالايدۇكى، بۇ ئالەملەر ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال، قەلبىنى مالال قىلىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ بىلگىلى بولىدىغان ۋە بىلگىلى بولمايدىغان ناھايىتى ئۇزاق ئۇپۇقلاردىكى بىر ئايلىنىشتۇر. دېمەك، ئۆزى ئىخچام ۋە مەنىسى تولىمۇ چوڭقۇر بۇ ئايەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت قىسقىغىنا بىرقانچە ئىبارە ئارقىلىقلا ناھايىتى روشەن قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن. شۇنداق، قۇرئان كەرىمنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى مانا مۇشۇنداق مۆجىزىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ھادىسىسىدۇر. بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 60. «ئاللاھ سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاندىن قىلغان ئەمەللىرىڭلەرنى ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ»، يەنى كېچىسى سىلەرنى ئۇخلىتىدىغان، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان زات ئاللاھ تائالادۇر. قۇرتۇبىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەقىقىي بىر ئۆلۈم ئەمەس، پەقەت روھلارنىڭ (جانلارنىڭ) ئېلىنىشى، خالاس. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: سىلەر ئۇخلاۋاتقاندا سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى قەبزى روھ قىلىدىغان زات ئاللاھ تائالادۇر. بۇ ئايەتتە، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە دەلىل بار. ئاندىن، بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدىغان زات ئاللاھ تائالادۇر. «فىھى» دىكى ئالماش «كۈندۈزنىڭ» ئىبارىسىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن. چۈنكى ئىنساننىڭ ئويغاقلىق ھالىتى ئادەتتە كۈندۈزدە، ئۇخلاش ھالىتى بولسا كېچىدە بولىدۇ. ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاندىن قىلغان ئەمەللىرىڭلەرنى ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا نامە - ئەمەلىڭلەرگە قاراپ سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە تەڭداشسىز ئۇلۇغلۇقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 61. «ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (ئاللاھ بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى

پەرىشتىلەرنى (قىلغان - ئەتكەننى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتىدۇ، بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا) بىپەرۋالىق قىلمايدۇ»، يەنى ئاللاھ بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىگە ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. بارلىق مەۋجۇداتلار ئۇنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغلۇقى ۋە مىسلىسىز قۇدرىتى ئالدىدا بويۇن ئېگىپ قۇللۇق بەجا كەلتۈرىدۇ. ئۇ سىلەرگە قىلغان - ئەتكەنلىرىڭلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ. ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭدا گۈزەل بىر ھېكمەت ۋە بۈيۈك بىر نېمەت باردۇر. چۈنكى مۇكەللەپ نامە - ئەمەلىنىڭ تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلىنىپ خاتىرىلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە شۇ نامە - ئەمەللىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغانلىقىنى بىلسە، بۇ، ئۇنىڭ گۇناھ - مەسىيەتلەردىن ئۆزىنى تارتىشى ۋە قەبىھ ئىشلارنى قىلماسلىقى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشقا مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇنى قەبزى روھ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇقۇمى مۇنداق: ئىنساننىڭ ئەجىلى توشقان چاغدا، پەرىشتىلەرنىڭ كىشىلەرنى قوغداش ۋەزىپىسىمۇ ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ھاياتلا بولىدىكەن پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارنى قوغداش مەسئۇلىيىتى بار. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدىن ھەرقاندىقىنىڭ ئەجىلى توشقان ھامان، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنى قوغداش ۋەزىپىسىمۇ تۈگىگەن بولىدۇ. پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنى قوغداش ۋە ئەجىلى توشقانلارنى قەبزى روھ قىلىشتا قىلچىمۇ بىپەرۋالىق

قىلمايدۇ. 62. «ئاندىن ئۇلار (بەندىلەر) ھەق ھۆكۈم قىلغۇچى، ئىگىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ھۆكۈم قىلىش يالغۇز ئاللاھقىلا خاستۇر، ئاللاھ ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.» يەنى، ئاندىن بەندىلەر ئاخىرەتتە قايتا تىرىلدۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئاللاھتۇركى، ھۆكۈم ۋە تەسەررۇپ قىلىشنىڭ ھەممىسى يالغۇز ئۇنىڭغىلا خاس، ئۇ پەقەت ئادالەت بىلەنلا ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، قىيامەت كۈنى ھۆكۈم قىلىش يالغۇز ئاللاھقىلا خاستۇر، ئۇ ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدۇ ۋە خۇسۇمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچى بولۇپ، ھېچقانداق بىر نەرسە ئۇنىڭ ھېساپ ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيانىڭ ۋاقتىغا سېلىشتۇرغاندا يېرىم كۈنگە توغرا كېلىدىغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈل مەخلۇقلاردىن ھېساب ئېلىپ بولىدۇ. دەرۋەقە، ھەدىستىمۇ شۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللاھ تائالا بىر قوينى سېغىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتكۈل ئىنسانلاردىن ھېساب ئېلىپ بولىدۇ. 63. «(ئى مۇھەممەد! بۇ كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، <قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى (بالايىئاپەتلىرى)دىن سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (بۇ قاراڭغۇلۇقلارنى كۆرگەن چېغىڭلاردا) ئەگەر ئاللاھ بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزسا چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز دەپ، ئاللاھ تائالاغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىلتىجا قىلىسىلەر.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئاشۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «سەپەرلىرىڭلاردا قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ دەھشەتلىك

بالايىئاپەتلىرىدىن سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ شۇ دەھشەتلىك بالايىئاپەتلەرنى كۆرگەن چېغىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارغا يۈزلىنىپ ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىسىلەر ھەمدە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىلتىجا قىلىسىلەر. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئاللاھ تائالاغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا دۇئا قىلىسىلەر. يەنى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىزنى بۇ قاراڭغۇلۇقلاردىن ۋە دەھشەتلىك بالايىئاپەتلەردىن قۇتۇلدۇرساڭ، چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ، ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دۇئا قىلىسىلەر. بۇنىڭ يەشمىسى مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ: سىلەر ھالاك بولۇپ كېتىشتىن قورقۇپ كەتكەن چېغىڭلاردا ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىسىلەر. ئاللاھ تائالا سىلەرنى مۈشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرغان چاغدا بولسا، خۇددى بۇرۇن دۇئا قىلمىغاندەك ئۇنىڭغا كۇپرىلىق قىلىسىلەر. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەنلىرىدە ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئەمما راھەت - پاراغەتكە ئېرىشكەن ھامان ئاللاھ تائالا بىلەن قوشۇپ باشقىلارغىمۇ چوقۇنغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلىدى. 64. «ئېيتقىنكى، <(يالغۇز) ئاللاھ سىلەرنى ئۇلاردىن ۋە بارلىق غەمدىن قۇتقۇزىدۇ، ئاندىن سىلەر (بۇنى) تونۇغىنىڭلاردىن كېيىن، ئىمان ئېيتماي ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىسىلەر>» ، يەنى ئېيتقىنكى، «سىلەرنى ئەنە شۇنداق بالايىئاپەتلەردىن ۋە بارلىق غەم - غۇسسىدىن قۇتقۇزىدىغان زات پەقەت يەككە - يېگانە ئاللاھ تائالادۇر. سىلەر ئەنە شۇ روشەن ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكىنىڭلار ۋە ئېتىراپ قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، ئىمان ئېيتماي ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىسىلەر». بۇ جۈملە

ئەيىبلەش ۋە تەنە قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. 65. «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، <ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن (نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋمىگە، ئەسھابۇلپىلگە ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن (پىرئەۋن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ئازاب ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ (ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر>. ئۇلارنى چۈشەنسۇن دەپ، ئايەتلىرىمىزنى تۈرلۈك شەكىللەردە قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئاشۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا ئاسماندىن خار قىلغۇچى چاقماقلارنى ئەۋەتىش، ۋولقانلاردىن ئېتىلغان تاشلار بىلەن لاتقىلار ۋە تاش ياغدۇرۇش، تۇپان بالاسى، گۈلدۈرمامىلار ۋە بوران - چاپقۇنلار ئارقىلىق سىلەرنى ھالاك قىلىشقا تامامەن قادىر. دەرۋەقە، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگىمۇ شۇنداق جازا بېرىلگەن. قارۇن ۋە مەديەن خەلقىگە ئوخشاش، سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇش ئارقىلىق، ھەمدە يەر تەۋرىگەنگە ئوخشاش، ئايىغىڭلار ئاستىدىن كېلىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەر بىلەنمۇ سىلەرنى جازالاشقا تامامەن قادىر. ياكى بولمىسا، ئاللاھ تائالا سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىپ، بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقىمۇ تامامەن قادىردۇر. بەيزاۋى بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىدىغان تۈرلۈك - تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈۋېتىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن جېدەل - ماجىرا ۋە ئۇرۇش قىلىپ، زادىلا چىقىشالمايدىغان كىشىلەردىن بولۇپ كېتىسىلەر. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھ تائالا ئاراڭلارغا پىكىر ئىختىلاپىنىڭ ئۇرۇغىنى چېچىۋېتىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغان تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر. بۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر - بىرىگە يېقىن بولۇپ، ئايەتتىن مەقسەت تەھدىتتۇر. ئۇلارنى چۈشەنسۈن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى بىلەن ئالەمشۇمۇل دەلىللىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزسۈن دەپ، ئايەتلىرىمىزنى ۋەز - نەسىھەت ۋە ئىبرەت تەرىقىسىدە تۈرلۈك شەكىللەردە قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن ئازاب ئەۋەتىشكە قادىر» دېگەن چاغدا، رەسۇلۇللاھ: «ئى پەرۋەردىگارىم! سەندىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن. «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئايىغىڭلارنىڭ ئاستىدىن سىلەرگە ئازاب ئەۋەتىشكە قادىر» دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، رەسۇلۇللاھ يەنە: «ئى پەرۋەردىگارىم! سەندىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن. «ياكى بولمىسا ئاللاھ تائالا سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىپ، بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقىمۇ تامامەن قادىر» دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، رەسۇلۇللاھ: «بۇ، ئازابلارنىڭ ئەڭ يەڭگىلى ۋە ئەڭ قولاي بولغىنى» دېگەن. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) 66. «قۇرئان ھەق تۇرسا، ئۇنى قەۋمىڭ ئىنكار قىلدى. ‹مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەس› دېگىن»، يەنى ئى مۇھەممەد! سېنىڭ قەۋمىڭ قۇرەيش بۇ شانلىق قۇرئاننى ئىنكار قىلدى. ھالبۇكى، ئۇ ھەقىقەت سۈپىتىدە نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. ئۇلارغا شۇنداق دېگىنكى، «مەن سىلەرگە نە ھامىي ئەمەس، نە سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىمۇ

ئەمەس. مەن پەقەت سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرمەن.»
67. «(ئاللاھ تەرىپىدىن) ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەر بىر خەۋەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقتى بار، ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر» ، يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەر بىر خەۋەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان مۇئەييەن ۋاقتى بار، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە نە خىلاپلىق قىلمايدۇ، نە ۋەدىسىنى كېچىكتۈرمەيدۇ. ئۇزاققا قالماي سىلەر دۇچار بولىدىغان ئازابنى بىلىپ قالىسىلەر. بۇ جۈملىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ئۈرغۈلۈق ھالدا بايان قىلىنىپ، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. 68. «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۈشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن.» يەنى، كاپىرلارنىڭ قۇرئان كەرىم ھەققىدە تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ پاراڭ سېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ باشقا پاراڭغا چۈشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن. بۇ ھەقتە، سۇددىي مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار مۆمىنلەر بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرغانلىرىدا رەسۇلۇللاھ ۋە قۇرئان كەرىم ھەققىدە غەيۋەت - شىكايەت، تەنە ۋە مەسخىرە قىلىشاتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلار بۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ باشقا پاراڭغا چۈشمىگۈچە، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشلىرىنى مەنئى قىلغان. ئەگەر ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ سالغان بولساڭ،

ئىسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىم ۋە دىننى مەسخىرە قىلغان بۇ كاپىر ۋە پاسىقلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن. بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: بۇ ئىلاھىي پەرمان ئىسىڭگە كەلگەن ھامان ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كەتكىن، ھەرگىزمۇ مۇشرىكلار بىلەن بىللە ئولتۇرغۇچى بولمىغىن. 69. «تەقۋادارلارغا (قۇرئاننى مەسخىرە قىلغۇچى) كاپىرلارنىڭ ھېسابىدىن ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، لېكىن تەقۋادارلار ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىشلىرى كېرەك. (شۇنداق قىلغاندا) ئۇلار (قۇرئاننى مەسخىرە قىلىشتىن) ساقلىنىشلىرى مۇمكىن.» يەنى مۆمىنلەر كاپىرلاردىن ئۇزاقلىشىپ ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرمىسىلا، كاپىرلارنىڭ قۇرئاننى مەسخىرە قىلغانلىق ۋە باشقىلارنى ئازدۇرغانلىق ھېسابىدىن مۆمىنلەرگە ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، لېكىن مۆمىنلەر قولىدىن كېلىشىچە ئاشۇ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ۋە ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت[1] قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى قەبىھ ئىشلاردىن ۋازكەچتۈرۈشكە تىرىشىشلىرى، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ياقتۇرمايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇشلىرى شەرت. شۇنداق قىلغاندا، بەلكى ئۇلار مۆمىنلەردىن خىجىل بولۇپ قۇرئاننى مەسخىرە قىلىشتىن ساقلىنىشلىرى مۇمكىن. چۈنكى مۆمىنلەر ئۇلارنى شۇنداق ئەھۋالدا كۆرۈپ قالسا، ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىدۇ. ئىبنى ئەتىيە مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا، قۇرئان كەرىم ھەققىدە دەتالاش

[1] تەبەرىگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: لېكىن مۆمىنلەر كاپىرلارنىڭ ئەنە شۇ قەبىھ ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئۇلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش كېرەك، تاكى ئۇلار ئاللاھ تائالادىن قورققاي.

قىلغۇچىلارغا ۋە غەيۋەت - شىكايەتكە چۆمۈپ كەتكۈچىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە مەھكەم يېپىشىش شەرت. 70. «دىنىنى ئويۇن - كۈلكە قىلىۋالغان، دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدانغانلارنى تەرك ئەت. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشى تۈپەيلى ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، (كىشىلەرگە) قۇرئان بىلەن نەسىھەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالادىن باشقا دوست ۋە شاپائەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئۇ ھەر قانداق پىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك بولىدىغانلاردۇر، ئۇلار كۇپرى تۈپەيلىدىن (ئۈچەيلىرىنى ئۆرتىۋېتىدىغان) قايناقسۇدىن بولغان شارابقا ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» يەنى، ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە قەدىر - قىممىتىگە يېتىشكە تېگىشلىك بولغان دىنىنى مەسخىرە قىلىپ ئويۇن - كۈلكە ۋە ئىش پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان گۇناھكارلارنى تەرك ئەتكىنكى، بۇ پانىي دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكى ئۇلارنى ئالدىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ پانىي دۇنيادىكى ھاياتتىن باشقا ھايات يوق، دەپ گۇمان قىلىشتى. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشى تۈپەيلى ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىشى ۋە قەبىھ قىلمىشىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، كىشىلەرگە قۇرئان بىلەن نەسىھەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالادىن باشقا نە بىرەر دوست، نە بىرەر شاپائەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئۇ ھەر قانداق پىدىيە بەرسىمۇ فىدىيىسى ئەسلا قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ئايەتنى قەتادە مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: جاھانغا تەڭ كەلگۈدەك ئالتۇن كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئالتۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار قەبىھ قىلمىشلىرى ۋە بۇزۇق ئېتىقادلىرى

تۆپەيلىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇپ ھالاك بولىدىغانلاردۇر. ئەنە شۇ ئازغۇنلار كۇپرى ۋە سېھىرلىك ئىنكارچىلىقلىرى تۆپەيلىدىن ئۆچەيلىرىنى ئۆرتىۋېتىدىغان قايناقسۇدىن بولغان شارابقا ۋە قاتتىق ھەم دەھشەتلىك ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 71. «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، بىز ئاللاھنى قويۇپ، بىزگە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلامدۇق؟ بىزنى ئاللاھ ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئارقىمىزغا چېكىنەمدۇق؟ (مۇرتەد بولامدۇق؟) (مۇبادا بىز شۇنداق قىلىدىغان بولساق، مۇنداق) بىر ئادەمگە: شەيتانلار ئۇنى بىر چۆلگە باشلاپ بارغان، (چۆلدە ئۇ) تېڭىرقاپ قالغان، دوستلىرى ئۇنى بېرى كەل دەپ توغرا يولغا چاقىرىۋاتقان (ئۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلماي ئاخىر ھالاك بولغان ئادەمگە) ئوخشاپ قالىمىز. (بۇ كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ھەقىقەتەن ھەقىقىي ھىدايەتتۇر، بىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇق.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، بىز ئاللاھنى قويۇپ، بىز دۇئا قىلغىنىمىزدا بىزگە قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، ياكى تەرك ئەتكەن تەقدىردە بىزگە بىرەر زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلامدۇق؟ ئاللاھ بىزگە ئىسلام دىنىنى نېسىپ قىلىپ ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئارقىمىزغا چېكىنىپ مۇرتەد بولۇپ كېتەمدۇق؟ مۇبادا بىز شۇنداق قىلىدىغان بولساق، مۇنداق بىر ئادەمگە، يەنى شەيتانلار ئۇنى بىر چۆلگە باشلاپ بارغان، چۆلدە ئۇ تېڭىرقاپ قالغان، دوستلىرى ئۇنى بېرى كەل، دەپ توغرا يولغا چاقىرىۋاتقان، بىراق ئۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلماي ئاخىر ھالاك بولغان ئادەمگە ئوخشاپ قالىمىز. ئەنە شۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، «بىز

قوبۇل قىلغان ئىسلام دىنى دەل ھىدايەتنىڭ ئۆزىدۇر. بۇندىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۇمراھلىقتۇر. بىزگە پۈتكۈل ئىشلىرىمىزدا، بارلىق سۆز - ھەرىكەتلىرىمىزدە ۋە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا تەسلىم بولۇشىمىز ۋە پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشىمىز ئەمر قىلىندى.» بۇ، ئىسلامغا چاقىرىق قىلىنىۋېتىپمۇ ئۇنى قوبۇل قىلماي ھىدايەتتىن تولىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى يارقىن مىساللار ئارقىلىق سۈرەتلەپ بېرىش ئۇسۇلىدۇر. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ساختا ئىلاھلار ۋە شۇ ئىلاھلارغا چاقىرغۇچىلار بىلەن ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا چاقىرغانلار ھەققىدە كەلتۈرگەن مىسالىدۇر. بۇ، دەل تېڭىرقاپ قېلىپ يولدىن ئېزىپ قالغان، بىراۋ ئۇنىڭغا: «ئى پالانىنىڭ ئوغلى پالانى! بېرى كەل!» دەپ خىتاب قىلىپ يولدىن ئازغاشتۇرۇۋەتكەن، دوستلىرى ئۇنىڭغا: «ئى پالانى، توغرا يولنى بويلاپ مېڭىۋەرگىن» دەپ ئۇنى توغرا يولغا چاقىرىۋاتقان ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇ شەخس بىرىنچى چاقىرىققا قۇلاق سالسا، بۇ چاقىرىق ئۇنى ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ. مۇبادا ئۇ توغرا يولغا چاقىرىۋاتقانلارنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالسا ھەقىقىي توغرا يولنى تاپقان بولىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانى قويۇپ ئەنە شۇ ئىلاھلارغا چوقۇنغانلارنىڭ ئاھۋالى دەل شۇنداق بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئادەتتە تاكى ئۆلگىچە ئۆزلىرىنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلىشىدۇ. ھالبۇكى ئۆلۈم كەلگەن چاغدا پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. 72. «ناماز ئوقۇشقا ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقۇشقا بۇيرۇلدۇق، (قىيامەت كۈنى)

ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب ئۈچۈن) يىغىلىسىلەر.» يەنى، بىز يەنە نامازنى دەل ۋاقتىدا ئوقۇشقا ۋە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاللاھ تائالادىن قورقۇشقا بۇيرۇلدۇق، ئۇ شۇنداق بىر ئاللاھتۇركى، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر، ئاندىن ئۇ ھەربىر ئادەمگە نامە - ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. 73. «ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى، ئاللاھ (بىرەر شەيئىگە) <ۋۇجۇدقا كەل> دېسە (دەرھال) ۋۇجۇدقا كېلىدىغان كۈندىكى (قىيامەت كۈنىدىكى) ئازابتىن قورقۇڭلار. ئاللاھنىڭ سۆزى ھەقتۇر، سۇر چېلىنىدىغان كۈندىكى (قىيامەت كۈنىدىكى) پادىشاھلىق ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئاللاھ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا نەرسىلەرنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن) خەۋەرداردۇر.» يەنى ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئاسمانلار بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ھېكمەت بىلەن ياراتقان ھەمدە ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان ۋە ئۇلارنى ئىدارە قىلىۋاتقان زات ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھېچقاچان بىكارغا ياراتمىغان. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇ، بىر نەرسىنى يوقلۇق ئالەمىدىن بارلىق ئالەمگە چىقىرىش ۋە ئۇنىڭ سۈرئىتىنى كۆرسىتىدىغان بىر مىسالدۇر. بولمىسا بۇ يەردە ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئەمر قىلىنغان ئەمەس. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئىش، ئاللاھ تائالانىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېيىشى بىلەنلا دەرھال ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ سۆزى ھەقتۇر، قىيامەت كۈنىدىكى پادىشاھلىق ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشى ئۈچۈن ئىسراپىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چالىدىغان كۈندىكى پادىشاھلىقمۇ

ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى، جىملىدىن ھېس - تۇيغۇ ئورگانلىرىنىڭ ۋە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، شۇنداقلا سىلەر كېچە - كۈندۈز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بارلىق نەرسىلەرنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

**ئەسكەرتىش:** ئەل ھاكىم مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ «غەيبلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى ئۇنىڭ دەرگاھىدىدۇر» دېگەن سۆزى، ئىمامىيە مەزھىبىنىڭ «ئىمام بەزى غەيب ئىشلارنى بىلىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەنمۇ شۇنداق دەيمەنكى: «بۇ پۈتۈنلەي يالغان ۋە بوھتاندۇر. چۈنكى غەيبنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلەلمەيدۇ».

وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِيمُ لِأَبِيهِ ءَازَرَ أَتَتَّخِذُ أَصۡنَامًا ءَالِهَةً إِنِّيٓ
أَرَىٰكَ وَقَوۡمَكَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ﴿٧٤﴾ وَكَذَٰلِكَ نُرِيٓ إِبۡرَٰهِيمَ
مَلَكُوتَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلِيَكُونَ مِنَ ٱلۡمُوقِنِينَ ﴿٧٥﴾
فَلَمَّا جَنَّ عَلَيۡهِ ٱلَّيۡلُ رَءَا كَوۡكَبٗاۖ قَالَ هَٰذَا رَبِّيۖ فَلَمَّآ
أَفَلَ قَالَ لَآ أُحِبُّ ٱلۡأٓفِلِينَ ﴿٧٦﴾ فَلَمَّا رَءَا ٱلۡقَمَرَ بَازِغٗا قَالَ
هَٰذَا رَبِّيۖ فَلَمَّآ أَفَلَ قَالَ لَئِن لَّمۡ يَهۡدِنِي رَبِّي لَأَكُونَنَّ
مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلضَّآلِّينَ ﴿٧٧﴾ فَلَمَّا رَءَا ٱلشَّمۡسَ بَازِغَةٗ قَالَ
هَٰذَا رَبِّي هَٰذَآ أَكۡبَرُۖ فَلَمَّآ أَفَلَتۡ قَالَ يَٰقَوۡمِ إِنِّي بَرِيٓءٞ
مِّمَّا تُشۡرِكُونَ ﴿٧٨﴾ إِنِّي وَجَّهۡتُ وَجۡهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضَ حَنِيفٗاۖ وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٧٩﴾ وَحَآجَّهُۥ

قَوۡمُهُۥۚ قَالَ أَتُحَٰٓجُّوٓنِّي فِي ٱللَّهِ وَقَدۡ هَدَىٰنِۚ وَلَآ أَخَافُ مَا
تُشۡرِكُونَ بِهِۦٓ إِلَّآ أَن يَشَآءَ رَبِّي شَيۡـٔٗاۚ وَسِعَ رَبِّي كُلَّ شَيۡءٍ
عِلۡمًاۚ أَفَلَا تَتَذَكَّرُونَ ٨٠ وَكَيۡفَ أَخَافُ مَآ أَشۡرَكۡتُمۡ
وَلَا تَخَافُونَ أَنَّكُمۡ أَشۡرَكۡتُم بِٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ
عَلَيۡكُمۡ سُلۡطَٰنٗاۚ فَأَيُّ ٱلۡفَرِيقَيۡنِ أَحَقُّ بِٱلۡأَمۡنِۖ إِن كُنتُمۡ
تَعۡلَمُونَ ٨١ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمۡ يَلۡبِسُوٓاْ إِيمَٰنَهُم بِظُلۡمٍ
أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلۡأَمۡنُ وَهُم مُّهۡتَدُونَ ٨٢ وَتِلۡكَ حُجَّتُنَآ
ءَاتَيۡنَٰهَآ إِبۡرَٰهِيمَ عَلَىٰ قَوۡمِهِۦۚ نَرۡفَعُ دَرَجَٰتٖ مَّن نَّشَآءُۗ
إِنَّ رَبَّكَ حَكِيمٌ عَلِيمٞ ٨٣ وَوَهَبۡنَا لَهُۥٓ إِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَۚ
كُلًّا هَدَيۡنَاۚ وَنُوحًا هَدَيۡنَا مِن قَبۡلُۖ وَمِن ذُرِّيَّتِهِۦ دَاوُۥدَ
وَسُلَيۡمَٰنَ وَأَيُّوبَ وَيُوسُفَ وَمُوسَىٰ وَهَٰرُونَۚ وَكَذَٰلِكَ
نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٨٤ وَزَكَرِيَّا وَيَحۡيَىٰ وَعِيسَىٰ وَإِلۡيَاسَۖ
كُلّٞ مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ٨٥ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَٱلۡيَسَعَ وَيُونُسَ وَلُوطٗاۚ
وَكُلّٗا فَضَّلۡنَا عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ٨٦ وَمِنۡ ءَابَآئِهِمۡ وَذُرِّيَّٰتِهِمۡ
وَإِخۡوَٰنِهِمۡۖ وَٱجۡتَبَيۡنَٰهُمۡ وَهَدَيۡنَٰهُمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ٨٧
ذَٰلِكَ هُدَى ٱللَّهِ يَهۡدِي بِهِۦ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۚ
وَلَوۡ أَشۡرَكُواْ لَحَبِطَ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٨٨ أُوْلَٰٓئِكَ
ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحُكۡمَ وَٱلنُّبُوَّةَۚ فَإِن يَكۡفُرۡ
بِهَا هَٰٓؤُلَآءِ فَقَدۡ وَكَّلۡنَا بِهَا قَوۡمٗا لَّيۡسُواْ بِهَا بِكَٰفِرِينَ ٨٩
أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ هَدَى ٱللَّهُۖ فَبِهُدَىٰهُمُ ٱقۡتَدِهۡۗ قُل لَّآ أَسۡـَٔلُكُمۡ
عَلَيۡهِ أَجۡرًاۖ إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرَىٰ لِلۡعَٰلَمِينَ ٩٠ وَمَا قَدَرُواْ

ٱللَّهَ حَقَّ قَدۡرِهِۦٓ إِذۡ قَالُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَىٰ بَشَرٖ مِّن شَيۡءٖۗ
قُلۡ مَنۡ أَنزَلَ ٱلۡكِتَٰبَ ٱلَّذِي جَآءَ بِهِۦ مُوسَىٰ نُورٗا وَهُدٗى
لِّلنَّاسِۖ تَجۡعَلُونَهُۥ قَرَاطِيسَ تُبۡدُونَهَا وَتُخۡفُونَ كَثِيرٗاۖ
وَعُلِّمۡتُم مَّا لَمۡ تَعۡلَمُوٓاْ أَنتُمۡ وَلَآ ءَابَآؤُكُمۡۖ قُلِ ٱللَّهُۖ ثُمَّ
ذَرۡهُمۡ فِي خَوۡضِهِمۡ يَلۡعَبُونَ ﴿٩١﴾ وَهَٰذَا كِتَٰبٌ أَنزَلۡنَٰهُ مُبَارَكٞ
مُّصَدِّقُ ٱلَّذِي بَيۡنَ يَدَيۡهِ وَلِتُنذِرَ أُمَّ ٱلۡقُرَىٰ وَمَنۡ حَوۡلَهَاۚ
وَٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ يُؤۡمِنُونَ بِهِۦۖ وَهُمۡ عَلَىٰ صَلَاتِهِمۡ
يُحَافِظُونَ ﴿٩٢﴾ وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوۡ
قَالَ أُوحِيَ إِلَيَّ وَلَمۡ يُوحَ إِلَيۡهِ شَيۡءٞ وَمَن قَالَ سَأُنزِلُ مِثۡلَ
مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُۗ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلظَّٰلِمُونَ فِي غَمَرَٰتِ ٱلۡمَوۡتِ
وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ بَاسِطُوٓاْ أَيۡدِيهِمۡ أَخۡرِجُوٓاْ أَنفُسَكُمُۖ ٱلۡيَوۡمَ
تُجۡزَوۡنَ عَذَابَ ٱلۡهُونِ بِمَا كُنتُمۡ تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ غَيۡرَ
ٱلۡحَقِّ وَكُنتُمۡ عَنۡ ءَايَٰتِهِۦ تَسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٩٣﴾ وَلَقَدۡ جِئۡتُمُونَا
فُرَٰدَىٰ كَمَا خَلَقۡنَٰكُمۡ أَوَّلَ مَرَّةٖ وَتَرَكۡتُم مَّا خَوَّلۡنَٰكُمۡ
وَرَآءَ ظُهُورِكُمۡۖ وَمَا نَرَىٰ مَعَكُمۡ شُفَعَآءَكُمُ ٱلَّذِينَ
زَعَمۡتُمۡ أَنَّهُمۡ فِيكُمۡ شُرَكَٰٓؤُاْۚ لَقَد تَّقَطَّعَ بَيۡنَكُمۡ وَضَلَّ
عَنكُم مَّا كُنتُمۡ تَزۡعُمُونَ ﴿٩٤﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىنى ھەممىدە بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان كەسكىن دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمدى ئاللاھ تائالا

بۇتلارنى مۇقەددەسلەشتۈرگەن ئەرەب مۇشرىكلىرىغا قارشى دەلىل كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە پۈتۈنلەي زىت بولغان ھەقىقىي تەۋھىد ئېتىقادىنىڭ ئۇلۇ تېشىنى سېلىپ بەرگەنىدى. دەرۋەقە، پۈتكۈل مىللەتلەر بىلەن بارلىق قەۋملەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى ۋە شەنىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ شان - شەرىپىنى زىكىر قىلىدۇ ۋە رەسۇلۇللاھنى ئۇلارنىڭ توغرا يولىنى بويلاپ مېڭىشقا بۇيرۇيدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەھۇدىيلاردىن مالىك ئىبنى سەيف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش قىلىشقا باشلىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى نازىل قىلغان ئاللاھ تائالا نامىدىن قەسەم قىلالامسەن؟ تەۋراتتا ئاللاھ تائالانىڭ سېمىز ئالىملارغا غەزەپ قىلغانلىقىغا دائىر ئايەت بارلىقىنى بىلەمسەن؟» مالىك ئىبنى سەيف سېمىز بىر ئالىم ئىدى. شۇڭا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىگە قاتتىق خاپا بولۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ نامىدىن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى» بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭغا: «ساڭا لەنەت بولسۇنكى، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ ھېچنېمە نازىل قىلمىدىمۇ؟» دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «ئۇلار

ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. ئۇلار (يەھۇدىيلار) ئۆز ۋاقتىدا: ‹ئاللاھ ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى› دېدى (ۋەھيىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى)...»

**تەپسىرى:** 74. «ئۆز ۋاقتىدا، ئىبراھىم ئۆز ئاتىسى ئازەرگە: ‹(سەن ئۆزۈڭنى ياراتقان ئاللاھنى قويۇپ) بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالامسەن؟ مەن سېنى ۋە قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن ئېنىق گۇمراھلىقتا كۆرۈمەن› دېدى»، يەنى ئى مۇھەممەد! ئىبراھىمنىڭ دىنى ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىۋاتقان بۇتپەرەس قەۋمىڭگە، ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئاتىسى ئازەرنى ئەيىبلەپ ئۇنىڭغا: «(سەن ئۆزۈڭنى ياراتقان، سېنى شۇنداق چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزگەن ۋە ساڭا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز رىزىق ئاتا قىلغان ئاللاھنى قويۇپ) بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالامسەن؟ سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ ھەقىقەتەن ئېنىق گۇمراھلىق ئىچىدىسىلەر» دېگەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتكىن. 75. «ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، (ئۇنىڭغا ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك) بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆر-سەتتۇق.» يەنى، ئىبراھىمنىڭ تەۋھىد بارىسىدا قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك، بىز ئىبراھىمغا يەنە ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق سەلتەنىتىنى كۆرسەتتۇق. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭغا ئاسمانلار بىلەن زېمىن كەڭ ئېچىلدى. ئۈستۈنكى ئالەم بىلەن ئاستىنقى ئالەمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز كۆزى

بىلەن كۆردى. 76. «ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (قەۋمىنىڭ سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن): <بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر> دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، <مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى (يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى) ياقتۇرمايمەن> دېدى» ، يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتكەن چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (بۇ چولپان ياكى يۇپىتېر يۇلتۇزىدۇر): «سىلەرنىڭ گۇمانىڭلارچە مېنىڭ پەرۋەردىگارىم مانا مۇشۇ» دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى رەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ئاددىي ساۋات ئارقىلىق تەدرىجى مات قىلىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنىدى. چۈنكى ئۇ، قەۋمىنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنۇش بارىسىدا جاھالەت قوينىغا ئۆزلىرىنى ئاتقانلىق خاتالىقىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىپ قويماقچىدى. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى بىلەن قەۋمى بۇتلارغا ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇناتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىنبىر مەقسىدى، كەسكىن دەلىل كەلتۈرۈش ۋە نەزەرىيە ئارقىلىق قەۋمىنىڭ جاھالەت ئىچىدە ئىكەنلىكىنى قەۋمىگە بىلدۈرۈپ قويۇش، شۇنداقلا ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسىگە، يۇلتۇزلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئىلاھ بولالمايدىغانلىقى، شۇ يۇلتۇزلارنى ياراتقان، ئۇلارنىڭ تۇغۇش - پېتىش، بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە سەير قىلىش ۋە يۆتكىلىشلىرىدە ئۇلارنى كونترول قىلىۋاتقان بىر كۈچنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت روشەن ھەقىقەتنى بىلدۈرۈپ

قويماقچىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېگەن سۆزى، گويا رەقىبىنىڭ باتىل يولدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلغان كىشىنىڭ سۆزىگە ئوخشايتتى. دەرۋەقە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سۆزىنى توغرا دەپ تۇرۇۋالماي رەقىبىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان. چۈنكى بۇ خىل مۇئامىلە ئاخىرىدا ھەقىقەت مەنزىلگاھىغا ئېلىپ بارىدۇ. مەقسەتكە كەلسەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتنى قايتا - قايتا ئىسپاتلاپ بېرىش ۋە روشەن دەلىللەر ئارقىلىق ئۆز ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ ئاللىقانداق گۇمانلىرىنى يوققا چىقارغان. چولپان پېتىپ كېتىۋىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «مەن پېتىپ كېتىدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىشنى ياقتۇرمايمەن. چۈنكى مەبۇدنىڭ ئۆزگىرىشچان بولۇشى ۋە بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكىلىپ يۈرۈشى توغرا ئەمەس. بۇلار جىسىملارغا خاس خۇسۇسىيەتلەردۇر» دېدى. 77. «ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): <بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر> دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، <ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇچى قەۋمنىڭ قاتارىدا بولىدىكەنمەن> دېدى» ، يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاينىڭ تۇغۇپ ئەتراپقا نۇر چېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە: «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق قەۋمى چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، بۇنداق نەرسىلەرگە چوقۇنغۇچىلارنىڭ ھاماقەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچىدى. ئايمۇ پېتىپ كېتىۋىدى، ئىبراھىم

ئەلەيهىسسالام: «ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى هىدايەت قىلىپ توغرا يولغا باشلىمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇنچى قەۋمنىڭ قاتارىدا بولىدىكەنمەن» دېدى. بۇ يەردە ئىبراھىم ئەلەيهىسسالام قەۋمىنىڭ جاهالەت قوينىدا ئىكەنلىكىنى ھەجۋى قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىلدۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلغان. 78. «ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): ‹بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، بۇ ھەممىدىن (يۇلتۇز بىلەن ئايدىن) چوڭدۇر› دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: ‹ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن ئادا - جۇدامەن.›» يەنى، ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە: «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، بۇ يۇلتۇزلار بىلەن ئايغا قارىغاندا چوڭراق ئىكەن» دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ: «ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلاردىنمۇ، سىلەر ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىنمۇ ئادا - جۇدامەن» دېدى. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ئەلەيهىسسالام ئۆزى كۆرگەن شۇ يۇلتۇزنىڭ مەبۇد بولۇشقا لايىق ئەمەسلىكىنى قەۋمىگە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ پارلاق ۋە نۇرلۇق بولغان ئاينىڭ تۇغۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇمۇ پېتىپ كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، قۇياشنىڭ تۇغۇشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. چۈنكى قۇياش ئايغا قارىغاندا تېخىمۇ پارلاق، تېخىمۇ نۇرلۇق، تېخىمۇ چوڭ ۋە تېخىمۇ پايدىلىق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇنداق قىلىشتىن مەقسىدى، بۇنى ئۇلارغا قارشى دەلىل كەلتۈرۈش ۋە قۇياشنىڭمۇ يۇلتۇزلارغا ئوخشاشلا كېيىن يارىتىلغانلىقىنى

ئەنە شۇ يوسۇندا بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ناھايىتى روشەنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە قەۋمى بىلەن ئىلمىي يوسۇندا مۇنازىرىلىشىپ، ئۇلارنىڭ بۇتلارغا ھەمدە نۇۋەت بىلەن سەييارىلەرنىڭ ئەڭ پارلىقى بولغان قۇياش، ئاي ۋە چولپان يۇلتۇزى قاتارلىق ھەرىكەت قىلغۇاتقان سەييارىلەرگە ئىبادەت قىلىشىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئاددىي ساۋاتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەرگەن. جۈملىدىن، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان شۇ ئەڭ پارلاق ئۈچ ئاسمان جىسىمىنىڭ ئىلاھ ئەمەسلىكى ئايدىڭلىشىپ كەسكىن دەلىللەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھامان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈۋاتقان بۇتلاردىن ئادا جۇدامەن.» دېدى. 79. «مەن ھەقىقەتەن، باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن.>» يەنى، مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلارنى قويۇپ ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ ھەم ئېتىقادىمدا ھەم ئەمەلىي ھەرىكىتىمدە ئالەملەرنى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوق يەردىن ياراتقان زات ئاللاھ تائالاغا يۈزلەندىم، مەن ئىبادەتتە باشقىلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىغانلاردىن ئەمەسمەن. 80. «ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى، ئىبراھىم ئېيتتىكى، <مېنى ئاللاھ ھىدايەت قىلغان تۇرسا، مەن بىلەن ئاللاھ (نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بىرلىكى) توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن قورقمايمەن، پەقەت پەرۋەردىگارىمنىڭلا خالىغان نەرسىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ بىلىمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان، (مەبۇدلىرىڭلارنىڭ ماڭا ھېچبىر زىيان يەتكۈ- زەلمەيدىغانلىقىنى) ئويلىمامسىلەر!>» يەنى، تەۋھىد بارىسىدا ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش قىلىشتى ۋە مۇنازىرىلەشتى.[1] ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرى توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئىلاھلىرى ئارقىلىق ئۇنى قورقۇتۇشقا ئۇرۇندى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامۇ ئۇلارنى قاتتىق ئەيىپلەپ مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بىرلىكى توغرۇلۇق سىلەر تېخى مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ماڭا ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلغان ۋە ماڭا ھىدايەت قىلىپ، مېنى توغرا

---

[1] بەزى مۇپەسسىرلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇلتۇز ئۈچۈن قىلغان: «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېگەن سۆزىنى، ئۇ بالىلىق ۋاقتىدا، ئاللاھ تائالانى تونۇش توغرىسىدىكى پىكرى تولۇق پىشىپ يېتىلىشتىن بۇرۇن دېگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. توغرا دەپ قارالغىنى پۈتكۈل ئالىملار پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىشقان مۇنۇ قاراشتۇر: بۇ سۆز، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمى بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئەسناسىدا ئۇلارنىڭ يۇلتۇزلارغا، قۇياشقا ۋە ئايغا چوقۇنۇشلىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېيتقان بىر سۆزدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ رەقىبلىرىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئوخشاش ئىبارىنى ئىشلىتىپ، «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېيىشى، دەلىللەرنىڭ ئەڭ كەسكىنى ۋە ئەڭ روشىنىدۇر. «تەۋھىد بارىسىدا ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن دە تالاش قىلىشتى ۋە مۇنازىرىلەشتى»، «ئۆز قەۋمىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئىبراھىمغا بەرگەن دەلىلىمىز ئەنە شۇدۇر.» ئايەتلىرى، ھاپىز ئىبنى كەسىرمۇ ئېيتقانىدەك، بۇ، ماقامنىڭ تەپەككۇر ماقامى ئەمەس، دەل ئەكسىچە مۇنازىرە ماقامى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ۋە توغرا يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ پېشىۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جانابى ئاللاھ ھەققىدە شەكلىنىپ قېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. فەخرۇر رازى، بارلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇ ھەقتە 12 دەلىل كەلتۈرگەن. قالغىنىغا ئاللاھ ئەڭ ئالىمدۇر.

يولغا باشلىغان تۇرسا؟ شۇڭا، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن قىلچىمۇ قورقۇپ قالمايمەن، چۈنكى، سىلەر ئاللاھ دەپ چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلىرىڭلار نە بىرەر پايدا يەتكۈزۈشكە، نە بىرەر زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەس. يەنە كېلىپ ئۇلار ھەم ئاڭلىيالمايدۇ ھەم كۆرەلمەيدۇ. قىسقىسى، ئۇلار سىلەر دەۋا قىلىۋاتقان ئىشلاردىن ھېچبىرىنى روياپقا چىقىرالمايدۇ. بىراق، پەرۋەردىگارىمنىڭلا خالىغان نەرسىسى بولىدۇ. جۈملىدىن، پەرۋەردىگارىم بېشىمغا بىرەر مۇسىبەتنىڭ كېلىشىنى ئىرادە قىلسا چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. پەرۋەردىگارىمنىڭ بىلىمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر، سىلەر يەنىلا ئىبرەت ئالمايۋاتامسىلەر؟» بۇ سوئال ئۇلارنى ئەيىپلەش يۈزىسىدىن سورالغان. يەنە كېلىپ بۇ سوئال ئۇلارنىڭ غەپلەت ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان كەسكىن دەلىللەر ئوتتۇرىغا چىققىنىغا قارىماي، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىگە قىلچە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتى ۋە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتى. مەبۇدلىرىڭلارنىڭ ماڭا ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىمامسىلەر! 81. «ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە ئاللاھ سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم! ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىڭلارچۇ)، بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز قورقماسلىققا ئەڭ تېگىشلىك.» يەنى، ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە ھېچقانداق دەلىل -

ئىسپاتنىڭلار بولمىسىمۇ بۇتلارنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈپ، ھەممە نەرسىگە قادىر ئاللاھ تائالادىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم! ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار، قېنى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز قورقماسلىققا ئەڭ تېگىشلىك. سىلەرمۇ؟ ياكى بولمىسا بىزمۇ؟ بىز ئاللاھ تائالانى دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق تونۇدۇق، شۇڭا ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلدۇق ۋە قىلىۋاتىمىز. سىلەر بولساڭلار ئۇنىڭغا بۇتلارنى شېرىك كەلتۈردۈڭلار ۋە بىردىنبىر ھېساب ئالغۇچى بولغان ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلدىڭلار. 82. «ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر ، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.» يەنى، ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان ۋە ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر ۋە توغرا يولنى بويلاپ ماڭغۇچىلاردۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئايەت نازىل بولغان چاغدا ساھابىلەر قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، رەسۇلۇللاھقا: «قايسى بىرىمىز ئۆز نەپسىمىزگە زۇلۇم قىلمايمىز؟» دېيىشكەن. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى سىلەر چۈشەنگەندەك ئەمەس، بۇ ئايەت لوقمان ھېكىم ئوغلىغا ئېيتقان مەنىدە كەلگەن» دېگەن. «ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: <ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر> دېدى.» 83. «ئۆز قەۋمىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئىبراھىمغا بەرگەن دەلىلىمىز ئەنە شۇدۇر، خالىغان كىشىمىزنى بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىمىز، پەرۋەردىگارىڭ

ھەقىقەتـەن ھېكمـەت بىلـەن ئىـش قىلغۇچىـدۇر، ھەممىنـى بىلگۈچىـدۇر.» يەنـى، بۇ يەردىكـى «شۇ» ئىبارىسـى، ئاللاھ تائالانىـڭ دوسـتى ئىبراھىـم ئەلەيھىسسـالامنى كۈچلەنـدۈرۈش مەقسـىتىدە زىكىـر قىلغـان كەسـكىن دەلىللەرنـى كۆرسـىتىدۇ. يەنـى، ئىبراھىـم ئەلەيھىسسـالام ئاللاھ تائالانىـڭ يەككـە - يېگانىلىقـى توغرۇلـۇق كەلتۈرگـەن قۇياش، ئـاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ پېتىـپ كۆزدىـن غايىـب بولـۇپ كېتىشـى قاتارلىـق دەلىللـەر، ئۆز قەۋمىگـە رەددىيـە بېرىشـتە ئىبراھىمغا كەسـكىن دەلىل بولسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەرگـەن دەلىللـەردۇر. بىـز خالىغان كىشـىمىزنى ئىلىم، ئەقىـل - پاراسـەت ۋە پەيغەمبەرلىك ئاتـا قىلىش ئارقىلىق بىـر قانچـە دەرىجـە كۆتۈرىمـىز، پەرۋەردىگارىـڭ ھەقىقەتـەن ھېكمـەت بىلـەن ئىـش قىلغۇچىـدۇر، ھەممىنـى پۇختـا ئورۇنلاشـتۇرغۇچىدۇر، ھەممىنـى تولۇق بىلگۈچىـدۇر، ھېچقانداق نەرسـە ئاللاھ تائالاغـا مەخپىـي قالمايـدۇ. 84. «بىـز ئىبراھىمغا ئىسـھاقنى، يەئقۇبنـى ئاتـا قىلـدۇق. ئۇلارنىـڭ ھـەر بىرىنـى ھىدايـەت قىلـدۇق. (ئىبراھىمدىـن) ئىلگىـرى نۇھنـى ھىدايـەت قىلـدۇق، ئىبراھىمنىـڭ ئەۋلادىدىـن داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۇسـۇف، مۇسـا، ھارۇنلارنـى ھىدايـەت قىلـدۇق، ياخشـى ئىـش قىلغۇچىلارنـى مۇشـۇنداق مۇكاپاتلايمـىز.» يەنـى، نەسـلى داۋام قىلىشـى بىلـەن كۆڭلـى شـاد - خۇراملىققـا تولسـۇن دەپ، بىـز ئىبراھىمغا ئوغلـى ئىسـھاقنى ۋە نەۋرىسـى يەئقۇبنى ئاتـا قىلدۇق. ئۇلارنىـڭ ھـەر بىرىگـە بەخـت - سـائادەتلىك بولـۇش يولىنـى كۆرسـەتتۇق، پەيغەمبەرلىك ۋە ھېكمـەت ئاتـا قىلـدۇق. ئىبنـى كەسـىر مۇنـداق دەيـدۇ: بۇ يـەردە ئاللاھ تائالانىـڭ، ياشـىنىپ قېلىـپ پەرزەنـت يـۈزى كـۆرۈش ئىقتىدارىدىـن قالغـان بىـر پەيتتـە، ئىبراھىـم ئەلەيھىسسـالامغا ئوغلـى ئىسـھاقنى ئېھسـان

قىلىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە نەسلىنىڭ داۋام قىلىدىغانلىقى بىلەن ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. بۇ ئەڭ كاتتا خۇش خەۋەر، شۇنداقلا ئەڭ بۈيۈك نېمەتتۇر. بۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۆز قەۋمىدىن ئادا - جۇدا بولۇش ۋە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ھىجرەت قىلىپ كېتىشتەك خىزمىتىگە قارىتا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن بىر مۇكاپات. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى يايرىسۇن دەپ ئۇنىڭغا قەۋمى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئورنىغا ئۆز نەسلىدىن ياخشى ئەۋلادلارنى ئاتا قىلدى. بىز ئىبراھىمدىن ئىلگىرىمۇ نۇھقا توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويغانىدۇق، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى بولغانلىقتىن، بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئالدى بىلەن ئىبراھىمنىڭ ئوغۇللىرىنى، ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنىڭ شان - شەرىپىنى زىكىر قىلدى. ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن[1] شۇ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق: داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۈسۈف، مۇسا، ھارۇن قاتارلىقلار. ئاللاھ تائالا ئالدى بىلەن داۋۇد بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭناملىرىنى زىكىر قىلدى. چۈنكى بۇ ئىككىسى ھەم پەيغەمبەر بولدى ھەم ھۆكۈمران بولدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام داۋۇد

---

[1] «زۇررىيەتىھى» ئىبارىسىدىكى ئالماش ھەققىدە ئىككى تۈرلۈك قاراش بار. بىرىنچى تۈرلۈك قاراشقا كۆرە، بۇ ئالماش نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قايتىدۇ. فەررا بىلەن ئىبنى جەرىر بۇ قاراشنى تاللىغان. يەنە بىر قاراشقا كۆرە، بۇ ئالماش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قايتىدۇ. بۇ، ئەتانىڭ قارىشىدۇر. ئەبۇسسۇئۇدمۇ بۇ قاراشنى تاللىغان. چۈنكى ئايەتتىكى بايانلارنىڭ تەرەققىياتى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر. ئاللاھ تائالا ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى بىرلىكتە زىكىر قىلدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام سىناق ۋە مۇسىبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشتە ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇ ئىككىسىنى بىرلىكتە زىكىر قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام قېرىنداش بولغانلىقتىن ئىككىسىنى بىرلىكتە زىكىر قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام كەلىمۇللاھ (ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى) بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەنە شۇنداق قىممەتلىك مۇكاپات بەرگىنىمىزدەك، ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىدا ساداقەت بىلەن چىڭ تۇرۇپ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىمۇ مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

85. «زەكەرىيا، يەھيا، ئىيسا ۋە ئىلياسلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر.» يەنى، ئاللاھ تائالا زەكەرىيا، يەھيا، ئىيسا ۋە ئىلياسلارنى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيادىن يۈز ئۆرۈش، تەقۋادارلىق ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانىغا بىجانىدىل ئەمەل قىلىدىغان ياخشى بەندىلەردىن بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىمۇ بىرلىكتە زىكىر قىلدى. دەرۋەقە بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر. 86. «ئىسمائىل، ئىليەسە، يۇنۇس ۋە لۇتلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنى (ئۆز زامانىدىكى) تامامى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق»، يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى، ئىليەسەنى، مەتتەنىڭ ئوغلى يۇنۇسنى ۋە ھارۇننىڭ ئوغلى لۇتنى (ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەنى ئىدى) ئەۋەتتۇق. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان زاتلارنىڭ ھەممىسىگە

پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلدۇق ۋە ئۇلارنى ئۆز زامانىدىكى پۈتكۈل جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق. 87. «ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن بەزىلىرىنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنى تاللىدۇق، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىدۇق.» يەنى، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن كۆپ ساندىكىلىرىنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنى تاللىدۇق ۋە توغرا يولغا يېتەكلىدۇق. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: گەرچە بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدا تۇغۇلۇش ۋاستىسى ئارقىلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپ بولمىغانلار بار بولسىمۇ، بىراق تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ھەممىسىنىڭ نەسلى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. 88. «ئاللاھنىڭ يولى ئەنە شۇدۇر، ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرنى شۇ يولغا باشلايدۇ. ئەگەر ئۇلار (شۇ پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە، بىكار بولۇپ كېتەتتى.» يەنى، ھىدايەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ يولى ئەنە شۇدۇر، ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرنى ئەنە شۇ يولغا باشلايدۇ. ئەگەر ئاشۇ پەيغەمبەرلەر شۇنداق كاتتا پەزىلەتلەرگە ۋە مەرتىۋىلىرىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قارىماي ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى چوقۇم بىكار بولۇپ كېتەتتى. بۇنداق ئىكەن، باشقىلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟ 89. «ئۇلارغا كىتابنى، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇق، ئەگەر بۇ مۇشرىكلار ئۇلارنى (كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىكنى) ئىنكار قىلسا، ئۇلارنى ئىنكار قىلمايدىغان باشقا بىر قەۋمگە تاپشۇرىمىز.» يەنى،

ئەنە شۇلار ئۆزلىرىگە كىتابلارنى نازىل قىلىش، ئىلاھىي ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئېھسان قىلغان زاتلاردۇر. ئى مۇھەممەد! ئەگەر سېنىڭ زامانىڭدىكى بۇ مۇشرىكلارمۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلسا، ئۇلار شۇنى بىلىشلىرى كېرەككى، بىز ئۇلارنى ئىنكار قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلارنى جان تىكىپ قوغدايدىغان پەيغەمبەر ۋە رەسۇللىرىمىزغا تاپشۇرىمىز.[1] 90. «ئەنە شۇلار (مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، <قۇرئاننى تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، قۇرئان پەقەت پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر.>» يەنى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشكەن يېتەكچىلەردۇر، ئۇلارنى ئۈلگە قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە ئېيتقىنكى، «قۇرئاننى تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، قۇرئان پەقەت پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر.» 91. «ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. ئۇلار (يەھۇدىيلار) ئۆز ۋاقتىدا: <ئاللاھ ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى> دېدى (ۋەھيىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى). (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر، ھىدايەت بولغان كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟ ئۇ كىتابنى پارچە - پارچە

---

[1] ئىبنى ئابباسنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەتتە مەدىنىلىك ئەنسارلار كۆزدە تۇتۇلغان. قەتادەنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان 18 كىشى پەيغەمبەردۇر. بۇ قاراشنى زەججاج ئىبنى جەرىرمۇ تاللىغان.

قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، بىر قىسمىنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىسىلەر. (ئى يەھۇدىيلار!) سىلەرگە ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا - بوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر بىلدۈرۈلدى، (بۇ قۇرئاننى) ئاللاھ (نازىل قىلدى)›. ئاندىن ئۇلارنى تەرك ئەتكىنكى، ئۇلار باتىللىرىدا (قالايمىقان سۆزلىرىدە) ئويناپ يۈرسۇن» ، يەنى ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى ۋە ئۇلۇغلاشمىدى. چۈنكى ئۇلار ۋەھيىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشىنى ئىنكار قىلىپ: «ئاللاھ ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى» دېيىشتى. شۇنداق دېگۈچىلەر لەنتى يەھۇدىيلار بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل قىلىنىشىنى جان - جەھلى بىلەن ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق قەبىھ سۆزلەرنى قىلىشتى. ئى مۇھەممەد! ئاشۇ سەركەش يەھۇدىيلارغا ئېيتقىنكى، «ئىنسانلارنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن مەرىپەت يورۇقلۇقىغا چىقىرىدىغان نۇر ۋە بەنى ئىسرائىلغا ھىدايەت بولغان تەۋراتنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كىم نازىل قىلدى؟ ئۇ كىتابنى پارچە - پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، بىر قىسمىنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىسىلەر.» تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى بىلەن پەيغەمبەرلىكىنى خەلقتىن يوشۇرغىنى دەل مۇشۇ ئايەتلەردۇر. ئى يەھۇدىيلار! بۇ قۇرئاندا سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ۋە ھىدايىتىدىن ئىلگىرى نە ئۆزۈڭلار ۋە نە ئاتا - بوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر بىلدۈرۈلدى. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا جاۋاب سۈپىتىدە: «بۇ قۇرئاننى ئاللاھ نازىل قىلدى» دېگىن. ئاندىن، ئۇلارنى تەرك ئەتكىنكى، ئۇلار چۆمۈپ كەتكەن باتىللىرىدا ۋە قالايمىقان سۆزلىرىدە

ئويناپ يۈرسۇن. بۇ ئايەتتە قىلمىشلىرى توپەيلى ئۇلار قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە ئۇلارغا تەھدىت سېلىنغان. 92. «بۇ (قۇرئان) مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىز نازىل قىلغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى مۇبارەك كىتابتۇر، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىدىغانلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، ئۇلار نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىدۇ.» يەنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان بۇ قۇرئان، ساناپ تۈگەتكۈسىز پايدا - مەنپەئەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇبارەك كىتابتۇر. بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «ئى مۇھەممەد! ساڭا نازىل قىلىنغان بۇ شانلىق قۇرئان مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى جۈملىدىن پۈتكۈل جاھان ئەھلىنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىز نازىل قىلغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىنى ئېتىراپ قىلغۇچى مۇبارەك كىتابتۇر.» ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش، مەھشەرگاھقا توپلىنىش ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىدىغانلار ئەنە شۇ شانلىق كىتاب (قۇرئان كەرىم) قىمۇ ئىمان ئېيتىدۇ، چۈنكى بۇ كىتاب ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ۋە يامان ئىش قىلغۇچىلارنى جازالاشتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى، يەنى خۇش خەۋەر ۋە تەھدىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ۋە تولۇق ئادا قىلىدۇ. ساۋى مۇنداق دەيدۇ: ناماز ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا پەقەت نامازنىلا زىكىر قىلغان. 93. «ئاللاھ

تائالاغا يالغان چاپلىغان ياكى ئۆزىگە ھېچ نەرسە ۋەھيى قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا ۋەھيى قىلىندى دېگەن، ياكى ئاللاھ نازىل قىلغاندەك مەنمۇ كىتاب نازىل قىلالايمەن دېگەن كىشىلەردىنمۇ زالىم كىشىلەر بارمۇ؟ (ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتتا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرىسەن)، پەرىشتىلەر (ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ: <سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر ئاللاھ توغرىسىدا ھەقسىز سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار (ئىپتىرا قىلغانلىقىڭلار، شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار، بالا نىسبەت بەرگەنلىكىڭلار) ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر> دەيدۇ.» بۇ سوئال بولۇشسىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئاللاھ تائالاغا يالغان چاپلاپ ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرگەن، ياكى ئۆزىگە ھېچ نەرسە ۋەھيى قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا ۋەھيى قىلىندى، دېگەن ئادەمدىنمۇ زالىمراق كىشى يوقتۇر. مەسىلەن، مۇسەيلەمەتۇل كاززاب ۋە ئەسۋەد ئىبنى ئەنسىگە ئوخشاش، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمىگەن تۇرۇقلۇق، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان كىشىلەردىنمۇ زالىمراق كىشى يوق. يەنە ئاللاھ نازىل قىلغاندەك مەنمۇ كىتاب نازىل قىلالايمەن دېگەن كىشىلەردىنمۇ زالىم كىشى يوق. دەرۋەقە، كاپىرلار ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق دېيىشكەنىدى: «ئەگەر خالىساق ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى بىزمۇ ئەلۋەتتە قىلالايتتۇق.» بۇ ھەقتە، ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت نەزر ئىبنى ھارىس ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرئان كەرىمنى مەسخىرە قىلغانلار ھەققىدە نازىل بولغان. چۈنكى ئۇ، قۇرئان كەرىمگە قارشى ئېغىزغا

ئالغىلى بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىپ تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئى مۇھەممەد! سەن ئاشۇ زالىملار سەكراتقا چۈشۈپ جان تالىشىۋاتقان ۋاقىتلىرىدىكى ھالىنى بىر كۆرسەڭ. ئەھۋالىنىڭ تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن شەرت قوشۇمچىسىنىڭ جاۋابى قىسقارتىلغان بولۇپ، ئەسلىسى مۇنداق: «ئەلۋەتتە، تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرىنى كۆرىسەن.» ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇلارنىڭ روھلىرىنىڭ بەدەنلىرىدىن چىقىشى ئۈچۈن يۈزلىرىگە ۋە ساغرىلىرىغا ئۇرۇپ، ئۇلارغا: «قېنى جانلىرىڭلارنى ئازابتىن قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دەيدۇ. زەمەخشەرىي بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «پەرىشتىلەر: ‹قېنى جانلىرىڭلارنى چىقىرىپ ئەكىلىڭلار!› دەيدۇ». بۇ، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ھەم قىلچە نەپەس ئالدۇرماي ھەم قىلچە مۆھلەت بەرمەستىن دەرھال جانلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن قاتتىق قوللۇق قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سىلەر ئاللاھ تائالاغا بوھتان چاپلىغانلىقىڭلار ۋە شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار، بالا نىسبەت بەرگەنلىكىڭلار، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمىگەنلىكىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمىگەنلىكىڭلار ۋە ئۇلارغا ئىشەنمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خورلىغۇچى ۋە دەھشەتلىك ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر. 94. «بىز دەسلەپتە سىلەرنى قانداق خەلق ئەتكەن بولساق دەرگاھىمىزغا شۇنداق تەنھا كەلدىڭلار، سىلەرگە بىز ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا (دۇنيادا) قويۇپ كەلدىڭلار، (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولۇشتا) ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ گۇمان قىلغان

شاپائەتچىلىرىڭلارنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ھەقىقەتەن ئۈزۈلدى، سىلەر (شاپائەت قىلىدۇ) دەپ گۇمان قىلغان بۇتلار بەربات بولدى.» يەنى، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز دەسلەپتە سىلەرنى قانداق خەلق ئەتكەن بولساق، دەرگاھىمىزغا ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئائىلە، پۇل - مال ۋە بالا - چاقىلىرىڭلاردىن ئايرىلىپ، ئاۋۋالقىدەكلا تەنھا، يالاڭئاياق، قىپيالىڭاچ ۋە خەتنە قىلىنمىغان ھالدا كېلىسىلەر. دەرۋەقە، ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا يالاڭئاياق، قىپيالىڭاچ ۋە خەتنە قىلىنمىغان ھالدا توپلىنىسىلەر.» ( بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) رەسۇلۇللاھ بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان: «شۇ كۈندە، مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز.» بىز دۇنيادا سىلەرگە ئاتا قىلغان پۇل - ماللارنى ئارقاڭلاردا قويۇپ كېلىسىلەر. ئەنە شۇ مۈشكۈل كۈندە ئۇلارنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. سىلەر شاپائەت قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان ۋە ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك بولۇشتا ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ چىن دىلىڭلاردىن ئىشەنگەن ئىلاھلىرىڭلارنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيمىز. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ئاللىقاچان ئۈزۈلگەن، سىلەر «شاپائەت قىلىدۇ» دەپ گۇمان قىلغان بۇتلارمۇ ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغاندۇر.

**ئىلاۋە:** بەزى مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، ئازەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئەمەس، بەلكى تاغىسى ئىدى. يەنە

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، «ئازەر» بۇتنىڭ ئىسمى ئىدى. توغرا بولغىنى، تەتقىقاتچى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىدۇر. تەتقىقاتچى مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، «ئازەر» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىدۇر. چۈنكى قۇرئان بىلەن سۈننەت بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. ئايەت ئازەرنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى ناھايىتى روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنى چۈشۈرمەيدۇ. بۇخارىينىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسى ئازەرنى ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى چاڭ - توزاڭ بېسىپ كەتكەن ھالدا ئۇچرىتىدۇ...» ئازەرنىڭ مۆمىن ئىكەنلىكى دەۋاسى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ دەلىللىرى ئارقىلىق رەت قىلىنغان. قالغىنىغا ئاللاھ تائالا ئەڭ ئالىمدۇر.

إِنَّ ٱللَّهَ فَالِقُ ٱلْحَبِّ وَٱلنَّوَىٰۖ يُخْرِجُ ٱلْحَىَّ مِنَ ٱلْمَيِّتِ
وَمُخْرِجُ ٱلْمَيِّتِ مِنَ ٱلْحَىِّۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُۖ فَأَنَّىٰ تُؤْفَكُونَ ﴿٩٥﴾
فَالِقُ ٱلْإِصْبَاحِ وَجَعَلَ ٱلَّيْلَ سَكَنًا وَٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ
حُسْبَانًاۚ ذَٰلِكَ تَقْدِيرُ ٱلْعَزِيزِ ٱلْعَلِيمِ ﴿٩٦﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ
لَكُمُ ٱلنُّجُومَ لِتَهْتَدُوا۟ بِهَا فِى ظُلُمَٰتِ ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِۗ قَدْ
فَصَّلْنَا ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿٩٧﴾ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنشَأَكُم
مِّن نَّفْسٍ وَٰحِدَةٍ فَمُسْتَقَرٌّ وَمُسْتَوْدَعٌۗ قَدْ فَصَّلْنَا
ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يَفْقَهُونَ ﴿٩٨﴾ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ
مَآءً فَأَخْرَجْنَا بِهِۦ نَبَاتَ كُلِّ شَىْءٍ فَأَخْرَجْنَا مِنْهُ خَضِرًا
نُّخْرِجُ مِنْهُ حَبًّا مُّتَرَاكِبًا وَمِنَ ٱلنَّخْلِ مِن طَلْعِهَا قِنْوَانٌ
دَانِيَةٌ وَجَنَّٰتٍ مِّنْ أَعْنَابٍ وَٱلزَّيْتُونَ وَٱلرُّمَّانَ مُشْتَبِهًا

وَغَيْرَ مُتَشَٰبِهٍۗ ٱنظُرُوٓاْ إِلَىٰ ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثْمَرَ وَيَنْعِهِۦٓۚ إِنَّ فِي
ذَٰلِكُمْ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوْمٖ يُؤْمِنُونَ ٩٩ وَجَعَلُواْ لِلَّهِ شُرَكَآءَ ٱلْجِنَّ
وَخَلَقَهُمْۖ وَخَرَقُواْ لَهُۥ بَنِينَ وَبَنَٰتِۭ بِغَيْرِ عِلْمٖۚ سُبْحَٰنَهُۥ
وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يَصِفُونَ ١٠٠ بَدِيعُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِۖ أَنَّىٰ
يَكُونُ لَهُۥ وَلَدٞ وَلَمْ تَكُن لَّهُۥ صَٰحِبَةٞۖ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٖۖ
وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٞ ١٠١ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا
هُوَۖ خَٰلِقُ كُلِّ شَيْءٖ فَٱعْبُدُوهُۚ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٖ وَكِيلٞ ١٠٢
لَّا تُدْرِكُهُ ٱلْأَبْصَٰرُ وَهُوَ يُدْرِكُ ٱلْأَبْصَٰرَۖ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ
ٱلْخَبِيرُ ١٠٣ قَدْ جَآءَكُم بَصَآئِرُ مِن رَّبِّكُمْۖ فَمَنْ أَبْصَرَ
فَلِنَفْسِهِۦۖ وَمَنْ عَمِيَ فَعَلَيْهَاۚ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيْكُم بِحَفِيظٖ ١٠٤
وَكَذَٰلِكَ نُصَرِّفُ ٱلْأٓيَٰتِ وَلِيَقُولُواْ دَرَسْتَ وَلِنُبَيِّنَهُۥ لِقَوْمٖ
يَعْلَمُونَ ١٠٥ ٱتَّبِعْ مَآ أُوحِيَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ
وَأَعْرِضْ عَنِ ٱلْمُشْرِكِينَ ١٠٦ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ أَشْرَكُواْۗ وَمَا
جَعَلْنَٰكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظٗاۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيْهِم بِوَكِيلٖ ١٠٧ وَلَا
تَسُبُّواْ ٱلَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ فَيَسُبُّواْ ٱللَّهَ عَدْوَۢا
بِغَيْرِ عِلْمٖۗ كَذَٰلِكَ زَيَّنَّا لِكُلِّ أُمَّةٍ عَمَلَهُمْ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِم
مَّرْجِعُهُمْ فَيُنَبِّئُهُم بِمَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ١٠٨ وَأَقْسَمُواْ بِٱللَّهِ
جَهْدَ أَيْمَٰنِهِمْ لَئِن جَآءَتْهُمْ ءَايَةٞ لَّيُؤْمِنُنَّ بِهَاۚ قُلْ إِنَّمَا
ٱلْأٓيَٰتُ عِندَ ٱللَّهِۖ وَمَا يُشْعِرُكُمْ أَنَّهَآ إِذَا جَآءَتْ لَا
يُؤْمِنُونَ ١٠٩ وَنُقَلِّبُ أَفْـِٔدَتَهُمْ وَأَبْصَٰرَهُمْ كَمَا لَمْ يُؤْمِنُواْ
بِهِۦٓ أَوَّلَ مَرَّةٖ وَنَذَرُهُمْ فِي طُغْيَٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ١١٠

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئالدى بىلەن تەۋھىد مەسىلىسىنى، ئاندىن پەيغەمبەرلىك مەسىلىسىنى بايان قىلىپ بەرگەنىدى. ئەمدى ئاللاھ تائالا يەنە ئەسلىي مەقسەتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ زاتى، سۈپەتلىرى ۋە تەسەررۇپلىرىنى تونۇش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇش ئۈچۈن، ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئىلمى، قۇدرىتى ۋە ھېكمىتىنىڭ چەكسىزلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى بايان قىلىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى ئابباس مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيش كاپىرلىرى ئەبۇ تالىبقا: «مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئىلاھلىرىمىزنى تىللاش ۋە ئۇلارغا تىل ئۇزىتىشتىن ۋاز كەچتۈرۈشۈڭ كېرەك، ئۇنداق بولمىسا بىزمۇ ئۇنىڭ ئىلاھىغا تىل ئۇزىتىپ ھاقارەت قىلىمىز» دېيىشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالا: «ئاللاھ تائالانى قويۇپ باشقىلارغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنى تىللايدۇ...» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە، مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھقا: «ئى مۇھەممەد! بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزغا تىل ئۇزىتىشتىن ۋاز كېچىشىڭ كېرەك، بولمىسا بىزمۇ سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭغا تىل ئۇزىتىمىز» دېيىشكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئايەت نازىل بولغان.

**تەپسىرى:** 95. «دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى بىخ ئۇرغۇزغۇچى ھەقىقەتەن ئاللاھتۇر، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچى ئەنە شۇ ئاللاھ تائالادۇر، (ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن)

قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟» يەنى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چىقىشى ئۈچۈن تۇپراقنىڭ ئاستىدىكى دانلارنى ۋە دەرەخلەرنىڭ چىقىشى ئۈچۈن ئۇرۇقچىلارنى بىخ ئۇرغۇزغۇچى ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالادۇر. قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ئۆلۈك ئۇرۇقچىلارنى يېرىپ ئۇنىڭدىن يېشىل ياپراقلارنى چىقىرىدۇ، دانچىلارمۇ شۇنداق. ئاللاھ تائالا قۇرۇق دانچىلاردىن يۇمشاق ۋە نازۇك ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىدۇ. ئۆسۈۋاتقان جانلىق ئۆسۈملۈكتىن قۇرۇق دانچىلارنى چىقىرىدۇ. بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا كاپىردىن مۆمىننى، مۆمىندىن كاپىرنى چىقىرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، <تىرىك> ئىبارىسى بىلەن <ئۆلۈك> ئىبارىسى <مۆمىن> ئىبارىسى بىلەن <كاپىر> ئىبارىسىنىڭ ئورنىدا ئىستىئارە سۈپىتىدە قوللىنىلغاندۇر. دېمەك، چەكسىز كائىناتنى ياراتقان ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىۋاتقان زات ئەنە شۇ ئاللاھ تائالادۇر. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟ 96. «ئاللاھ سۈبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، ئاللاھ كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى.» يەنى، ئاللاھ قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر. بۇ ئايەتنى تەبەرى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يېرىپ تاڭنىڭ يورۇقلۇقىنى چىقارغۇچىدۇر.» ئاللاھ كېچىنى ئىنسانلار ئۈچۈن ئىستىراھەت قىلىپ ياراتقۇچىدۇر، شۇڭا ئىنسانلار كېچىلىرى ئارامخۇدا ئىستىراھەت قىلىش نېمىتىدىن بىمالال بەھرىمەن بولالايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇياش بىلەن ئاينى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ۋاقىت

ھېسابلايدىغان ۋاقىت ئۆلچىمى قىلىپ بەرگۈچىدۇر. دەرۋەقە، زاماننىڭ ۋە كېچە - كۈندۈزنىڭ ۋاقتىنى ئەنە شۇ قۇياش بىلەن ئاي ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. مۇئەييەن بىر ھېسابقا ئاساسەن بۇلارنى سەيىر قىلدۇرۇش، پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ ئۆزگە قارشى چىقىشىنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆز مەخلۇقاتلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ھەم ئۇلارنى قانداق تەدبىر قىلىشنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان غالىب ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدۇر. 97. «قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى. (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق.» يەنى، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدا كېچە قاراڭغۇلۇقلىرىدا يۈرگىنىڭلاردا يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى. ئىنسانلار چۆل - باياۋانلاردا ۋە دېڭىزلاردا يول يۈرگەنلىرىدە يۇلتۇزلار ئارقىلىق يول تاپقانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. بىردىنبىر ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان قەۋم ئۈچۈن مىسلىسىز قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا بايان قىلدۇق. 98. «ئاللاھ سىلەرنى بىر ئىنساندىن (ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، سىلەرنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ بەچچىدانىدا قارارلاشتۇردى، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق.» يەنى، ئاللاھ سىلەرنى بىر ئىنساندىن، يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ھەم

تۇرىدىغان ھەم ئامانەت قويۇلىدىغان يەر بار. بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئىنسانلارنىڭ ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدا ۋە ئانىلىرىنىڭ بەچچىدانلىرىدا ئامانەت قويۇلىدىغان قارارگاھى بار. بۇ ئايەتنى ئىبنى مەسئۇد مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: سېنىڭ ھەم بەچچىدانلاردا تۇرىدىغان قارارگاھىڭ ھەم سەن ئۆلگەن چاغدا ئامانەت قويۇلىدىغان جايىڭ باردۇر. ئىلاھىي سىرلارنى ۋە نازۇك مەسىلىلەرنى چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق. ساۋى مۇنداق دەيدۇ: ئىنساننىڭ يارىتىلىش باسقۇچلىرىنىڭ ۋە بۇ باسقۇچلاردىكى سىرلارنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، بۇ يەردە «چۈشىنەلەيدىغانلار» ئىبارىسى قوللىنىلغان. ھالبۇكى، يۇلتۇزلارنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇلارنى ھەممە كىشى ئېنىق كۆرەلىگەنلىكى ئۈچۈن، يۇلتۇزلار ھەققىدە «بىلىدىغانلار» ئىبارىسى قوللىنىلغان. 99. «ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى، ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى، (بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر - بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) شەكىلدە، ھەجىمدە، تەمدە بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى، (ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ) يېڭى تۈتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار، ئۇلاردا ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان

قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئۇچۇق دەلىللەر بار.» يەنى، ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ بېرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى، مېۋىلەرنى، كۆكتاتلارنى، ئوتلارنى ۋە دەرەخلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدىغان زاتتۇر. تەبەريي مۇنداق دەيدۇ: يەنى، بىز يامغۇر ئارقىلىق ئۆسىدىغان ۋە پايدا يەتكۈزىدىغان ئەنە شۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈندۈرۈپ بەردۇق. ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردۇق، بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش بىر - بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ھەببەن»دىن بۇغداي، ئارپا، قوناق ۋە گۈرۈچ كۆزدە تۇتۇلغان. خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق. ئايەتتىكى «تەلئى» ئىبارىسى، ساپاقلىرىنىڭ ئىچىدە ياغاچتىن تۇنجى چىققان خورما يەنى چېچەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بۇ يەردە، چېچەكلىرىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۈزۈپ يىغماقچى بولغانلارغا يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان تاللارنى كۆزدە تۇتقان. ئەنە شۇ يامغۇر سۈيى ئارقىلىق بوستانلار ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق. يەنى يامغۇر سۈيى ئارقىلىق شەكىلدە، ھەجىمدە بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان، بىراق تەمدە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق. بۇ ئايەتنى قەتادە مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ياپراقلىرى بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان، بىراق مېۋىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مېۋىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەردۇق. بۇنىڭدا، نېمىنى خالىسا شۇنى

قىلىدىغان، ھەممىنى تولۇق بىلىدىغان ۋە ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا كەسكىن دەلىل بار. ئى ئىنسانلار! ئەنە شۇ مېۋىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ يېڭى مېۋە تۇتۇشىدىن تارتىپ، پىشقىچە بولغان ئارىلىقتا قانداق يېتىشۈرۈلگەنلىكىگە، رەڭگىلىرىنىڭ، تەملىرىنىڭ ۋە ھەجىملىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئىبرەت نەزىرى بىلەن قاراڭلار. مېۋىلەرنىڭ دەسلەپكى پىشىپ يېتىلىش باسقۇچى ھەققىدە ئويدان ئويلىنىپ بېقىڭلاركى، دەسلەپتە مېۋىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ تەمى ئاچچىق، بەزىلىرىنىڭ بولسا چۈچۈمەل بولىدۇ ھەمدە شۇ ھالەتتە ئۇلاردىن قىلچە پايدىلانغىلى بولمايدۇ. بىراق، كېيىنچە پىشىپ يېتىلگەن چاغدا بولسا، تەمى تاتلىق، لەززەتلىك، پايدىلىق ۋە يېگىلى بولىدىغان بولىدۇ. ھەممە نەرسىگە كۈچى يېتىدىغان قۇدرەتلىك ئاللاھ پۈتكۈل ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر. ھەجىملىرى، شەكىللىرى ۋە رەڭگىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇ مېۋىلەرنىڭ ۋە ئېكىنلەرنىڭ يارىتىلىشىدا، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ۋە مەۋجۇدىيىتىنى كۆرسىتىدىغان كەسكىن دەلىللەر بار. بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: بۇلارنىڭ يارىتىلىشىدا، بۇ ئۆسۈملۈكلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەرگۈچىنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە تامامەن كۈچى يېتىدىغانلىقىنى تەستىق قىلىدىغان بىر قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان دەلىللەر بار. 100. «جىنلارنى ئاللاھ ياراتقان تۇرسا، (مۇشرىكلار) جىنلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىشتى، ئاللاھ تائالاغا جاھالەتتىن ئوغۇل، قىزلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشتى، ئاللاھ تائالا (مۇشرىكلار ئىختىرا

قىلغان نەرسىلەردىن) پاكتۇر، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر.» يەنى، مۇشرىكلار جىنلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىشتى، چۈنكى ئۇلار بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش بارىسىدا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشتى. ھالبۇكى، جىنلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئىجادچىسىنىڭمۇ يەنىلا ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئۇلار ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار قانداقسىگە جىنلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشىدىكىنە؟ بۇ تولىمۇ ھاماقەتلىكتۇر. ئۇلار جاھالەتتىن ئاللاھ تائالاغا بوھتان چاپلاپ، ئوغۇل - قىزلارنى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىشتى. ئاليلۇق، جاھىللىقى ۋە ھاماقەتلىكلىدىن: «ئۇزەير ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى ۋە پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرى» دېيىشتى. ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى مۇشرىكلارنىڭ بوھتانلىرىدىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئۇزاق ۋە ئۈستۈندۇر. 101. «ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە يەرنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر، ئاللاھنىڭ خوتۇنى يوق تۇرسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ياراتقان، ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.» يەنى، ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە يەرنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر، ئاللاھنىڭ خوتۇنى يوق تۇرسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ چۈنكى خوتۇن بولماي تۇرۇپ بالا بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالادۇر. ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئەجەبا ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك بىر زاتنىڭ بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشۈشى مۇمكىنمۇ؟ ئەلۋەتتە، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى

مۇنداق دەيدۇ: بۇ بايانلاردىن، ئاللاھ تائالاغا بالا نىسبەت بەرگەن كىشىگە ئىككى جەھەتتىن رەددىيە بېرىش مەقسەت قىلىنغان. بىرىنچىدىن، بالا پەقەت دادىسىنىڭ ئۆز جىنسىدىن بولىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا جىنسلاردىن ئۈزاق ۋە ئۈستۈندۇر. چۈنكى، جىنسلەرنى يوقتىن بار قىلغان ئاللاھ تائالادۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ بالىسىنىڭ بولۇشى توغرا ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ئاللاھ تائالادۇر. ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە زاتنىڭ نە بالىغا، نە باشقا ھەرقانداق بىر نەرسىگە ئېھتىياجىنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىشتا ئۆزىنىڭ يېگانە زات ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: 102. «ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئاللاھ تائالادىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر.» يەنى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار، ياراتقۇچىڭلار، ساھىبىڭلار ۋە ئىشلىرىڭلارنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرغۇچى ئەنە شۇ ئاللاھ تائالادۇر، ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئىبادەت قىلىشقا لايىق زات پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر. ئۇ ھەممىنى مۇداپىئە ۋە ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، شۇڭا پۈتكۈل ئىشلىرىڭلاردا پەقەت ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلىڭلار، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشقا غەيرەت قىلىڭلار، چۈنكى ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر. 103. «كۆزلەر ئاللاھنى كۆرمەيدۇ، ئاللاھ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن

خەۋەرداردۇر» ، يەنى كۆزلەر ئاللاھنى كۆرەلمەيدۇ، ھالبۇكى ئاللاھ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى مەخپىي نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاللاھ تائالاغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەس. ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان بولۇپ، ئۇلارغا نېمىنىڭ ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «كۆزلەر ئاللاھ تائالانى كۆرەلمەيدۇ» دېمەك، ھېچقاچان كۆزلەر قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانى كۆرەلمەيدۇ، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە ئۆزى خالىغىنى بويىچە جەۋلان قىلىدۇ (كۆرۈنىدۇ). بىراق، كۆزلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بۈيۈك ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئائىشە (ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي!) بۇ ئايەتنى دەلىل كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانى ئاخىرەتتە كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيادا بولسا كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 104. «(ئى پەيغەمبەر ئېيتقىنكى) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (ھىدايەتنى ئازغۇنلۇقتىن ئايرىپ كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر كەلدى، كىمكى ھەقنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتسا ئۆزىگە پايدا، كىمكى ئۇنىڭغا كۆز يۇمسا (باش تارتسا) ئۆزىگە زىيان. مەن سىلەرگە (ئەمەللىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان) كۆزەتچى ئەمەسمەن (پەقەت سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرمەن).» يەنى، ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھىدايەتنى ئازغۇنلۇقتىن ۋە ھەقنى باتىلدىن ئايرىپ كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھۆججەتلەر ۋە روشەن دەلىللەر كەلدى.» بۇ ئايەتنى زەججاج مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار

تەرىپىدىن روشەن بايانلار ۋە ئىبرەتلىك ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شانلىق قۇرئان كەرىم كەلدى.» بۇ ئايەتنى زەمەخشەرىي مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «كىمكى ھەقنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتسا ئۆزى ئۈچۈن ئېيتقان بولىدۇ ۋە ئۆزىگە پايدا، كىمكى ئۇنىڭدىن باش تارتسا ئۆزىگە قىلغان بولىدۇ ۋە ئۆزىگە زىيان.» مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان نە كۆزەتچى، نە مۇھاپىزەتچى ئەمەس، مەن پەقەت سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرمەن، خالاس. سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. 105. «ئۇلار (مۇشرىكلار): (ئى مۇھەممەد!) سەن (قۇرئاننى باشقىلاردىن) ئۆگەندىڭ دەيدۇ دەپ، ھەقنى بىلىدىغان قەۋمگە بايان قىلىمىز دەپ، ئايەتلەرنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلدۇق» ، يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلارنى بايان قىلىپ بەرگىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن ۋە مۇشرىكلار: «ئى مۇھەممەد! سەن قۇرئاننى باشقىلاردىن ـ ئەھلى كىتابتىن ـ ئۆگەندىڭ ۋە بۇ ھەقتە دەرس ئېلىپ قۇرئاننى ئېلىپ كەلدىڭ» دېسۇن دەپ، ھەقنى بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان قەۋمگە ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلىمىز. بۇ يەردىكى «لام» سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە بولۇپ، بۇنداق بولغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولغان بولىدۇ: ھەقنى بىلىدىغان قەۋمگە قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلاپ بېرەيلى، ئاندىن ئۇلار شۇنىڭغا ئەگەشسۇن، دەپ ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق بايان قىلدۇق. 106. «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان قۇرئانغا ئەمەل قىلغىن، ئاللاھ تائالادىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر،

مۇشرىكلار بىلەن تەڭ بولمىغىن»، يەنى ئى مۇھەممەد! ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان قۇرئانغا ئەمەل قىلغىن. بۇ ئايەتنى قۇرتۇبى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: سەن قەلبىڭنى ۋە زېھنىڭنى ئۇلار بىلەن مەشغۇل قىلمىغىن، دەل ئەكسىچە، دائىما ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغىن. ئاللاھ تائالادىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مۇشرىكلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن ۋە ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغىمۇ ئېلتىپات قىلمىغىن. 107. «ئەگەر ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى) خالىسا، ئۇلار شېرىك كەلتۈرمەيتتى، سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلغىنىمىز يوق، سەن ئۇلارغا ھامىيمۇ ئەمەسسەن»، يەنى ئەگەر ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى خالىسا ئىدى، ئۇلارغا ئەلۋەتتە ھىدايەتنى نېسىپ قىلغان بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەيتتى، بىراق ئاللاھ تائالا نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ. «ئاللاھنىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال - سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال - سوراق قىلىنىدۇ.» نامە - ئەمەلگە قاراپ ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىشىڭ ئۈچۈن، سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلغىنىمىز يوق، سەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ئۇلارغا ھامىيمۇ ئەمەسسەن. ساۋى مۇنداق دەيدۇ: بۇ جۈملە ئالدىنقى جۈملىنى تەكىتلەيدۇ. يەنى سەن ئۇلارنىڭ نە كۆزەتكۈچىسى، نە ئۇلارغا ھامىيمۇ بولمىساڭ، قانداقمۇ ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇرلايسەن. بۇ ھۆكۈم جىھادقا ئەمر قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ھۆكۈمدۇر. 108. «مۇشرىكلارنىڭ خۇدانى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن

ئېشىپ ئاللاھنى تىللايدۇ. شۇنىڭدەك، بىز ھەر ئۈممەتكە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ (ياخشىغا مۇكاپات بېرىدۇ، يامانىنى جازالايدۇ).» يەنى، مۇشرىكلارنىڭ خۇدانى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى ۋە ئىلاھلىرىنى تىللىماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ، كىيىن ئاللاھقا تىل ئۇزىتىپ قېلىشلىرى مۇمكىن. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھقا: <ئى مۇھەممەد! بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزغا تىل ئۇزىتىشتىن ۋاز كېچىشىڭ كېرەك، بولمىسا بىزمۇ سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭغا تىل ئۇزىتىمىز> دېيىشكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ مۇشرىكلارنىڭ بۇتلىرى ۋە ئىلاھلىرىغا تىل ئۇزىتىشىنى مەنئى قىلغان.» بىز ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتكىنىمىزدەك، ھەر ئۈممەتكىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق. بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: بىز ئىتائەت قىلغانلارغىمۇ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلارغىمۇ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق. ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ نامە - ئەمەلگە قاراپ ياخشىغا مۇكاپات بېرىدۇ، يامانىنى جازالايدۇ. بۇ، قاتتىق ئازاب ۋە جازانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. 109. «ئەگەر ئۇلارغا بىرەر مۆجىزە كەلسە، ئۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى (بىلدۈرۈپ) ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) مۆجىزىلەر (مېنىڭ ئەمەس) ئاللاھنىڭ

دەرگاھىدىكى ئىش، دېگىن. (ئى مۆمىنلەر!) سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ مۆجىزىلەر كەلسە، ئۇلار ئېھتىمال ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكلىرى مۇمكىن.» يەنى، مەككە كاپىرلىرى، ئەگەر ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بىرەر مۆجىزە كەلسە ياكى ئادەتتىن تاشقىرى بىرەر ئىش مەيدانغا كەلتۈرۈلسە، ئۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشتى. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا شۇنداق دېگىنكى، مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىش. ئى مۆمىنلەر! سىلەر بىلەمسىلەر؟ ئەگەر مۆجىزىلەر كەلسە، ئۇلار ئېھتىمال ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكلىرى مۇمكىن. 110. «ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش)تىن بۇرۇۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز.» يەنى، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەقنى چۈشىنىش ۋە كۆرۈشتىن بۇرۇۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە قۇرئان كەرىمگە ئىشەنمىگىنىدەك (ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز. ساۋى مۇنداق دەيدۇ: مەزكۇر ئايەت بىر قايتۇرما جۈملە بولۇپ، ئايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: بۇ بايانلار ھىدايەت بىلەن گۇمراھلىقنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ باشقىلار ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئۇچۇقلاپ بېرىش ئۈچۈن سۆرەتلەپ بېرىلگەن. ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىنىڭ قەلب دەرۋازىسىنى ھىدايەتكە كەڭ ئېچىۋېتىدۇ؛ ئاللاھ تائالا بەدبەخت بولۇشنى خالىغان كىشىنىڭ قەلب دەرۋازىسىنى بەختسىزلىك تەرەپكە قارىتىپ قويىدۇ. ئۇلارنى بىز

گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن ۋە گۇمراھلىق پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن ھالدا تاشلاپ قويىمىز.

**ئىلاۋە:** «كۆزلەر ئۇنى كۆرمەيدۇ» دېگەن ئايەت، ئىدراك قىلالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەمما، كۆرەلمەيدۇ دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا «كۆزلەر ئۇنى كۆرەلمەيدۇ» دېمىگەن. مۆئتەزىلىلەرگە ئوخشاش، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئەسلىي مەنىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكتىن، ھەقتىن ئۇزاقلاشقان ۋە توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. دەرۋەقە، قۇرئان كەرىمدىمۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان دەلىللەر بار. مەسىلەن، قۇرئان كەرىمدە: «بۇ كۈندە (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ، (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ» دېيىلگەن بولسا، ھەدىستە: «سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنى خۇددى مۇشۇ ئاينى كۆرۈۋاتقىنىڭلاردەكلا كۆرۈسىلەر، پەرۋەردىگارىڭلارنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر - بىرىڭلارنى قىستىمايسىلەر» (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان ) دېيىلگەن. دەلىل ۋە يول كۆرسىتىشتە قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت يېتەرلىكتۇر.

إِنَّ ٱللَّهَ فَالِقُ ٱلۡحَبِّ وَٱلنَّوَىٰۖ يُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ مِنَ ٱلۡمَيِّتِ
وَمُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتِ مِنَ ٱلۡحَيِّۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُۖ فَأَنَّىٰ تُؤۡفَكُونَ ٩٥
فَالِقُ ٱلۡإِصۡبَاحِ وَجَعَلَ ٱلَّيۡلَ سَكَنًا وَٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَ
حُسۡبَانًاۚ ذَٰلِكَ تَقۡدِيرُ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡعَلِيمِ ٩٦ وَهُوَ ٱلَّذِي جَعَلَ
لَكُمُ ٱلنُّجُومَ لِتَهۡتَدُواْ بِهَا فِي ظُلُمَٰتِ ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِۗ قَدۡ

فَصَّلْنَا ٱلْـَٔايَٰتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿٩٧﴾ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنشَأَكُم
مِّن نَّفْسٍ وَٰحِدَةٍ فَمُسْتَقَرٌّ وَمُسْتَوْدَعٌ ۗ قَدْ فَصَّلْنَا
ٱلْـَٔايَٰتِ لِقَوْمٍ يَفْقَهُونَ ﴿٩٨﴾ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ
مَآءً فَأَخْرَجْنَا بِهِۦ نَبَاتَ كُلِّ شَىْءٍ فَأَخْرَجْنَا مِنْهُ خَضِرًا
نُّخْرِجُ مِنْهُ حَبًّا مُّتَرَاكِبًا وَمِنَ ٱلنَّخْلِ مِن طَلْعِهَا قِنْوَانٌ
دَانِيَةٌ وَجَنَّٰتٍ مِّنْ أَعْنَابٍ وَٱلزَّيْتُونَ وَٱلرُّمَّانَ مُشْتَبِهًا
وَغَيْرَ مُتَشَٰبِهٍ ۗ ٱنظُرُوٓا۟ إِلَىٰ ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثْمَرَ وَيَنْعِهِۦٓ ۚ إِنَّ فِى
ذَٰلِكُمْ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٩٩﴾ وَجَعَلُوا۟ لِلَّهِ شُرَكَآءَ ٱلْجِنَّ
وَخَلَقَهُمْ ۖ وَخَرَقُوا۟ لَهُۥ بَنِينَ وَبَنَٰتٍۭ بِغَيْرِ عِلْمٍ ۚ سُبْحَٰنَهُۥ
وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿١٠٠﴾ بَدِيعُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ أَنَّىٰ
يَكُونُ لَهُۥ وَلَدٌ وَلَمْ تَكُن لَّهُۥ صَٰحِبَةٌ ۖ وَخَلَقَ كُلَّ شَىْءٍ ۖ
وَهُوَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿١٠١﴾ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ ۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا
هُوَ ۖ خَٰلِقُ كُلِّ شَىْءٍ فَٱعْبُدُوهُ ۚ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ وَكِيلٌ ﴿١٠٢﴾
لَّا تُدْرِكُهُ ٱلْأَبْصَٰرُ وَهُوَ يُدْرِكُ ٱلْأَبْصَٰرَ ۖ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ
ٱلْخَبِيرُ ﴿١٠٣﴾ قَدْ جَآءَكُم بَصَآئِرُ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَنْ أَبْصَرَ
فَلِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَنْ عَمِىَ فَعَلَيْهَا ۚ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيْكُم بِحَفِيظٍ ﴿١٠٤﴾
وَكَذَٰلِكَ نُصَرِّفُ ٱلْـَٔايَٰتِ وَلِيَقُولُوا۟ دَرَسْتَ وَلِنُبَيِّنَهُۥ لِقَوْمٍ
يَعْلَمُونَ ﴿١٠٥﴾ ٱتَّبِعْ مَآ أُوحِىَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ ۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ
وَأَعْرِضْ عَنِ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٠٦﴾ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ أَشْرَكُوا۟ ۗ وَمَا
جَعَلْنَٰكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا ۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيْهِم بِوَكِيلٍ ﴿١٠٧﴾ وَلَا
تَسُبُّوا۟ ٱلَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ فَيَسُبُّوا۟ ٱللَّهَ عَدْوًۢا

بِغَيْرِ عِلْمٍۗ كَذَٰلِكَ زَيَّنَّا لِكُلِّ أُمَّةٍ عَمَلَهُمْ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِم
مَّرْجِعُهُمْ فَيُنَبِّئُهُم بِمَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٠٨﴾ وَأَقْسَمُوا۟ بِٱللَّهِ
جَهْدَ أَيْمَٰنِهِمْ لَئِن جَآءَتْهُمْ ءَايَةٌ لَّيُؤْمِنُنَّ بِهَاۚ قُلْ إِنَّمَا
ٱلْءَايَٰتُ عِندَ ٱللَّهِۖ وَمَا يُشْعِرُكُمْ أَنَّهَآ إِذَا جَآءَتْ لَا
يُؤْمِنُونَ ﴿١٠٩﴾ وَنُقَلِّبُ أَفْـِٔدَتَهُمْ وَأَبْصَٰرَهُمْ كَمَا لَمْ يُؤْمِنُوا۟
بِهِۦٓ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَنَذَرُهُمْ فِى طُغْيَٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١١٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىگە، پەيغەمبەرلىككە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە دائىر دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشرىكلارنىڭ رەسۇلۇللاھتىن بىر قىسىم مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلغانلىقىنى زىكىر قىلغانىدى. ئەمدى ئاللاھ تائالا، مۆجىزە كەلتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ ئەقىل - پاراسەتتىن خالىي ئىنسانلارغا مۆجىزىلەرنىڭمۇ پايدا يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى، ئۇلار تەلەپ قىلغان بارلىق مۆجىزىلەرنى كەلتۈرگەن يەنى پەرىشتىلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلغان، ئۆلۈكلەر تىرىلدۈرۈلۈپ گەپ قىلدۇرۇلغان، يىرتقۇچ ۋە ئۆي ھايۋانلىرى ھەممىدە پۈتكۈل قۇشلار بىر يەرگە توپلىنىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن تەقدىردىمۇ، گۇمراھلىق پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ يەنىلا ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ جەھىل رەسۇلۇللاھقا بىر نىجاسەتنى ئاتىدۇ. ئۇ چاغدا ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بولۇپ، قولىدا ئوقيا تۇتقىنىچە ئوۋدىن قايتىۋاتاتتى. ئەبۇ جەھىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان شەرمەندىلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا ئەبۇ جەھىلنىڭ يېنىغا بېرىپ ئوقيا بىلەن ئۇنى ئۇرىدۇ. ئەبۇ جەھىل ئۇنىڭغا: «ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ ئۇ بىزنى <ئەخمەقلەر> دېدى، ئىلاھلىرىمىزغا تىل ئۇزاتتى ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا مۇخالىپەتچىلىك قىلدى...» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قارىتا ھەمزە: «دېمىسىمۇ سىلەردىن ئەخمەقراق كىم بار؟ سىلەر ئاللاھ تائالانى قويۇپ تاشلارغا ئىبادەت قىلىۋاتساڭلار. مەن ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.» دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالا: «ئەسلىدە ئۆلۈك (كاپىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن...» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ.

**تەپسىرى:** 111. «بىز ئۇلارغا (كاپىرلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۆلۈكلەرنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۈرگەن، بىز ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن (ئۇلارنىڭ يۈقىرىقى تەلەپلىرىنى ئورۇنلىغان) تەقدىردىمۇ، ئاللاھ خالىمىغۇچە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ»، يەنى بىز ئۇلار (كاپىرلار) تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن بىرەرنىمۇ قالدۇرۇپ قويماستىن ھەممىسىنى

ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھازىر قىلغان، ھەتتا پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۈرگەن، ئۆلۈكلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل پەيغەمبەرلىكىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەرگەن ھەمدە بىز پۈتكۈل مەخلۇقاتنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن، يەنى ئۇلارنىڭ پۈتكۈل تەلەپلىرىنى ئورۇنلاپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار يەنىلا ئىمان ئېيتمىغان بولاتتى. بۇ بايانلاردىن مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىد يوقلۇقىنى رەسۇلۇللاھقا بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. بۇ ئايەت مۇشرىكلارنىڭ «ئەگەر ئۇلارغا بىرەر مۆجىزە كەلسە، ئۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئىچىشكەن قاتتىق قەسەملىرى»دە يالغانچى ئىكەنلىكلىرىنى بايان قىلىدۇ. لېكىن ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ تولىسى بۇنى ئۇقمايدۇ. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئىمان ئېيتىش ۋە ئىنكار قىلىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، خالىسا ئىمان ئېيتىپ، خالىسا ئىنكار قىلالايدىغانلىقىنى گۇمان قىلىشىدۇ. ھالبۇكى ئەھۋال ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. بۇ مېنىڭ ئىلكىمدىكى ئىش بولۇپ، ئۇلاردىن پەقەت مەن ئۆزلىرىگە ھىدايەت ئاتا قىلغان ۋە توغرا يولدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلغان كىشىلەرلا ئىمان ئېيتىدۇ. بىراق، مېنىڭ ياردىمىمدىن مەھرۇم قالغان ۋە مەن ئازدۇرغان كىشىلەر ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئىنكار قىلىشىدۇ. 112. «شۇنىڭدەك (بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك)، ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە

دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر - بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى (پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەنلىكنى) قىلمايتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى توقۇغان ھىيلە - مىكىرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن (ئاللاھ ساڭا ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ).» يەنى، بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەنلىك ۋە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىغان قىلغىنىمىزدەك، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرى دۈشمەنلىك قىلىدىغان قىلدۇق. شۇ پەيغەمبەرلەر تۇرلۇك ئەزىيەتلەرگە قانداق سەۋر قىلغان بولسا، سەنمۇ شۇنداق سەۋر قىلغىن. بۇ ئايەتنى ئىبنى جەۋزى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئەزىيەتلەرگە قارشى سەۋر قىلىپ كاتتا ساۋابقا ئېرىشسۇن دەپ، سېنى دۈشمەنلەر بىلەن قانداق سىنىغان بولساق، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىمۇ شۇنداق سىنىدۇق. ئاشۇ شەيتانلار ئازغۇنلۇق يولىدا مېڭىش ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشلىرى ئۈچۈن بىر - بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئىنسانلارنى ئالداش ۋە ئۇلارغا تۇزاق قۇرۇش ئۈچۈن يالغان - ياۋىداق ۋە شېرىن سۆزلەر بىلەن قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇقاتىل مۇنداق دەيدۇ: ئىبلىس شەيتانلارغا ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش ۋەزىپىسىنى بەرگەن بولۇپ، ئىنساننىڭ شەيتىنى بىلەن جىننىڭ شەيتىنى ئۇچراشقان چاغدا، بىرى يەنە بىرىگە: «مەن دوستۇمنى مۇنداق - مۇنداق شېرىن - سۇخەن گەپلەرنى قىلىپ ئازدۇردۇم، سەنمۇ دوستۇڭنى مۇنداق - مۇنداق قىلىپ ئازدۇرغىن» دەيدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە قىلىدىغان ۋەسۋەسە ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىغان بولسىدى، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىگە

دۈشمەنلىك قىلمىغان بولاتتى، بىراق، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى شۇ ئىمتىھاننى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى، قازاسى، ئىرادىسى ۋە خاھىشى بولۇپ، ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىدىن ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىك قىلىدىغانلارنىڭ بولۇشىمۇ دەل شۇنى چۈرىدىگەن ھالدا بولغان. ئۇلارنى ئۆزلىرى تۈزگەن ھىيلە - مىكىرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن، ئاللاھ ئۇلارغا قارشى سېنىڭ ياردەمچىڭدۇر ۋە ھەر دائىم ئاللاھ تائالا سېنىڭ ھامىيىڭدۇر. 113. «ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دىللىرى ئۇلارنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە مايىل بولسۇن، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولسۇن ۋە ئۇلار قىلىۋاتقان گۇناھلارنى بۇلارمۇ قىلسۇن دەپ، ۋەسۋەسە قىلىدۇ.» يەنى، ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرى، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمايدىغان كاپىرلارنىڭ دىللىرى ئۇلارنىڭ شېرىن ۋە يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىگە مايىل بولسۇن، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولسۇن ۋە ئۇلار قىلىۋاتقان گۇناھلارنى بۇلارمۇ قىلسۇن دەپ، ئەنە شۇنداق ۋەسۋەسە قىلىدۇ. 114. «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، <ئاللاھ سىلەرگە روشەن كىتاب نازىل قىلغان تۇرسا، (ئارىمىزدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىش ئۈچۈن) ئاللاھ تائالادىن غەيرى ھۆكۈم قىلغۇچىنى تەلەپ قىلامدىم؟> بىز كىتاب ئاتا قىلغانلار (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ ئۆلىمالىرى) ئۇنىڭ (قۇرئاننىڭ) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، سەن ھەرگىزمۇ شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەر بىلەن مېنىڭ ئارامدا ھۆكۈم

قىلغان تۇرسا، ئارىمىزدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن غەيرى ھۆكۈم قىلغۇچىنى تەلەپ قىلامدىم؟» بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيش مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھقا مۇنداق دېيىشكەندى: «ئەگەر خالىساڭ، بىزنى ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدىكى ساڭا ئائىت مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىشى ئۈچۈن، ئارىمىزدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان ئالىملاردىن بىر قازىلار ھەيئىتى تەشكىل قىلغىن.» بۇنىڭغا ئاساسەن مەزكۇر ئايەت نازىل بولغان. سىلەرگە قۇرئان كەرىمنى ھەقنى باتىلدىن ۋە ھىدايەتنى زالالەتتىن ئايرىغۇچى سۈپىتىدە ئەڭ روشەن بىر شەكىلدە نازىل قىلغان زات ئاللاھ تائالادۇر. بىز كىتاب ئاتا قىلغان يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ ئۆلىمالىرى، قۇرئان كەرىمنىڭ پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ، چۈنكى، قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ قولىدىكى ساماۋى كىتابلارنى تەستىق قىلىدۇ. شۇڭا، سەن ھەرگىزمۇ شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن. بۇ ھەقتە ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: بۇ بايانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ھاياجانلاندۇرۇش يۈزىسىدىن بايان قىلىنغان. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، گەرچە بۇ خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۈممىتىگە قارىتىلغان. 115. «پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر. ئاللاھ (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» يەنى، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى خەۋەر قىلغانلىرىدا راستچىللىقنى، ھۆكۈم ۋە تەقدىر

قىلغانلىرىدا ئادالەتنى پۇتكۇل جاھانغا نامايەن قىلغان ھالدا تاماملاندى، ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ۋە چىقارغان ھۆكمىنى رەت قىلالايدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر. ئاللاھ بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 116. «ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (كاپىرلار) گە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغانىلا سۆزلەيدۇ.» يەنى، ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ كاپىرلارغا ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ. بۇ ھەقتە، تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: شۇ مەزگىلدە يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىكنى كاپىرلار تەشكىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئايەتتە «يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەرگە ئىتائەت قىلساڭ» دەپ كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئايەتنىڭ يەشمىسى مۇنداق: ئۇلار سېنى چاقىرىۋاتقان ئىشلار توغرۇلۇق ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ سىلىشتىن ھەزەر ئەيلىگىن. ئەگەر سەن ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭ، سەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا ئازغۇنلۇق پاتقىقىغا پېتىپ قالىسەن. چۈنكى ئۇلار ھېچقاچان توغرا يولغا چاقىرمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئۆزلىرى توغرا يولدىن ئادىشىپ كەتكەن. ئۇلار دىن بارىسىدا پەقەت گۇمان ۋە پەرەزگىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلىپ ۋە ئۇلارغا تەقلىد قىلىپ، پەقەت يالغانىلا سۆزلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار سېپى ئۆزىدىن يالغانچى قەۋمدۇر. 117. «(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ھەقىقەتەن ئوبدان بىلىدۇ، توغرا يول تاپقانلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.» يەنى، ئى مۇھەممەد!

شەك - شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ھەقىقەتەن ئوبدان بىلىدۇ، توغرا يول تاپقانلارنىمۇ ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇ جۈملە خۇش خەۋەر ۋە تەھدىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەۋەر جۈملىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ توغرا يولدىن ئادىشىپ كەتكەنلەرنىمۇ، توغرا يول تاپقانلارنىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلىدىغانلىقى، ئۇلارغا نامە - ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغانلىقىدىن كىنايىدۇر. 118. «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يەڭلار.» يەنى، ئەگەر سىلەر ھەقىقي مۆمىنلەردىن بولساڭلار، ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ (بىسمىللاھ دەپ) بوغۇزلىغان ھايۋانلارنى يەڭلار. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار مۆمىنلەرگە: «سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلارنى گۇمان قىلىۋاتىسىلەر. ئۇنداق بولسا، ئاللاھ تائالا ئۆلتۈرۈپ بەرگەننى، يەنى تاپنى يېيىشىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئۆزۈڭلار ئۆلتۈرگەنلىرىڭلاردىن تېخىمۇ ياخشى» دېيىشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئايەت نازىل بولدى. 119. «زۆرۈرىيەت بولمىغۇچە يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئاللاھ سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ نۇرغۇن كىشىلەر نەپس - خاھىشىغا ئەگىشىپ، بىلمەستىن، (باشقىلارنى) ھەقىقەتەن ئازدۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ (شەرئى دەلىلسىز ھالال، ھارام دەپ) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.» يەنى، زۆرۈرىيەت بولمىغۇچە يېيىش ھارام قىلىنغان، شۇنداقلا ھالال بولغان

نەرسىلەرنى ئاللاھ سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ ئۆز قولۇڭلار بىلەن بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ قىيىن ئەھۋالدا قالغىنىڭلاردا يېيىش ھارام قىلىنغانلىقى بىلدۈرۈلگەن ئايەتتە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە باشقىلاردىن يېيىش ھارام قىلىنغانلار سىلەرگە كۆرسىتىپ بېرىلدى. قىيىن ئەھۋالدا قالغىنىڭلاردا بولسا، يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يېيىشىڭلارغا رۇخسەت بېرىلگەنلىكى بايان قىلىندى. ئەھۋال ئەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر قانداقسىگە كاپىرلار ئىغۋاگەرچىلىك قىلىۋاتقان شەك - شۈبھىلەرگە قۇلاق سالىسىلەر؟ شەك ـ شۈبھىسىزكى، جېدەلخور كاپىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاللاھ تائالا چىقىرىپ بەرگەن ئىلاھىي قانۇن بويىچە ئەمەس، دەل ئەكسىچە، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ۋە نەپس - خاھىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىمۇ بىلمەستىن ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىش بىلەن باشقىلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ كىتاب ۋە سۈننەتتىن شەرئى دەلىلسىز ئۆز نەپس - خاھىشى بويىچە بەزى نەرسىلەرنى ھالال، بەزى نەرسىلەرنى ھارام دەپ ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن چېگرا سىزىقىدىن ھالقىپ كەتكۈچىلەرنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا قاتتىق تەھدىت سالىدۇ. 120. «ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى تەرك ئېتىڭلار، شۈبھىسىزكى، گۇناھ قىلغۇچىلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (ئاخىرەتتە) جازاغا تارتىلىدۇ.» يەنى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىڭلار. بۇ ھەقتە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە

كۆزدە تۇتۇلغىنى، گۇناھ بولىدىغان ئاشكارا - يوشۇرۇن قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىدۇر. سۇددىي مۇنداق دەيدۇ: ئاشكارا گۇناھتىن مەقسەت، پاھىشە ئاياللار بىلەن زىنا قىلىش بولسا، يوشۇرۇن گۇناھتىن مەقسەت، دوستى بىلەن، ئاشنىسى بىلەن زىنا قىلىشتۇر. شۈبھىسىزكى، گۇناھ قىلغۇچىلار ۋە ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلغۇچىلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاخىرەتتە تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ. 121. «(ئى مۆمىنلەر!) ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (بىسمىللاھ دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر.» يەنى، ئى مۆمىنلەر! بۇتلارغا ئاتاپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارغا ئوخشاشلا، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (بىسمىللاھ دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى ياكى ئاللاھ تائالادىن باشقىلارنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىدىنمۇ يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كەتكەنلىك بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمراھ دوستلىرى بولغان مۇشرىكلارنى مۆمىنلەرگە قارشى دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ھەمدە ئۆلۈكلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزۈڭلار بوغۇزلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەيسىلە - يۇ، ئاللاھ تائالا ئۆلتۈرگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ دېيىشىدۇ. ئەگەر سىلەر ھالالنى ھارام ساناش بارىسىدا ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئىتائەت قىلساڭلار ۋە باتىل ئەمەللىرىدە ئۇلارغا

يانتاياق بولساڭلار، سىلەر چوقۇم شۇلارغا ئوخشاشلا مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر. بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: كىمكى، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن باشقا دىنغا ئەگىشسە، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. ئەقىل - پاراسەتلىك ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشى تۈپەيلى، قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ گۆشىدىن يېمەسلىكى شەرت. 122. «ئەسلىدە ئۆلۈك (كاپىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە (كۇپرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا) قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟ كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى.» ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە، مۆمىننى قايسى تەرەپكە ماڭسا شۇ تەرەپنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر نۇرلۇق چىراغقا؛ كاپىرنى بولسا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان ۋە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان كىشىگە ئوخشاتتى. ئايەتنىڭ يەشمىسى مۇنداق دەيدۇ: ئەسلىدە ئازغۇن، كاپىر ۋە ئەقىل - پاراسەتسىز ۋە ئۆلۈككە ئوخشاش بولۇپ، بىز ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن تىرىلدۈرۈپ، قۇرئان كەرىم ئارقىلىق زالالەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان، ھەمدە شۇ ئارقىلىق بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىش ۋە ھەقنى باتىلدىن ئايرىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان بۈيۈك ۋە پارلاق نۇر بەرگەن بىر

ئادەم، كۆپرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟ بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: بۇ داۋاملىق زالالەتتە قېلىپ، ئۇنىڭدىن ھېچ ئايرىلالمىغان كىشى ھەققىدە كەلتۈرۈلگەن بىر مىسال. ئىمان ئېيتمايدىغان كىشىلەر، كۆپرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا قېلىپ تېڭىرقاپ يۈرۈشلىرىنى قانداق چىرايلىق كۆرسەتكەن بولساق، كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىمۇ ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسەتتۇق. 123. «ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشلىرى ئۈچۈن (مەككىدە قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلغىنىمىزدەك)، ھەر بىر شەھەرنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن ھىيلە - مىكىرلىرى ئۆزلىرىگە يانىدۇ (ئۇلار شۇ ھىيلە - مىكىرلەرنىڭ ۋابالىغا قالىدۇ)، ئۇلار (بۇنى) سەزمەيدۇ.» يەنى، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشلىرى ئۈچۈن مەككىدە قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلغىنىمىزدەك، يامان ئىشلارنى قىلىشلىرى ئۈچۈن، ھەر بىر شەھەردە شۇ شەھەرنىڭ چوڭلىرى ۋە كاتتىلىرىنى باش گۇناھكار قىلدۇق. ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: چوڭلار بىلەن كاتتىلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن باشلىقلىق مەنسىپى ۋە باي بولۇشى سەۋەبىدىن، ئادەتتە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشقا مايىلراق كېلىدۇ، شۇڭا، ھەر بىر شەھەردە ئۇلار باش گۇناھكار قىلىنىغان. ئۇلار شۇ ھىيلە - مىكىرلەرنىڭ ۋابالىغا قالىدىغانلىقىنى ھېچ سەزمەيدۇ. 124. «ئۇلارغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) بىرەر مۆجىزە كەلگەن چاغدا، (ئۇلار) بىزگە پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزە بېرىلمىگۈچە (ئۇنىڭغا) ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، دەيدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى

(كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ، (بۇ) گۇناھكارلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ھىيلە - مىكىرلەر تۈپەيلىدىن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خورلۇققا ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» يەنى، ئاشۇ مۇشرىكلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان كۈچلۈك بىرەر ھۆججەت ۋە كەسكىن بىرەر دەلىل كەلگەن چاغدا، ئۇلار «بىزگە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە بېرىلگەن مۆجىزە بېرىلمىگۈچە (ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېيىشتى. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار مەسخىرە قىلىش ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن شۇنداق دېيىشكەندى. ئەگەر ئۇلار سەركەشلىك قىلماي سەممىي پوزىتسىيە بىلدۈرگەن بولسىدى، ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشكەن بولاتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ جەھىل مۇنداق دېگەن: «ئابدۇماناف جەمەتى بىلەن شەرەپ توغرىسىدا مۇسابىقىلەشتۇق. ناھايەت ئۇتۇپ چىقىشقا ئاز قالغىنىمىزدا، <بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئۆزىگە ۋەھيى قىلىنىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلدى> دېيىشتى. ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى قوبۇل قىلالمايمىز ۋە ۋەھيى كەلمىگۈچە ئۇنىڭغا ئەسلا ئىشەنمەيمىز.» بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئايەت نازىل بولدى. پەيغەمبەرلىككە كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالا ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ پەيغەمبەرلىكنى ئەبۇ جەھىل ۋە ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەلەرگە ئوخشاش مەككىنىڭ چوڭلىرىغا ئەمەس، ئۆزى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بۇ ۋەزىپىگە تاللىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن. بۇ گۇناھكارلار

تەكەببۇرلۇقلىرى ۋە دائىملىق ھىيلە ـ مىكىرلىرى تۈپەيلى، قىيامەت كۈنى خورلۇق ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار ئىززەت ۋە شۆھرەت قازىنىش مەقسىتىدە ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن ھە دەپ ئۆزلىرىنى قاچۇرغانلىقتىن، ئايەتتە ئالدى بىلەن خورلۇق، ئاندىن ئازاب زىكىر قىلىنغان. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ھىيلە - مىكىرلەر تۈپەيلىدىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئالدى بىلەن خورلۇققا، ئاندىن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 125. «ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ.» يەنى، ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ قەلبىنى ئىماننىڭ نۇرىغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەلب ئىسلامغا ئېچىلىدۇ. بۇ بولسا ئىسلامغا مۇيەسسەر بولۇشنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەلبىنى تەۋھىد ۋە ئىمانغا كېڭەيتىدۇ. بۇ ئايەت توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھتىن سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: بۇ نۇر قەلبكە كىرگەن چاغدا، قەلب ئېچىلىدۇ ۋە كېڭىيىدۇ. ئاندىن ساھابىلەرنىڭ: «بۇنىڭ شۇنداقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر ئالامەت بارمۇ؟» دەپ سورىغان سوئالىغا رەسۇلۇللاھ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، مەڭگۈلۈك يۇرتقا قايتىش، ئالدامچىلىق بىلەن تولۇپ تاشقان دۇنيادىن ئۇزاقلىشىش ۋە

ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرلىق قىلىشتۇر.»
ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى ۋە بەدبەخت قىلماقچى بولسا،
ئۇنىڭ قەلبىنى ھىدايەت سىغمىغۇدەك دەرىجىدە شۇنچە
تارايتىۋېتىدۇكى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنداق قەلب ئىگىسىگە
نىسبەتەن ئىمان ئېيتىش تولىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. ئەتاغا
كۆرە، ئۇنداق قەلبكە ياخشىلىق كىرىدىغان ھېچقانداق بىر
يول يوق. ئوچۇقراقى، ئىمان ئېيتىش ئەنە شۇنداق قەلب
ئىگىسىگە نىسبەتەن گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن
تۇيۇلىدۇ. ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ، ئاللاھ تائالا
كاپىرنىڭ قەلبىنىڭ ئىچىگە ئىمان كىرەلمىگۈدەك دەرىجىدە
تار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كەلتۈرگەن بىر
مىسال. يەنى كۈچى يەتمىگەنلىكتىن، ئاسمانغا چىقىشقا
قۇربى يەتمىگىنىدەك، ئىمان ئېيتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.
ئاللاھ تائالا كاپىرنىڭ قەلبىنى راسا تارايتقىنىدەك، ئايەتلىرىگە
ئىمان ئېيتمىغانلارنى ياردەمدىن مەھرۇم قىلىدۇ ۋە جازالايدۇ.
مۇجاھىدقا كۆرە، «رىجس» ئىبارىسى ياخشىلىق كەلمەيدىغان
بارلىق نەرسىلەر، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. زەججاجقا كۆرە،
رىجس بۇ دۇنيادا لەنەتكەردى بولۇش، ئاخىرەتتە ئازابقا
دۇچار بولۇش، دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. 126. «بۇ
(ئىسلام دىنى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ توغرا يولىدۇر، ئىبرەت
ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان
قىلدۇق.» يەنى، ئى مۇھەممەد! سېنىڭ دىنىڭ بولغان
ئىسلام دىنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ توغرا يولىدۇر، شۇڭا، ئۇنى
مەھكەم تۇتۇشۇڭ كېرەك. شەك - شۈبھىسىزكى، ئەقىللىرىنى
ئىشلىتىپ ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى
مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلدۇق ۋە دەلىل - ئىسپاتلارنى

كۆرسىتىپ بەردۇق. 127. «پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا دارۇسسالام (جەننەت) بار. ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارغا مەدەتكاردۇر.» يەنى، جەننەتتىن ئىبارەت ئامانلىق يۇرتى ئىبرەت ئالىدىغان ۋە ئايەتلەردىن پايدىلىنالايدىغان زاتلار ئۈچۈندۇر، كۆڭۈلسىز ئىشلاردىن خالىي بولۇش ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە خاستۇر. ئامانلىق يۇرتىدىن مەقسەت، پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مۇكاپات ۋە ئىكرام سۈپىتىدە تەييارلانغان جەننەتتۇر. ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارغا مۇھاپىزەتچى، ياردەمچى ۋە مەدەتكاردۇر. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەر ھەم كىرگەن جەننەتلەردە ھەمدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ توغرا يولنى بويلاپ مېڭىپ ئامانلىقنى ئېرىشكەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە جەننەتنى «ئامانلىق يۇرتى» دەپ ئاتىدى. مۆمىنلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ مېڭىش ئارقىلىق ھەم قىڭغىر كېتىش ئاپەتلىرىدىن سالامەت ساقلىنىپ قالىدۇ ھەم ئامانلىق يۇرتى بولغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ.

**ئىلاۋە:** ئادىل سوتچىنىغا قارىغاندا ئەڭ مەلۇماتلىق كېلىدۇ. چۈنكى ئادىل سوتچى ئادەتتە ناھايىتى تەجرىبىلىك كېلىدۇ ۋە ھېچقاچان دەلىل ـ ئىسپاتلارغا تايانماي تۇرۇپ گەپ قىلمايدۇ. ھالبۇكى سوتچى ئۇنداق ئەمەس.

**ئەسكەرتىش:** رازىغا كۆرە، ئاللاھ تائالانىڭ «نۇرغۇن كىشىلەر نەپس - خاھىشىغا ئەگىشىپ، بىلمەستىن، (باشقىلارنى) ھەقىقەتتىن ئازدۇرىدۇ» دېگەن سۆزى، دىن بارىسىدا تەقلىد قىلىپ پىكىر بايان قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ

بېرىدۇ. چۈنكى تەقلىد قىلىپ پىكىر بايان قىلىش دېمەك، پەقەت نەپس - خاھىشقا ئەگىشىپلا بىر نەرسە دېيىش دېمەكتۇر. ئايەت بولسا بۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

وَيَوۡمَ يَحۡشُرُهُمۡ جَمِيعٗا يَٰمَعۡشَرَ ٱلۡجِنِّ قَدِ ٱسۡتَكۡثَرۡتُم
مِّنَ ٱلۡإِنسِۖ وَقَالَ أَوۡلِيَآؤُهُم مِّنَ ٱلۡإِنسِ رَبَّنَا ٱسۡتَمۡتَعَ
بَعۡضُنَا بِبَعۡضٖ وَبَلَغۡنَآ أَجَلَنَا ٱلَّذِيٓ أَجَّلۡتَ لَنَاۚ قَالَ ٱلنَّارُ
مَثۡوَىٰكُمۡ خَٰلِدِينَ فِيهَآ إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ إِنَّ رَبَّكَ حَكِيمٌ
عَلِيمٞ ﴿١٢٨﴾ وَكَذَٰلِكَ نُوَلِّي بَعۡضَ ٱلظَّٰلِمِينَ بَعۡضَۢا بِمَا كَانُواْ
يَكۡسِبُونَ ﴿١٢٩﴾ يَٰمَعۡشَرَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِ أَلَمۡ يَأۡتِكُمۡ رُسُلٞ
مِّنكُمۡ يَقُصُّونَ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِي وَيُنذِرُونَكُمۡ لِقَآءَ
يَوۡمِكُمۡ هَٰذَاۚ قَالُواْ شَهِدۡنَا عَلَىٰٓ أَنفُسِنَاۖ وَغَرَّتۡهُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ
ٱلدُّنۡيَا وَشَهِدُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ أَنَّهُمۡ كَانُواْ كَٰفِرِينَ ﴿١٣٠﴾
ذَٰلِكَ أَن لَّمۡ يَكُن رَّبُّكَ مُهۡلِكَ ٱلۡقُرَىٰ بِظُلۡمٖ وَأَهۡلُهَا
غَٰفِلُونَ ﴿١٣١﴾ وَلِكُلّٖ دَرَجَٰتٞ مِّمَّا عَمِلُواْۚ وَمَا رَبُّكَ
بِغَٰفِلٍ عَمَّا يَعۡمَلُونَ ﴿١٣٢﴾ وَرَبُّكَ ٱلۡغَنِيُّ ذُو ٱلرَّحۡمَةِۚ إِن
يَشَأۡ يُذۡهِبۡكُمۡ وَيَسۡتَخۡلِفۡ مِنۢ بَعۡدِكُم مَّا يَشَآءُ كَمَآ
أَنشَأَكُم مِّن ذُرِّيَّةِ قَوۡمٍ ءَاخَرِينَ ﴿١٣٣﴾ إِنَّ مَا تُوعَدُونَ لَأٓتٖۖ
وَمَآ أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ ﴿١٣٤﴾ قُلۡ يَٰقَوۡمِ ٱعۡمَلُواْ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمۡ
إِنِّي عَامِلٞۖ فَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ مَن تَكُونُ لَهُۥ عَٰقِبَةُ ٱلدَّارِۚ
إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿١٣٥﴾ وَجَعَلُواْ لِلَّهِ مِمَّا ذَرَأَ مِنَ

ٱلۡحَرۡثِ وَٱلۡأَنۡعَٰمِ نَصِيبٗا فَقَالُواْ هَٰذَا لِلَّهِ بِزَعۡمِهِمۡ وَهَٰذَا
لِشُرَكَآئِنَاۖ فَمَا كَانَ لِشُرَكَآئِهِمۡ فَلَا يَصِلُ إِلَى ٱللَّهِۖ وَمَا كَانَ
لِلَّهِ فَهُوَ يَصِلُ إِلَىٰ شُرَكَآئِهِمۡۗ سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ ﴿١٣٦﴾ وَكَذَٰلِكَ
زَيَّنَ لِكَثِيرٖ مِّنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ قَتۡلَ أَوۡلَٰدِهِمۡ شُرَكَآؤُهُمۡ
لِيُرۡدُوهُمۡ وَلِيَلۡبِسُواْ عَلَيۡهِمۡ دِينَهُمۡۖ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا
فَعَلُوهُۖ فَذَرۡهُمۡ وَمَا يَفۡتَرُونَ ﴿١٣٧﴾ وَقَالُواْ هَٰذِهِۦٓ أَنۡعَٰمٞ وَحَرۡثٌ
حِجۡرٞ لَّا يَطۡعَمُهَآ إِلَّا مَن نَّشَآءُ بِزَعۡمِهِمۡ وَأَنۡعَٰمٌ حُرِّمَتۡ
ظُهُورُهَا وَأَنۡعَٰمٞ لَّا يَذۡكُرُونَ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَيۡهَا ٱفۡتِرَآءً عَلَيۡهِۚ
سَيَجۡزِيهِم بِمَا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿١٣٨﴾ وَقَالُواْ مَا فِي بُطُونِ هَٰذِهِ
ٱلۡأَنۡعَٰمِ خَالِصَةٞ لِّذُكُورِنَا وَمُحَرَّمٌ عَلَىٰٓ أَزۡوَٰجِنَاۖ وَإِن يَكُن
مَّيۡتَةٗ فَهُمۡ فِيهِ شُرَكَآءُۚ سَيَجۡزِيهِمۡ وَصۡفَهُمۡۚ إِنَّهُۥ حَكِيمٌ
عَلِيمٞ ﴿١٣٩﴾ قَدۡ خَسِرَ ٱلَّذِينَ قَتَلُوٓاْ أَوۡلَٰدَهُمۡ سَفَهَۢا بِغَيۡرِ
عِلۡمٖ وَحَرَّمُواْ مَا رَزَقَهُمُ ٱللَّهُ ٱفۡتِرَآءً عَلَى ٱللَّهِۚ قَدۡ ضَلُّواْ
وَمَا كَانُواْ مُهۡتَدِينَ ﴿١٤٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئىنسانلارنىڭ «ھىدايەت تاپقۇچى (توغرا يولدا ماڭغۇچى)» ۋە «ئازغۇن (توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكۈچى)» دىن ئىبارەت ئىككى پىرقىغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ تائالا قەلبىنى ئېچىپ نۇرلاندۇرغانلارنىڭ ئىمان ئېيتىپ ھىدايەت تاپقۇچىلار ئىكەنلىكى؛ ھاۋايى - ھەۋەس ۋە نەپس - خاھىشىغا ئەگىشىپ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ

كەتكۈچىلەرنىڭ بولسا، توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكۈچىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانىدى. نۆۋەتتىكى ئايەتلەردە بولسا، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ھېساب ئۈچۈن پۈتكۈل مەخلۇقاتنى يىغىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ھەممە شۇ كۈندە بۇ دۇنيادا قىلغان نامە - ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازاغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەڭ ئادىل بىر شەكىلدە ھېسابقا تارتىلىدۇ (سوتلىنىدۇ).

**تەپسىرى:** 128. «ئاللاھ (ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى ھېساب ئۈچۈن) تولۇق يىغىدىغان كۈننى ئەسلىگىن، (بۇ كۈندە ئاللاھ ئېيتىدۇكى) <ئى جىنلار جامائەسى! سىلەر نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇردۇڭلار>. ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرى: <ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىر - بىرىمىزدىن پايدىلاندۇق، بىز ئەمدى سەن بەلگىلىگەن ۋاقتقا (قىيامەت كۈنىگە) يەتتۇق> دەيدۇ، ئاللاھ: <دوزاخ سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ خاھىشىغا باغلىق ھالدا ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر> دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.» يەنى، ئاللاھ ئىنسانلارنى، جىنلارنى ھېساب ئۈچۈن تولۇق يىغىدىغان كۈننى ئەسلىگىن، بۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: «ئى جىنلار جامائەسى! سىلەر نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇردۇپ، گۇمراھلىق پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويدۇڭلار». بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرى: «ئى جىنلار جامائەسى! سىلەر ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئازدۇرۇۋەتتىڭلار» دەيدۇ. بۇ بايانلار ئەيىپلەش ۋە كايىش يۈزىسىدىن بايان

قىلىنغان. جىنلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلغان دوستلىرى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىر - بىرىمىزدىن پايدىلاندۇق» دەيدۇ. بۇ ھەقتە بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلار جىنلاردىن مۇنداق پايدىلانغان، يەنى جىنلار ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ نەپس - خاھىشلىرىغا ئەگىشىش ۋە بۇنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىدىغان بارلىق يوللارنى كۆرسىتىپ قويغان. جىنلارمۇ ئىنسانلاردىن ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلدۇرۇش ۋە ئېمىنى خالىسا شۇنى قىلدۇرۇش بىلەن پايدىلانغان. ئۇلار يەنە: «نىھايەت بىز ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىپ، قەبرىگە كىردۇق ھەمدە ھېساب بېرىش ئۈچۈن كەلدۇق» دەيدۇ. بۇ بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەيتانغا ئىتائەت قىلىپ، نەپس - خاھىشلىرىغا ئەگەشكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ ئەپۇ سورىغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، قاتتىق ھەسرەت - نادامەت چېكىدىغانلىقىنىڭ روشەن نامايەندىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: «سىلەرنىڭ جايىڭلار ۋە يۇرتۇڭلار دوزاختۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ خاھىشىغا باغلىق ھالدا ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر» دەيدۇ. بۇ ھەقتە تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئاللاھنىڭ خاھىشىغا باغلىق ھالدا ئۇ يەردە قالىدىغان مۇددەت، مەھشەرگاھقا يىغىلغاندىن كېيىن جەھەننەمگە كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن ۋاقىتتۇر. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا خالىغان مۇددەتتىن سىرت، ئۇلار جەھەننەمنىڭ ئازابىدا مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھنىڭ خاھىشىغا باغلىق ھالدا ئۇ يەردە قالىدىغان مۇددەت، دوزاخ ئوتىنىڭ ئازابىدىن قاتتىق سوغۇقنىڭ ئازابىغا يۆتكەلگىچە بولغان ئارىلىقتۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار قاتتىق سوغۇق بولغان جەھەننەم ۋادىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ،

ئاندىن ئۇلار شۇ يەردە قاتتىق نالە - پەرياد قىلىپ، يالقۇنلۇق دوزاخقا قايتىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ پۈتكۈل سۆز - ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر. 129. «شۇنىڭغا (ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى ئۆزئارا پايدىلاندۇرغىنىمىزغا) ئوخشاش، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن زالىملارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە مۇسەللەت قىلىمىز.» يەنى، ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى ئۆزئارا پايدىلاندۇرغىنىمىزغا ئوخشاش، قىلمىشلىرى ۋە سادىر قىلغان جىنايەتلىرى تۈپەيلىدىن زالىملارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە مۇسەللەت قىلىمىز. قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە زالىمغا قارشى تەھدىت سېلىنىپ، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان. ئەگەر زالىم كىشى ياكى كىشىلەر زۇلۇم قىلىشتىن قول ئۈزمىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا (ئۇلارغا) باشقا بىر زالىمنى مۇسەللەت قىلىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئاللاھ تائالا بىر قەۋمدىن رازى بولسا، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ ياخشى بىرىنى باشلىق قىلىپ بېرىدۇ؛ ئاللاھ تائالا بىر قەۋمگە غەزەپلەنسە، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ناچار بىرىنى باشلىق قىلىپ قويىدۇ. مالىك ئىبنى دىناردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەلسەپىگە ئائىت بىر قىسىم كىتابلاردا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئوقۇدۇم: مەن ئاللاھ تائالا بولىمەن. مەن پادىشاھلارنىڭ ئىگىسىمەن، پادىشاھلارنىڭ قەلبلىرى مېنىڭ ئىلكىمدە. كىملەركى ماڭا ئىتائەت قىلىدىكەن، پادىشاھلارنى ئۇلارغا رەھمەت سۈپىتىدە باش قىلىپ بېرىمەن. كىملەركى ماڭا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ، ئىسيانكارلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرسە، پادىشاھلارنى ئۇلار

ئۇچۇن ئازاب - ئوقۇبەت ۋە جازا سۈپىتىدە باش قىلىپ قويىمەن. سىلەر پادىشاھلارنى ماختاش بىلەن بىھۇدە مەشغۇل بولماڭلار، لېكىن سىلەر ماڭا تەۋبە قىلىڭلاركى، ئاشۇ پادىشاھلارنى سىلەرگە جان - دىلىدىن كۆيۈنىدىغان قىلىپ بېرەي. 130. «ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟› ئۇلار: ‹گۇناھلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلدۇق› دەيدۇ. ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كاپىر بولغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلدۇ.» بۇ نىدا قىيامەت قايىم بولغان كۈندە بولىدۇ. سوئال، ئەيىپلەش ۋە كايىشلارنى ئىپادىلەيدۇ. ـ «ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئوقۇپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، مۇشۇنداق مۇشەققەتلىك كۈنگە دۇچار بولۇپ قېلىشىڭلاردىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟» ئۇلار ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا يول تاپالماي، چارىسىز ھالدا: «شۇنداق، سېنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ بىزگە كەلگەنلىكى ۋە مۇشۇنداق ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولۇپ قېلىشىمىز ھەققىدە بىزنى ئاگاھلاندۇرغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمىز» دەيدۇ. ئىبنى ئەتىيە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۇپرىلىقلىرىنى ئىقرار قىلغانلىقى ۋە ئەيىبلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدۇر. دەرۋەقە، مۇنۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ مۇنداق دەيدىغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە: «ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق.» ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ۋە ئۇنىڭ سۈنئىي گۈزەللىكى ئالدىغان، ئۇلار

ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كاپىر بولغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە ھەم كۆز قاراش جەھەتتىن پاسسىپ ھەم نەزەرىيە جەھەتتىن تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقتىن، ئۇلار قاتتىق تەنقىت قىلىنماقتا. چۈنكى ئۇلارنى بۇ دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ۋاقىتلىق نازۇنېمەتلىرى ئۇلارنى ئالداپ قويىدى، يەنە كېلىپ، ئۇلار ئاخىرەتتىن تامامەن يۈز ئۆرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كاپىر بولغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئەبەدىي ئازابقا دۇچار بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىشتى. بۇ ئايەتتە، ئاگلىغۇچىلار ئەنە شۇلارنىڭ ئاقىۋىتىگە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان. 131. «بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پەرۋەردىگارىڭ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى (ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ ئاگاھلاندۇرماستىن) غەپلەتتىكى ۋاقىتلىرىدا (زۇلۇم قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن) ھالاك قىلغىنى يوق.» يەنى، بىز ئۇلارغا ئاقىۋەتلىرىنىڭ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق. چۈنكى پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ ئادىل بولۇپ، پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ھېچقاچان، ھېچقانداق بىر قەۋمنى ھالاك قىلغان ئەمەس ۋە قىلمايدۇ. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى شەرھلەپ بەرسۇن ۋە قىيامەت كۈنى چوقۇم ئۇلارنىڭ مەھشەرگاھقا يىغىلىدىغانلىقىدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرسۇن دەپ، ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق. چۈنكى پەرۋەردىگارىڭ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىش، مۆجىزىلەر ۋە ئىبرەتلىك مىساللار ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرماستىن، غەپلەتتىكى ۋاقىتلىرىدا، زۇلۇم

قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلغىنى يوق. 132. «(ئاخىرەتتە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن غاپىل ئەمەس.» يەنى، ئاخىرەتتە ھەر ئادەمنىڭ مەيلى ئىتائەت قىلغان بولسۇن، ياكى ئاسىيلىق قىلغان بولسۇن، قىلغان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ، ئەگەر ياخشى ئەمەل قىلغان بولسا، دەرىجىسى ياخشى بولىدۇ، ئەگەر يامان ئەمەل قىلغان بولسا، دەرىجىسىمۇ يامان بولىدۇ. ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: پەلەمپەيلەر ياكى شوتىلارغا ئوخشاش پەرقلىق بولغانلىقتىن، ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىنىڭ دەرىجىسى «دەرىجىلەر» دەپ ئاتالغان. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن غاپىل ئەمەس. بۇ ئايەتتە تەھدىت ۋە قورقۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. 133. «پەرۋەردىگارىڭ (خالايىقتىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن) بىھاجەتتۇر، رەھمەت ئىگىسىدۇر. ئەگەر ئۇ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىپ، سىلەرنى باشقا بىر قەۋمنىڭ ئەۋلادىدىن پەيدا قىلغاندەك، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا ئۆزى خالىغان (ئىتائەتمەن) باشقا بىر قەۋمنى قويىدۇ.» يەنى، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭ خالايىقتىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن بىھاجەتتۇر، ئىتائەت قىلىش ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزمىگىنىدەك، ئاسىيلىق قىلىشمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارغا رەھمەت ئىگىسى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ھەم ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا ھەم ئۆزگە ئىتائەت قىلغۇچىلارغا مەرھەمەتلىك. ئۆزگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلاردىن ئىنتىقام ئېلىشنى كېچىكتۈرۈشى، ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمەتىدىندۇر. ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: يەنە بىر قاراشقا كۆرە، ئاللاھ

تائالا بارلىق مەخلۇقاتىغا ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر. بۇ بايانلاردا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەر ئەۋەتىش مەسىلىسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلغانلىقىدىن ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلىدۇ. ئى ئاسىيلار! ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا، سىلەرنى نەسلىڭلارنى قۇرۇتۇۋېتىدىغان بىر ئازاب بىلەن يوقىتىۋېتىپ ھالاك قىلىپ، سىلەرنى باشقا بىر قەۋمنىڭ ئەۋلادىدىن پەيدا قىلغاندەك، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا ئۆزى خالىغان ئىتائەتمەن باشقا بىر قەۋمنى قويىدۇ. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ دەرھال ئازاب ئەۋەتىپ ھالاك قىلىۋېتىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. 134. «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (قىيامەت، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش قاتارلىق) ئىشلار چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ، سىلەر قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر.» يەنى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان قىيامەت، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش قاتارلىق ئىشلار چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ، سىلەر بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. 135. «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، <ئى قەۋمىم! سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئىشلەڭلار (كۇپرىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار)، مەنمۇ چوقۇم كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىشلەيمەن (مەنمۇ ئۆز دەۋىتىمدە چىڭ تۇرىمەن). ئاخىرەتتە كىمنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۇزۇنغا قالماي بىلىسىلەر، زالىملار ئەلۋەتتە مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.>» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئى قەۋمىم! سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئىشلەڭلار ۋە كۇپرىڭلاردا ئاداققىچە چىڭ تۇرۇڭلار، مەنمۇ چوقۇم كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىشلەيمەن ۋە ئۆز دەۋىتىمدە مەڭگۈ چىڭ تۇرىمەن.»

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ يەردىكى «كۆچۈۋالارنىڭ يېتىشىچە ئىشلەۋالار» دېگەن سۆزى تەھدىتنى ئىپادىلەيدۇ. دەرۋەقە، ئاللاھ تائالانىڭ «خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار» دېگەن ئەمرىمۇ تەھدىتنى ئىپادىلەيدۇ. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا يەنە شۇنداق دېگىنكى، «ئاخىرەتتە كىمنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغانلىقىنى، جۈملىدىن سىلەرنىڭ ئاقىۋىتىڭلار ياخشى بولامدۇ ياكى بىزنىڭمۇ؟ ئۇزۇنغا قالماي چوقۇم بىلىسىلەر، شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، زالىملار ئەلۋەتتە نە نىجاتلىققا، نە مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ» زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە، ناھايىتى نازۇك بىر ئۇسلۇبتا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن بولۇپ، ئىبارىلەردە ئىنساپ ۋە ئەدەپ بار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئايەت قاتتىق تەھدىتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىللە يەنە ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ ھەقلىق، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىنىڭ باتىل يولدا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 136. «مۇشرىكلار ئاللاھ ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چاھار پايلاردىن (تۆگە، كالا، قويلاردىن) ئاللاھ ئۈچۈن بىر ھەسسە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە) ئايرىپ قويۇپ، ئۆز گۇمانلىرىچە (ھېچقانداق دەلىلسىزلا): <بۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر، بۇ مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر> دېدى. بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسىدىن ئاللاھنىڭكىگە قوشۇشقا بولمايتتى، ئاللاھنىڭ نېسىۋىسىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇشقا بولاتتى (مۇشرىكلار ئاللاھ تائالاغا ئاتىغان ھەسسىسىدىن بۇتلارغا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ ھەسسىسى ئىچىدە قالدۇراتتى ۋە ئاللاھ باي، بۇنىڭغا موھتاج ئەمەس، دەيتتى. بۇتلىرىغا ئاتىغان ھەسسىسىدىن ئاللاھ تائالاغا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ

ھەسسىسىگە قايتۇرۇۋېتەتتى). ئۇلارنىڭ قارارى نېمىدېگەن قەبىھ!»، يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئاللاھ ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چاھار پايلاردىن (تۆگە، كالا، قويلاردىن) پېقىرلارغا بېرىش مەقسىتىدە ئاللاھ ئۈچۈن بىر ھەسسە، ئۆزلىرى چوقۇنىۋاتقان ئىلاھلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە بېرىش مەقسىتىدە بۇتلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە ئايرىپ قويۇشتى. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت بىدئەت پەيدا قىلغان، كاپىر بولغان ۋە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكلارنى تەنقىد قىلىدۇ ۋە ئەيىبلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشتى ۋە ئاللاھ ياراتقان ئېكىنلەردىن، مېۋە - چېۋىلەردىن، چاھار پايلاردىن ئاللاھ ئۈچۈن بىر ھەسسە ئايرىپ قويۇپ، ئۆز گۇمانلىرىغا تايىنىپلا ۋە ھېچقانداق دەلىلسىزلا: «بۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر، بۇ مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر، بۇ بۇتلىرىمىز ئۈچۈندۇر» دېيىشتى. بۇ ھەقتە، «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «الزعم» ئىبارىسى ئادەتتە يالغانچىلىق ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرى ئېكىنلەردىن بىرەر مول ھوسۇلغا ئېرىشكەنلىرىدە ياكى مېۋىلىرى مول ھوسۇل بەرگەن چاغدا، ئۇلاردىن ئاللاھ ئۈچۈن بىر ھەسسە، بۇتلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە ئايرىپ قوياتتى. بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسىدىن ئاللاھنىڭكىگە قوشۇشقا بولمايتتى، ئاللاھنىڭ نېسىۋىسىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇشقا بولاتتى. مۇشرىكلار ئاللاھ تائالاغا ئاتىغان ھەسسىسىدىن بۇتلارغا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ ھەسسىسى ئىچىدە قالدۇراتتى ۋە «ئاللاھ باي، بۇنىڭغا موھتاج ئەمەس، بىراق،

بۇتلارنىڭ بۇنىڭغا ئېھتىياجى بار»، دەيتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسىدىن ھېچقانداق بىر نەرسە ئاللاھ تائالاغا يېتىپ بارالمايدۇ، ئاللاھ تائالاغا ئاتالغان نەرسە بۇتلارغا يېتىپ بارىدۇ.» بۇ ھەقتە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئېكىنلەرنىڭ بىر قىسمىنى «بۇ ئاللاھ تائالانىڭ» دېيىشىدۇ. يەنە بىر قىسمىنى بولسا: «بۇ بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ۋە بۇتلىرىمىزنىڭ» دېيىشىدۇ. مۇشرىكلار شامالنىڭ ئۇچۇرتۇشى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئاتىغان ھەسسىسىدىن بۇتلارغا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ ھەسسىسى ئىچىدە قالدۇراتتى، بۇتلارغا ئاتىغان ھەسسىسىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ ھەسسىسىگە قايتۇرۇۋېتەتتى. قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن يىللىرى ئاللاھ تائالاغا ئاتىغان ھەسسىنى يەيتتى، بۇتلارغا ئاتىغان ھەسسىسىگە بولسا چېقىلمايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقسىز ھۆكۈملىرى نېمىدېگەن قەبىھ! 137. «مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلىرى (شەيتانلار) مۇشرىكلارنى ھالاك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىغا بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى، شۇنىڭدەك (ئاللاھ تائالاغا ۋە بۇتلارغا ھەسسە ئايرىپ قويۇشتەك تەقسىماتنى شەيتانلارغا ۋە مۇشرىكلارغا چىرايلىق كۆرسەتكەندەك) چىرايلىق كۆرسەتتى. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار بۇ (قەبىھ) ئىشنى قىلمايتتى، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا چاپلىغان يالغانلىرى بىلەن بىللە تەرك ئەت.» يەنى، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن ئىلاھلىرى ئوتتۇرىسىدا قىلغان سەدىقە تەقسىماتى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆر-سىتىلگىنىدەك، شەيتانلىرى مۇشرىكلارنى ھالاك

قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىغا بالىلىرىنى تىرىك كۆمۈپ ئۆلتۈرۈش ياكى ئىلاھلىرىغا قۇربانلىق قىلىش يۈزىسىدىن بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدىكىلەر، ئەگەر مانچە بالام بولسا، بىرىنى قۇربانلىق قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلاتتى. دەرۋەقە ئابدۇلمەتتەلىب شۇنداق قەسەم قىلغان. شەيتانلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى، مۇشرىكلارنى ئالداپ يولدىن چىقىرىش ۋە ئۇلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىش ئىدى. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار بۇ (قەبىھ) ئىشنى قىلالمىغان بولاتتى. ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا چاپلىغان يالغانلىرى بىلەن قوشۇپ بىللە تەرك ئەت. بۇ بىر تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. 138. «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە: ‹بۇ ھايۋانلار ۋە ئېكىنلەر (مەبۇدلىرىمىزغا خاس بولۇپ، باشقىلارغا) ھارامدۇر، ئۇلارنى پەقەت بىز خالىغان ئادەملەرلا يەيدۇ، بۇ ھايۋانلارنى مىنىش ھارام، بۇ ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشقا بولمايدۇ› دېدى. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا يالغان چاپلىدى، ئاللاھ ئۇلارنى يالغان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ.» بۇ ئايەتتە، مۇشرىكلارنىڭ بىر قىسىم قەبىھ قىلمىشلىرى بىلەن ئۇلار سادىر قىلغان جىنايەتلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن. يەنى مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە: «بۇ ھايۋانلار، مېۋە - چېۋىلەر ۋە ئېكىنلەر مەبۇدلىرىمىزغا خاس بولۇپ، باشقىلارغا ھارام ۋە چەكلەنگەن، ئۇلارنى پەقەت بىز رۇخسەت قىلغان ئادەملەرلا يېسە بولىدۇ، بۇنىڭ سىرتىدىكىلەرنىڭ يېيەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس» دەيدۇ.

بۇ بولسا، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتسىزلا، گۇمانغا تايىنىپلا ئىش قىلىدىغانلىقى ۋە باتىل يولدا ئىكەنلىكىنىڭ روشەن نامايەندىسى، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بەھىرە (سەككىزنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى ئەركەك تۇغقان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى يېرىپ قويۇپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى، مىنمەيتتى، يۈك ئارتمايتتى)، سائىبە (چىشىدىن ئوننى تۇغقان تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى)، ھام (ئون تۆگىگە ئاتا بولغان بۇغرا تۆگە بولۇپ، ئۇلار ئۇنى مىنمەي، يېمەك - ئىچمەكتە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى) غا ئوخشاش بۇ ھايۋانلارنىمۇ مىنىش ھارام بولۇپ، بۇ ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتمايتتى. ئۇلار بۇ ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا ئاللاھ تائالاغا يالغان چاپلاپ ۋە بوھتان قىلىپ، پەقەت بۇتلىرىنىڭلا ئىسمىنى ئېيتىشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى يالغان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن چوقۇم جازالايدۇ. بۇ ئايەت ناھايىتى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەھدىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 139. «ئۇلار: <بۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرى بىزنىڭ ئەر كىشىلىرىمىزگە خاس، خوتۇن كىشىلىرىمىزگە ھارامدۇر> دېدى. ئەگەر تۇغۇلغان ھايۋان ئۆلۈك بولسا، ئۇنداقتا ئەر كىشىلەر بىلەن خوتۇن كىشىلەر ئارىسىدا ئورتاقتۇر (ئۇنى ھەممىيلەن تەڭ يەيدۇ) دېيىشتى (ھالال - ھارامنى تەيىنلەشتى). ئاللاھ تائالاغا يالغان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جازالايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.» بۇ ئايەت، مۇشرىكلارنىڭ قەبىھ سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ باشقا بىر تۈرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار:

«بەھىرە ۋە سائىبە قاتارلىق بۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرى پەقەت بىزنىڭ ئەر كىشىلىرىمىزگىلا ھالال بولۇپ، خوتۇن كىشىلىرىمىزگە ھارامدۇر، ئاياللارنىڭ بۇ ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىدىن يېيىشكە بولمايدۇ. ئەگەر تۇغۇلغان ھايۋان ئۆلۈك بولسا، ئۇنداقتا ئەر كىشىلەر بىلەن خوتۇن كىشىلەر ئارىسىدا ئورتاقتۇر (ئۇنى ھەممەيلەن تەڭ يەيدۇ)» دەپ ھالال - ھارامنى تەيىنلەشتى. ھالال - ھارام بارىسىدا ئاللاھ تائالاغا يالغان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى چوقۇم جازالايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ئۆزى ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچىدۇر. 140. «ھاماقەتلىك ۋە نادانلىقلىرىدىن باللىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىپ، ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام بىلگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار ھەقىقەتەن (توغرا يولدىن) ئاداشتى، ھىدايەت تاپمىدى.» ـ ھەم ئۆزلىرىنىڭ ھەم باللىرىنىڭ رىزقىنى ئاللاھ تائالا بېرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن، ھاماقەتلىك ھەم نادانلىقلىرىدىن باللىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىپ، ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام بىلگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى. بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت، پېقىرلىق ۋە دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، قىز باللىرىنى تىرىك - تىرىك كۆمگەن رەبىيئە، مۇزەر قەبىلىلىرى ۋە شۇنداق قىلىدىغان باشقا ئەرەبلەر ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىپ ۋە ئاللاھ تائالاغا بوھتان چاپلاپ، ئۇ ئاتا قىلغان رىزىقلارنى، يەنى بەھىرە، سائىبە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشنى ئۆزلىرىگە

ھارام قىلىشتى، ئۇلار ئەنە شۇنداق قەبىھ جىنايەتلەرنى سادىر قىلىش ئارقىلىق توغرا يولدىن ئاداشتى. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا نىيەتلىرى دۇرۇس بولمىغانلىقتىن ھىدايەت تاپالمىغانىدى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئەرەبلەرنىڭ نەقەدەر جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئەنئام سۈرىسىنىڭ 130 - ئايىتىدىن كېيىنكى ئايەتلەرنى تۆۋەندىكى ئايەتكىچە ئوقۇغىن: «ھاماقەتلىك ۋە نادانلىقلىرىدىن بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىپ، ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام بىلگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى.»

ئىلاۋە: 1. سۈيۇتى «ئەل ئىكلىل» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ: «شۇنىڭغا (ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى ئۆزئارا پايدىلاندۇرغىنىمىزغا) ئوخشاش، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن زالىملارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە مۇسەللەت قىلىمىز.» دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنى، «سىلەرنىڭ نىيىتىڭلار قانداق بولسا شۇنداق ئىدارە قىلىنىسىلەر» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش. بۇ ھەقتە فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: بىر زالىمنىڭ يەنە بىر زالىمدىن ئىنتىقام ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭدە، توختاپ، ئىبرەت نەزىرى بىلەن كۆزەتكىن. 2. كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلاردىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، جىنلاردىن ھېچ پەيغەمبەر ئەۋەتىلمىگەن. ئاللاھ تائالانىڭ «ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان

پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟» (130 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتى تەبلىغ قىلىش يۈزىسىدىن جىنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ «سىلەرگە» دېيىلگەن. «ئۇلاردىن مەرۋايىت بىلەن مارجان چىقىدۇ» دېگەن ئايەتمۇ تەبلىغ قىلىش يۈزىسىدىن «ئىككى دېڭىز» دېيىلگەن. ھالبۇكى، مەرۋايىت بىلەن مارجان پەقەت تۇزلۇق سۇدىنلا چىقىدۇ، تاتلىق سۇدىن بولسا چىقمايدۇ. 3. قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا دائىم غەمكىن ۋەزىيەتتە تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن «نېمىشقا بۇنچىلىك غەمكىن سەن؟» دەپ سورىۋېدى، ھېلىقى ئادەم: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە شۇنداق بىر گۇناھ قىلدىمكى، گەرچە مەن ھازىر مۇسۇلمان بولغان بولساممۇ، بىراق ئاللاھ تائالا گويا مېنى ئەپۇ قىلمايدىغاندەكلا قورقۇۋاتىمەن» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ رەسۇلۇللاھ: «قېنى، ماڭا قانداق گۇناھ قىلغانلىقىڭنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. ھېلىقى ئادەم: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە قىز پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ بىرسى ئىدىم. بىر قىز پەرزەنت يۈزى كۆرگەن ئىدىم. ئايالىم ماڭا يىلىنىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىكىمنى ئۆتۈنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۇنى ئۆلتۈرمىگەنىدىم. نىھايەت قىزىم چوڭىيىپ ئەڭ چىرايلىق قىز بولدى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلار قىزىمغا ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلىپ كېلىشكە باشلىدى. مېنى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئەسىر قىلىۋالغاچقا، نە ئۇنى ياتلىق قىلىشقا، نە ئۆيدە قالدۇرۇشقا كۆزۈم قىيمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئايالىمغا: ‹مەن بىر ئۇرۇق - تۇغقىنىمنىڭكىگە زىيارەتكە

بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن. قىزىمىزمۇ مەن بىلەن بىرگە بارسۇن> دېدىم. ئايالىم تولىمۇ خۇشال بولۇپ قىزىمىزنى چىرايلىق كىيىندۈردى ۋە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماسلىقىم ھەققىدە مەندىن ۋەدە ئالدى. قىزىمنى بىر قۇدۇقنىڭ بېشىغا ئاپاردىم - دە، قۇدۇقنىڭ ئىچىگە قارىدىم. قىزىم، مېنىڭ ئۇنى قۇدۇققا تاشلىماقچى بولغانلىقىمنى تۇيۇپ قېلىپ، بويىنۇمغا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا ئىچىم ئاغرىپ تەكرار قۇدۇققا قارىدىم. مېنى جاھىلىيەتنىڭ نادانلىقى يەنە ئەسىر قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن شەيتانغا مەغلۇب بولۇپ، قىزىمنى پۇتىدىن تۇتۇپ قۇدۇققا تاشلىدىم. تاكى ئۇنىڭ ئۈنى بېسىققىچە قۇدۇقنىڭ بېشىدا ساقلاپ تۇردۇم. ئۈنى بېسىققان ھامان ئۆيگە قايتىپ كەتتىم.» دېدى. رەسۇلۇللاھ بىلەن ساھابىلىرى بۇنى ئاڭلاپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «ئەگەر جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قىلمىشلىرى تۈپەيلى بىراۋنى جازالاشقا بۇيرۇلغان بولسام، چوقۇم سېنى جازالىغان بولاتتىم.»

وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنشَأَ جَنَّٰتٖ مَّعۡرُوشَٰتٖ وَغَيۡرَ مَعۡرُوشَٰتٖ
وَٱلنَّخۡلَ وَٱلزَّرۡعَ مُخۡتَلِفًا أُكُلُهُۥ وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلرُّمَّانَ
مُتَشَٰبِهٗا وَغَيۡرَ مُتَشَٰبِهٖۚ كُلُواْ مِن ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثۡمَرَ
وَءَاتُواْ حَقَّهُۥ يَوۡمَ حَصَادِهِۦۖ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ
ٱلۡمُسۡرِفِينَ ١٤١ وَمِنَ ٱلۡأَنۡعَٰمِ حَمُولَةٗ وَفَرۡشٗاۚ كُلُواْ مِمَّا
رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ وَلَا تَتَّبِعُواْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيۡطَٰنِۚ إِنَّهُۥ لَكُمۡ
عَدُوّٞ مُّبِينٞ ١٤٢ ثَمَٰنِيَةَ أَزۡوَٰجٖۖ مِّنَ ٱلضَّأۡنِ ٱثۡنَيۡنِ وَمِنَ

ٱلْمَعْزِ ٱثْنَيْنِ ۗ قُلْ ءَآلذَّكَرَيْنِ حَرَّمَ أَمِ ٱلْأُنثَيَيْنِ أَمَّا
ٱشْتَمَلَتْ عَلَيْهِ أَرْحَامُ ٱلْأُنثَيَيْنِ ۖ نَبِّـُٔونِى بِعِلْمٍ إِن كُنتُمْ
صَـٰدِقِينَ ﴿١٤٣﴾ وَمِنَ ٱلْإِبِلِ ٱثْنَيْنِ وَمِنَ ٱلْبَقَرِ ٱثْنَيْنِ ۗ قُلْ
ءَآلذَّكَرَيْنِ حَرَّمَ أَمِ ٱلْأُنثَيَيْنِ أَمَّا ٱشْتَمَلَتْ عَلَيْهِ أَرْحَامُ
ٱلْأُنثَيَيْنِ ۖ أَمْ كُنتُمْ شُهَدَآءَ إِذْ وَصَّىٰكُمُ ٱللَّهُ بِهَـٰذَا ۚ فَمَنْ
أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا لِّيُضِلَّ ٱلنَّاسَ بِغَيْرِ
عِلْمٍ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿١٤٤﴾ قُل لَّآ أَجِدُ
فِى مَآ أُوحِىَ إِلَىَّ مُحَرَّمًا عَلَىٰ طَاعِمٍ يَطْعَمُهُۥٓ إِلَّآ أَن يَكُونَ
مَيْتَةً أَوْ دَمًا مَّسْفُوحًا أَوْ لَحْمَ خِنزِيرٍ فَإِنَّهُۥ رِجْسٌ أَوْ
فِسْقًا أُهِلَّ لِغَيْرِ ٱللَّهِ بِهِۦ ۚ فَمَنِ ٱضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ
فَإِنَّ رَبَّكَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٤٥﴾ وَعَلَى ٱلَّذِينَ هَادُوا۟ حَرَّمْنَا كُلَّ
ذِى ظُفُرٍ ۖ وَمِنَ ٱلْبَقَرِ وَٱلْغَنَمِ حَرَّمْنَا عَلَيْهِمْ شُحُومَهُمَآ
إِلَّا مَا حَمَلَتْ ظُهُورُهُمَآ أَوِ ٱلْحَوَايَآ أَوْ مَا ٱخْتَلَطَ بِعَظْمٍ ۚ
ذَٰلِكَ جَزَيْنَـٰهُم بِبَغْيِهِمْ ۖ وَإِنَّا لَصَـٰدِقُونَ ﴿١٤٦﴾ فَإِن كَذَّبُوكَ
فَقُل رَّبُّكُمْ ذُو رَحْمَةٍ وَٰسِعَةٍ وَلَا يُرَدُّ بَأْسُهُۥ عَنِ ٱلْقَوْمِ
ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿١٤٧﴾ سَيَقُولُ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُوا۟ لَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ
أَشْرَكْنَا وَلَآ ءَابَآؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِن شَىْءٍ ۚ كَذَٰلِكَ كَذَّبَ
ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ حَتَّىٰ ذَاقُوا۟ بَأْسَنَا ۗ قُلْ هَلْ عِندَكُم
مِّنْ عِلْمٍ فَتُخْرِجُوهُ لَنَآ ۖ إِن تَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنْ أَنتُمْ إِلَّا
تَخْرُصُونَ ﴿١٤٨﴾ قُلْ فَلِلَّهِ ٱلْحُجَّةُ ٱلْبَـٰلِغَةُ ۖ فَلَوْ شَآءَ لَهَدَىٰكُمْ
أَجْمَعِينَ ﴿١٤٩﴾ قُلْ هَلُمَّ شُهَدَآءَكُمُ ٱلَّذِينَ يَشْهَدُونَ أَنَّ ٱللَّهَ

حَـرَّمَ هَـٰذَاۖ فَـإِن شَـهِدُواْ فَـلَا تَشۡـهَدۡ مَعَهُـمۡۚ وَلَا تَتَّبِـعۡ أَهۡـوَآءَ
ٱلَّذِيـنَ كَذَّبُـواْ بِـَٔايَٰتِنَـا وَٱلَّذِيـنَ لَا يُؤۡمِنُـونَ بِٱلۡأٓخِـرَةِ وَهُـم
بِرَبِّهِـمۡ يَعۡدِلُـونَ ﴿١٥٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى بىلەن گۇناھلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. نۆۋەتتىكى ئايەتلەردە بولسا، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئۆزى رىزىق قىلىپ بەرگەن نېمەتلەرنى زىكىر قىلىدۇ. دەرۋەقە، مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ رۇخسىتىسىزلا ئۇنىڭغا بوھتان چاپلاپ ۋە ئۇ ھالال قىلغان بۇ رىزىقلارنى ھارام قىلىپ، كەلسە - كەلمەس تەسەررۇپ قىلغانىدى. ئارقىدىنلا، ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىنى، ئۇلارنىڭ قازا ۋە قەدەرگە ئىشەنمىگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوپئوچۇق ھالدا ئاللاھ تائالاغا بوھتان چاپلاش بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

**تەپسىرى:** 141. «ئاللاھ بىدىشلىك ۋە بىدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلدى، مېۋىلىرى، دانلىرى (رەڭگى، تەمى، ھەجمى ۋە پۇرىقى) بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان، (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى، مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە (نىڭ ھوسۇلى)نى يىغقان كۈندە (يىغقان ۋاقتىتا)، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى

ياقتۇرمايدۇ.» يەنى، پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە تۈرلۈك - تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى. جۈملىدىن ئۇ سىلەر ئۈچۈن بىدىشلىك ۋە بىدىشسىز باغۇ بوستانلارنى بەرپا قىلىپ بەردى، مېۋىلىرى، دانلىرى (رەڭگى، تەمى، ھەجمى ۋە پۇرىقى) بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، ھەر تۈرلۈك ئېكىنلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان، (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى يارىتىپ بەردى. ئى ئىنسانلار! يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مېۋىلەر پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋىلەرنىڭ ھوسۇلىنى يىغقان ۋاقىتتا، مەھسۇلاتلىرىدىن پېقىرلارغا بېرىپ ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار. ئىبنى ئاbباسقا كۆرە، «مەھسۇلات» ئۆلچىگىلى بولغان ۋە ئۆلچىمى ئېنىق بولغان چاغدا، ئۇنىڭ پەرز بولغان ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار، دېگەن بولىدۇ. كۆپ يەپ ئىسراپ قىلماڭلار، چۈنكى كۆپ يەپ - ئىچىش ھەم ئەقىلگە ھەم بەدەنگە زىيانلىق. بۇ ھەقتە تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردە تاللاشقا تېگىشلىك قاراش ئەتانىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ چەكلىمە، ھەر تۈرلۈك ئىشلاردا ئىسراپخورلۇق قىلىشنى مەنئى قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ. 142. «ئاللاھ چاھار پايلارنى (تۆگە، كالا، قويلارنى)، يۈك كۆتۈرىدىغانلارنى، بوغۇزلىنىدىغانلارنى ياراتتى. ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوچۇق دۈشمەندۇر.» يەنى، ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن تۆگە، كالا، قويلاردىن ئىبارەت يۈك كۆتۈرىدىغان ۋە بوغۇزلىنىدىغان چاھار پايلارنى يارىتىپ

بەردى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ: «ئەلھۇ،ۇلە» سۆزى «سىلەر مىنىدىغان ھايۋانلار»، دېگەن مەنىنى «الفرش» سۆزى بولسا «سىلەر گۆشلىرىنى يەپ، سۈتلىرىنى سېغىپ ئىچىدىغان چاھار پايلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مېۋىلەر، ئېكىنلەر ۋە ھايۋانلاردىن يەپ - ئىچىڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە رىزىق سۈپىتىدە يارىتىپ بەرگەن. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش، ھالال - ھارام مەسىلىسىدە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئالدانماڭلار، ئۇنىڭ ئارقىسىغىمۇ كىرمەڭلار، شەك - شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوچۇق دۈشمەندۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. 143. «(ئاللاھ سىلەرگە يېيىش ھالال قىلىنغان) سەككىز خىل چاھار پايىنى ياراتتى: قويدىن ئىككى (قوچقار ۋە ساغلىق)، ئۆچكىدىن ئىككى (تېكە ۋە ئۇرغاچى). (ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، <ئاللاھ (قوي بىلەن ئۆچكىدىن) ئىككى ئەركەكنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئىككى چىشىنىمۇ ۋە ياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى قوزا بىلەن ئوغلاقنىمۇ؟ ئەگەر (سىلەر ئاللاھ بۇلارنى بىزگە ھارام قىلدى، دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، قېنى ماڭا بىلىپ ئېيتىپ بېرىڭلار!>» يەنى، ئاللاھ سىلەرگە يېيىش ھالال قىلىنغان سەككىز تۈرلۈك ھايۋاننى يارىتىپ بەردى: قويدىن بىر قوچقار ۋە ساغلىق، ئۆچكىدىن بىر تېكە ۋە ئۇرغاچى. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا سىلەر ئۈچۈن سەككىز تۈرلۈك ھايۋان يارىتىپ بەردى. ئەرەبلەردە بىرى يەنە بىرىگە موھتاج بولىدىغان يالغۇز بىر نەرسىنى جۈپتى دەيدىغان بىر خىل ئادەت بار. مەسىلەن، ئەرەبلەر ئەركەكنىمۇ ۋە چىشىنىمۇ

«جۈپتى» دەيدۇ. بىر جۈپ قويدىن مەقسەت، قوچقار بىلەن ساغلىق؛ بىر جۈپ ئۆچكىدىن مەقسەت، تېكە ۋە ئۇرغاچىدۇر. بۇ ئايەت، ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام قىلغان مۇشرىكلارنى ئەيىبلەيدۇ. يەنى ئى مۇھەممەد! ئەيىبلەش ۋە مەنئى قىلىش ئۇسلۇبىدا ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئى مۇشرىكلار! ئاللاھ سىلەرگە قوي بىلەن ئۆچكىدىن ئىككى ئەركەكنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ ئىككى چىشىنىمۇ ۋە ياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى قوزا بىلەن ئوغلاقنىمۇ؟ ئەگەر سىلەر ئاللاھ بۇلارنى بىزگە ھارام قىلدى، دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى، ماڭا يالغان ۋە بوھتاننى ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ئىلاھىي پەرماننى ئېيتىپ بېرىڭلار! 144. «(ئاللاھ سىلەرگە) تۆگىدىن ئىككىنى (بۇغرا بىلەن ھىڭگاننى)، كالىدىن ئىككىنى (بۇقا بىلەن ئىنەكنى) ياراتتى، (مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، <ئاللاھ ئىككى ئەركەكنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئىككى چىشىنىمۇ ۋە ياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى بوتىلاق بىلەن موزاينىمۇ؟ ياكى ئاللاھ بۇنى سىلەرگە تەۋسىيە قىلغان چاغدا سىلەر ھازىرمىدىڭلار؟ كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، بىلمەي تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتقان ئادەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.>» يەنى، ئاللاھ سىلەرگە بۇغرا بىلەن ھىڭگاندىن ئىبارەت تۆگىدىن ئىككىنى، بۇقا بىلەن ئىنەكتىن ئىبارەت كالىدىن ئىككىنى يارىتىپ بەردى. ئى مۇھەممەد! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاللاھ بۇلارنىڭ ئەركەكلىرىنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى چىشلىرىنىمۇ ۋە ياكى بۇ ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى بوتىلاق بىلەن موزايلىرىنىمۇ؟»

قاتتىق ئەيىبلەش ۋە كايىش مەقسىتىدە ئايەت بۇ يەردە تەكرارلانغان. بۇ ھەقتە ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتىن مەقسەت، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ تۆت خىل ھايۋاننى ئۇلارغا ھارام قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇلارنىڭ دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىش ۋە بۇ ھەقتىكى ئۇلارنىڭ يالغان - ياۋىداقلىرىنى پاش قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇلار بەزىدە بۇ ھايۋانلارنىڭ ئەركەكلىرىنى، بەزىدە چىشىلىرىنى، يەنە بەزىدە باللىرىنى ھارام قىلاتتى. «ياكى ئاللاھ بۇنى سىلەرگە تەۋسىيە قىلغان چاغدا سىلەر ھازىرمىدىڭلار؟» بۇ مەسخىرە قىلىش تەرىقىسىدىكى بىر خىتاب بولۇپ، قاتتىق ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. «كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، بىلمەي تۇرۇپ، ئاللاھ تائالا ھارام قىلمىغان نەرسىلەرنى <ئاللاھ تائالا ھارام قىلدى> دەپ ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتقان ئادەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ.» بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى بارلىق زالىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نېمىنى ھارام قىلغانلىقىنى ئۆزلىرىگە بىلدۈرۈپ قويۇشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇپ، مۇنداق دەيدۇ: 145. «(ئى مۇھەممەد! مەككە كاپىرلىرىغا) ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ـ ۋە ئاللاھ تائالادىن غەيرىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىنى ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن. كىمكى ئۇلاردىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) نائىلاج ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ھاياتىنى ساقلاپ

قالغۇدەك يېسە (ھېچ گۇناھ بولمايدۇ)، چۈنكى پەرۋەردىگارىڭ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر.» يەنى، ئى مۇھەممەد! مەككە كاپىرلىرىغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالا ماڭا ۋەھيى قىلغان قۇرئان كەرىمدىكى ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنا بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇنى ھارام قىلغاندۇر. ئاللاھ تائالادىن غەيرىنىڭ ئىسمى، يەنى بۇتلارنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىنى ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن. بۇتلارنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغانلىقى ئۈچۈن، گويا شۇ ماللار نىجىستەك مۇبالىغىلەشتۈرۈش شەكلىدە ئىپادىلەپ بېرىش مەقسىتىدە بۇنداق ماللار «نىجىس» دېيىلگەن. كىمكى يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن نائىلاج ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك دەرىجىدە يېسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئىسيانكارلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرى تۈپەيلى يەھۇدىيلارغا بىر قىسىم نەرسىلەرنى ھارام قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 146. «يەھۇدىيلارغا تۇم تۇياقلىق (تۆگە، تۆگىقۇشقا ئوخشاش ئاچا تۇياقلىق بولماي تۇم تۇياقلىق بولغان) ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارغا كالا، قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ۋە ياكى سۆڭەككە چاپلىشىقلىق ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى ھارام قىلدۇق، بۇ ئۇلارنىڭ (پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش، جازانە قىلىش،

كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش قاتارلىق) زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىزدۇر، بىز ئەلۋەتتە (بەرگەن خەۋەرلىرىمىزدە) راستچىلمىز.» يەنى، تۆگە، تۆگىقۇشقا ئوخشاش ئاچا تۇياقلىق بولماي تۇم تۇياقلىق بولغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى يەھۇدىيلارغا ھارام قىلدۇق. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھايۋانلار تۆگە، كالىغا ئوخشاش تۇم تۇياقلىق بولغان ۋە غاز، ئۆردەككە ئوخشاش ئاچا تۇياقلىق بولمىغان ھايۋانلاردۇر. ئۇلارغا كالا، قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ياكى سۆڭەككە چاپلىشىقلىق ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى ھارام قىلدۇق، بۇ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش، جازانە قىلىش، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش قاتارلىق زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىزدۇر، ئى مۇھەممەد! بىز ئەلۋەتتە ساڭا بەرگەن خەۋەرلىرىمىزدە راستچىلمىز. بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ھارام قىلمىغان نەرسىلەرنى ھارام قىلغان يەھۇدىيلارنىڭ قىپقىزىل يالغانچى ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ بايانلاردىن كېيىن كەلگەن تۆۋەندىكى ئايەتتىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان: 147. «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار (يەھۇدىيلار) سېنى ئىنكار قىلسا، سەن: <پەرۋەردىگارىڭلار (قىلمىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ئالدىراپ جازالىمىغانلىقتىن) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە مەغرۇر بولماڭلاركى) ئاللاھنىڭ ئازابى گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ> دېگىن.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئەگەر ئاشۇ يەھۇدىيلار ھارام ئىكەنلىكى

بايان قىلىنغان ئىشلار توغرۇلۇق سېنى ئىنكار قىلسا، ئۇلارنىڭ بۇ پوزىتسىيىسىگە تولىمۇ ئەجەبلەنگەنلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە شۇنداق دېگىنكى: «پەرۋەردىگارىڭلار كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر، شۇنداق ئېغىر جىنايەتلەرنى سادىر قىلىۋاتقىنىڭلارغا قارىماي سىلەرنى ئالدىراپ جازالىماسلىقىمۇ بۇنىڭ روشەن نامايەندىسىدۇر.» بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇ، سەن چوڭ بىر گۇناھ سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭدە سېنىڭ مۇنداق دېگىنىڭگە ئوخشايدۇ: «ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن ھەلىم - ھە!» سەن بۇ سۆزۈڭ ئارقىلىق، گۇناھ - مەسىيەت قىلغان كىشىنى دەرھال جازالىماي ئۇنىڭغا مۆھلەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ نەقەدەر مېھرىبان ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشنى ئارزۇ قىلىسەن. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كەڭ رەھمەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىنلا، ئازابىنىڭ تولىمۇ قاتتىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھكارلارنى جازالىشىغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىگە ئالدانماڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتى ناھايىتى كەڭ بولغىنىدەك، ئازابىمۇ تولىمۇ قاتتىق. گۇناھكارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىكى ۋە ئىسيانكارنىڭمۇ ئۇنىڭ مەرھەمىتىنىڭ تولىمۇ كەڭ ئىكەنلىكىگە ئالدىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇ ئايەتتە ئۈمىدلەندۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن قورقۇتۇش ئۇسۇلى بىرلىكتە قوللىنىلغان. 148. «مۇشرىكلار: ‹ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق› دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى

كىشىلەر تاكى (بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر، (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، <سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر، ئاللاھ تائالاغا پەقەت يالغاننى چاپلايسىلەر.>» يەنى، ئەرەب مۇشرىكلىرى شۇنداق دېيىشىدۇ: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، نە بىز، نە ئاتا - بوۋىلىرىمىز كاپىر بولمىغان ۋە شېرىك كەلتۈرمىگەن بولاتتۇق ھەمدە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق». ئۇلار ئەسلىدە مۇنداق دېمەكچى: ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشى ۋە بەزى نەرسىلەرنى ھارام قىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بولۇپ، ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلماسلىقىنى خالىغان بولسىدى، ئۇلارمۇ ھەم شۇنداق قىلمىغان بولاتتى. دېمەك، ئۇلار، ئاللاھ تائالا شۇنداق بولۇشىنى ئىرادە قىلغاچقا بىزمۇ شۇنداق قىلدۇق، دېمەكچى. دەرۋەقە، گۇناھ قىلغان بىر كىشىدىن ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈش تەلەپ قىلىنغاندا، ئۇ: بۇ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى، شۇڭا بۇنداق قىلماي ئامال يوق، دەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھەقتە مۇشرىكلارنىڭ ھېچقانداق بىر دەلىلى يوقتۇر. چۈنكى ئۇلار ياخشىلىق قىلىشقا، يامانلىق قىلماسلىققا بۇيرۇلغان. لېكىن بۇ جەبەرىيە مەزھىبىنىڭ قارىشى بولۇپ، بۇنى پەقەت كۈچلۈك دەلىللەرنىڭ ئالدىدا سۈكۈت قىلىشتىن باشقا چارە تاپالمىغان ئەخمەق كىشىلەرلا دەلىل كەلتۈرىدۇ، خالاس. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەرمۇ تاكى بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر،

ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى مۇشرىكلار سېنى قانداق ئىنكار قىلغان بولسا شۇنداق ئىنكار قىلغان ئىدى. بۇ بىر بولۇشسىز سوئال بولۇپ، مەسخىرە مەقسەت قىلىنغان. يەنى ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، قېنى بىزگە چىقىرىپ كۆرسەتمەمسىلەر، سىلەر پەقەت پەرەز ۋە گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر، ئاللاھ تائالاغا پەقەت يالغاننىلا چاپلايسىلەر.» 149. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) ئاللاھنىڭ ئېنىق پاكىتى بار، ئەگەر ئۇ خالىسا ھەممىڭلارنى، ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلاتتى>.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا، شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، بۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ ناھايىتى ئېنىق ۋە قايىل قىلارلىق تولۇق پاكىتى بار، ئەگەر ئۇ خالىسا ھەممىڭلارنى، ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلاتتى. بىراق ئۇ ھەممە كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۆز زىممىلىرىگە يۈكلەنسۇن دەپ، ئىمان ئېيتىش ۋە كۇپرىلىق يولىنى تاللاشنى بەندىلىرىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىغا قويۇپ قويدى.» ئى مۇھەممەد! شۇنداق دېگىنكى: «ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان بۇ شانلىق قۇرئان پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولغان، شۇڭا خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن.» 150. «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) <ئاللاھ بۇنى ھارام قىلدى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىلىرىڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار> دېگىن، ئەگەر ئۇلار (ھازىر بولۇپ يالغاندىن) گۇۋاھلىق بەرسە، سەن ئۇلارغا قوشۇلۇپ گۇۋاھلىق بەرمىگىن (چۈنكى ئۇ پۈتۈنلەي يالغان). بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ نەپسى - خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن،

ئۇلار پەرۋەردىگارىڭغا شېرىك كەلتۈرىدۇ.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «بەھىرە[1]، سائىبە[2] قاتارلىقلارنى ئاللاھ ھارام قىلدى، دېگەن سۆزلۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، بۇ ھەقتە سىلەرگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ كېلىڭلار.» ئەگەر ئۇلار ھازىر بولۇپ يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرسىمۇ، سەن ئۇلارغا قوشۇلۇپ گۇۋاھلىق بەرمىگىن ھەمدە ئۇلارنى تەستىقلىمىغىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلغىنى يالغانچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ نەپس - خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلار پەرۋەردىگارىڭغا شېرىك كەلتۈرۈپ، بۇتلارغا چوقۇنىدۇ.

**ئىلاۋە:** «ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە ھارام قىلىنغان بىر نەرسە كۆرمەيۋاتىمەن.» بۇ ئايەت، ھارام قىلىشنى ئارزۇ ۋە ئىستەك ئارقىلىق ئەمەس، دەل ئەكسىچە، ۋەھيى ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، ھۆكۈم چىقارغۇچىنىڭ ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەتلا ئاللاھ تائالا قانۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن ئەھكاملارنى بىلدۈرۈپ قويغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دەرۋەقە، مۇنۇ ئايەتمۇ بۇنىڭ شۇنداقلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە: «(ئۇ) ئۆز نەپس -

[1] بەھىرە — سەككىزنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى ئەركەك تۇغقان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى يېرىپ قويۇپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى، مىنمەيتتى، يۈك ئارتمايتتى.

[2] سائىبە — چىشىدىن ئۇننى تۇغقان تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى.

خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.»

قُلۡ تَعَالَوۡاْ أَتۡلُ مَا حَرَّمَ رَبُّكُمۡ عَلَيۡكُمۡۖ أَلَّا تُشۡرِكُواْ
بِهِۦ شَيۡـٔٗاۖ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَٰنٗاۖ وَلَا تَقۡتُلُوٓاْ أَوۡلَٰدَكُم مِّنۡ
إِمۡلَٰقٖ نَّحۡنُ نَرۡزُقُكُمۡ وَإِيَّاهُمۡۖ وَلَا تَقۡرَبُواْ ٱلۡفَوَٰحِشَ مَا
ظَهَرَ مِنۡهَا وَمَا بَطَنَۖ وَلَا تَقۡتُلُواْ ٱلنَّفۡسَ ٱلَّتِي حَرَّمَ ٱللَّهُ
إِلَّا بِٱلۡحَقِّۚ ذَٰلِكُمۡ وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ١٥١
وَلَا تَقۡرَبُواْ مَالَ ٱلۡيَتِيمِ إِلَّا بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ حَتَّىٰ يَبۡلُغَ
أَشُدَّهُۥۚ وَأَوۡفُواْ ٱلۡكَيۡلَ وَٱلۡمِيزَانَ بِٱلۡقِسۡطِۖ لَا نُكَلِّفُ نَفۡسًا
إِلَّا وُسۡعَهَاۖ وَإِذَا قُلۡتُمۡ فَٱعۡدِلُواْ وَلَوۡ كَانَ ذَا قُرۡبَىٰۖ وَبِعَهۡدِ
ٱللَّهِ أَوۡفُواْۚ ذَٰلِكُمۡ وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ١٥٢
وَأَنَّ هَٰذَا صِرَٰطِي مُسۡتَقِيمٗا فَٱتَّبِعُوهُۖ وَلَا تَتَّبِعُواْ ٱلسُّبُلَ
فَتَفَرَّقَ بِكُمۡ عَن سَبِيلِهِۦۚ ذَٰلِكُمۡ وَصَّىٰكُم بِهِۦ
لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ١٥٣ ثُمَّ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ تَمَامًا عَلَى
ٱلَّذِيٓ أَحۡسَنَ وَتَفۡصِيلٗا لِّكُلِّ شَيۡءٖ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٗ لَّعَلَّهُم
بِلِقَآءِ رَبِّهِمۡ يُؤۡمِنُونَ ١٥٤ وَهَٰذَا كِتَٰبٌ أَنزَلۡنَٰهُ مُبَارَكٞ
فَٱتَّبِعُوهُ وَٱتَّقُواْ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ١٥٥ أَن تَقُولُوٓاْ إِنَّمَآ أُنزِلَ
ٱلۡكِتَٰبُ عَلَىٰ طَآئِفَتَيۡنِ مِن قَبۡلِنَا وَإِن كُنَّا عَن دِرَاسَتِهِمۡ
لَغَٰفِلِينَ ١٥٦ أَوۡ تَقُولُواْ لَوۡ أَنَّآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا ٱلۡكِتَٰبُ لَكُنَّآ
أَهۡدَىٰ مِنۡهُمۡۚ فَقَدۡ جَآءَكُم بَيِّنَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَهُدٗى
وَرَحۡمَةٞۚ فَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَصَدَفَ عَنۡهَاۗ

سَنَجْزِى ٱلَّذِينَ يَصْدِفُونَ عَنْ ءَايَٰتِنَا سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ بِمَا
كَانُوا۟ يَصْدِفُونَ ﴿١٥٧﴾ هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن تَأْتِيَهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ
أَوْ يَأْتِىَ رَبُّكَ أَوْ يَأْتِىَ بَعْضُ ءَايَٰتِ رَبِّكَ ۗ يَوْمَ يَأْتِى بَعْضُ
ءَايَٰتِ رَبِّكَ لَا يَنفَعُ نَفْسًا إِيمَٰنُهَا لَمْ تَكُنْ ءَامَنَتْ
مِن قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِىٓ إِيمَٰنِهَا خَيْرًا ۗ قُلِ ٱنتَظِرُوٓا۟ إِنَّا
مُنتَظِرُونَ ﴿١٥٨﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ فَرَّقُوا۟ دِينَهُمْ وَكَانُوا۟ شِيَعًا لَّسْتَ
مِنْهُمْ فِى شَىْءٍ ۚ إِنَّمَآ أَمْرُهُمْ إِلَى ٱللَّهِ ثُمَّ يُنَبِّئُهُم بِمَا كَانُوا۟
يَفْعَلُونَ ﴿١٥٩﴾ مَن جَآءَ بِٱلْحَسَنَةِ فَلَهُۥ عَشْرُ أَمْثَالِهَا ۖ وَمَن
جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَلَا يُجْزَىٰٓ إِلَّا مِثْلَهَا وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ﴿١٦٠﴾
قُلْ إِنَّنِى هَدَىٰنِى رَبِّىٓ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ دِينًا قِيَمًا
مِّلَّةَ إِبْرَٰهِيمَ حَنِيفًا ۚ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٦١﴾ قُلْ إِنَّ
صَلَاتِى وَنُسُكِى وَمَحْيَاىَ وَمَمَاتِى لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٦٢﴾ لَا
شَرِيكَ لَهُۥ ۖ وَبِذَٰلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿١٦٣﴾ قُلْ
أَغَيْرَ ٱللَّهِ أَبْغِى رَبًّا وَهُوَ رَبُّ كُلِّ شَىْءٍ ۚ وَلَا تَكْسِبُ كُلُّ
نَفْسٍ إِلَّا عَلَيْهَا ۚ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ ۚ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُم
مَّرْجِعُكُمْ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ ﴿١٦٤﴾ وَهُوَ
ٱلَّذِى جَعَلَكُمْ خَلَٰٓئِفَ ٱلْأَرْضِ وَرَفَعَ بَعْضَكُمْ فَوْقَ
بَعْضٍ دَرَجَٰتٍ لِّيَبْلُوَكُمْ فِى مَآ ءَاتَىٰكُمْ ۗ إِنَّ رَبَّكَ سَرِيعُ
ٱلْعِقَابِ وَإِنَّهُۥ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌۢ ﴿١٦٥﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە كاپىرلارنىڭ ئۆزىگە بوھتان

چاپلىغانلىقىنى؛ ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ۋە ئۆزلىرىگە مۇباھ قىلىپ بەرگەن دانلىق ئۆسۈملۈكلەر، مېۋە - چېۋىلەر ۋە ھايۋانلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنىدى. نۆۋەتتە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھارام قىلغان زىيانلىق نەرسىلەرنى ۋە ساماۋى دىنلاردا ئورۇن ئالغان، ئىنسانىيەتنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئون تۈرلۈك ۋەسىيەتنى بايان قىلىدۇ.

**تەپسىرى:** 151. «ئېيتقىنكى، «سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «قېنى سىلەر كېلىپ ئاڭلاڭلار، تەخمىن ۋە گۇمانغا تايىنىپ ئەمەس، دەل ئەكسىچە، پەرۋەردىگارىڭلار ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھ تائالاغا قوشۇپ ئۇنىڭدىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار، ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار.» بىر ئىشقا بۇيرۇش، شۇ ئىشنىڭ دەل ئەكسىنى قىلىشنى مەنئى قىلىش بولغانلىقتىن، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئەمرى ھارام قىلىنغان ئىشلار قاتارىدا زىكىر قىلىنىدى. دېمەك، ئاللاھ تائالا بۇ يەردە «ئاتا -

ئاناڭلارنى قاقشاتقۇچى بولماڭلار» دەپ بۇيرۇغان. ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردە، ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى قاقشاتماسلىقنىڭ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسەت قىلىنغان. نامراتلىقتىن قورقۇپ قىز بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. بۇ ھەقتە ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭدىن مەقسەت، نامراتلىقتىن قورقۇپ قىز بالىلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىش. چۈنكى ئۇلارغىمۇ، سىلەرگىمۇ رىزىق ئاتا قىلىشنى بىز ئۆز ئۈستىمىزگە ئالغانمىز. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە مول رىزىق ئاتا قىلغۇچىدۇر. مەيلى ئاشكارا بولسۇن، مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن، چوڭ گۇناھلارغا ھەرگىزمۇ يېقىن يولىماڭلار. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىنسانلار مەخپىي زىنا قىلىشنى يامان كۆرمەيتتى، ئەمما ئاشكارا زىنا قىلىشنى بولسا يامان كۆرەتتى. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئاشكارا زىنانىمۇ، يوشۇرۇن زىنانىمۇ ھارام قىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسى بۇ ئايەتنى مۇنداق شەرھلەپ بېرىدۇ: «تۆۋەندىكىدەك ئۈچ سەۋەبتىن بىرى بولمىغان تەقدىردە، مۇسۇلمان كىشىنى ئۆلتۈرۈش ھالال ئەمەس. بۇلار: ئۆيلەنگەن تۇرۇپ زىنا قىلغان كىشى؛ قاتىل؛ مۇرتەد كىشى.» مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا سىلەرنى رىئايە قىلىشقا تەۋسىيە ۋە ئەمر قىلغان ئىشلاردۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئەقىل - پاراسىتىڭلارنى ئىشقا سېلىپ، دىن ۋە دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىڭلاردا سىلەرگە پايدا - مەنپەئەت

يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەيسىلەر. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە تەۋسىيە قىلدى» ئىبارىسىدە، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئۆز ئەمر - پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشىدا روشەن بىر شەپقەت ۋە ئېھسان بار. 152. «يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالاغا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ.» يەنى، يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلغاندىن سىرت، يېتىمنىڭ مېلىغا قەتئىي يېقىنلاشماڭلار. بۇ يەردىكى يېقىنلىشىش مەنئى قىلىنغانلىقتىن، يېتىمنىڭ مېلىنى تەسەررۇپ قىلىشنىڭ ھەر خىللىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى مالغا يېقىنلىشىش مەنئى قىلىنغانلىقتىن، ئۇنى يېيىش تېخىمۇ مەنئى قىلىنغان. «ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇل»دىن مەقسەت، يېتىمگە پايدا يەتكۈزۈش ۋە مېلىنىڭ كۆپىيىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بۇنداق دېگەنلىك، يېتىم ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇنداق بولغاندا، يېتىمنىڭ مېلىدىن مۇۋاپىق مىقداردا يېيىشكە بولىدۇ. مەيلى ئالغان چاغدا بولسۇن، مەيلى بەرگەن چاغدا بولسۇن، ئۆلچەمنى ۋە

تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز، ھەمدە پەقەت كۈچى يېتىدىغان ئىشتىنلا جاۋابكارلىققا تارتىمىز. بۇ ئايەتنى بەيزاۋى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: بىز ھەرقانداق بىر ئادەمنى پەقەت شۇ ئادەمنىڭ كۈچى يېتىدىغان ئىشلاردىنلا جاۋابكارلىققا تارتىمىز. ھەققىنى بېرىش تولىمۇ مۇشكۈل بىر ئىش بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا بۇنى ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىش ئەمرىدىن كېيىن زىكىر قىلدى. شۇڭا، كۈچىڭلار يەتكەن ئىشلارنى قىلىشىڭلار كېرەك، كۈچۈڭلار يەتمىسە ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئەپۇ قىلىدۇ. مەيلى ھۆكۈم چىقارغان چېغىڭلاردا بولسۇن ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن چېغىڭلاردا بولسۇن، ھەمىشە ئادىل بولۇڭلار، ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالاغا بېرىلگەن ئەھدەڭلەرگە ۋاپا قىلىڭلار. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئەھدە، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلغان بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا بېرىشكەن ئەھدىلىرىگە رىئايە قىلىشلىرىنى ئەمر قىلغانلىقتىن، بۇ يەردە «ئۇنىڭ ئەھدى» دېيىلگەن. پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. 153. «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ.» يەنى، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ مېنىڭ توغرا دىنىمدۇر، ئۇنى سىلەر ئۈچۈن مۇقەددەس قانۇن قىلىپ

بەردىم، ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىپ، شۇ دىنىنىڭ قانۇن - پىرىنسىپلىرىنى بويلاپ مېڭىڭلار، ھەر خىل دىن ۋە ناتوغرا يوللارغا كىرىپ قالماڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەرنى بىر - بىرىڭلاردىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەندىن سىرت، يەنە ئاللاھنىڭ يولىدىنمۇ ئايرىۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق بىر رىۋايىتى بار: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ بىزگە بىر سىزىق سىزىپ، «بۇ ئاللاھ تائالانىڭ يولىدۇر» دېدى. ئاندىن بۇ سىزىقنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە نۇرغۇنلىغان سىزىقلارنى سىزىپ، «بۇلار ھەر خىل يوللار بولۇپ، ھەر بىر يولنىڭ بېشىدا شۇ يولغا چاقىرىۋاتقان بىر شەيتان بار» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار.» ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئەمر - پەرمانىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن ۋەسىيەتنى تەكرارلىدى. يەنى ئاللاھ تائالا بۇ ئىشلارنى سىلەرگە ئەمر قىلدى، ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش ۋە توسقان ئىشلىرىدىن ئۆزۈڭلارنى چەكلەش ئارقىلىق دوزاختىن ساقلىنىڭلار. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەتىيە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتلەردە ئالدى بىلەن، ئەقىللىق كىشىلەر ھارام ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان ئىشلارنى قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بۆلۈمدە ئايەت «پىكىر ـ تەپەككۇر قىلىپ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن» تەرىقىسىدە ئاخىرلاشقان. ھارام قىلىنغان باشقا ئىشلار ئىنسانىنىڭ نەپسى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ھارام ئىكەنلىكىنى خاتىرىلىيەلمىگەن كىشى بەزىدە بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ سېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئايەت «ئىبرەت ئېلىشىڭلار

ئۆچۈن» تەرىقىسىدە ئاخىرلاشقان. توغرا يولدا مېڭىش پەزىلەتلىك ئىشلارنى قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۆچۈن، ئالدى بىلەن تەقۋادار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بۇ ئايەت «تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۆچۈن»، «رىئايە قىلىشىڭلار ئۆچۈن»، «دوزاختىن ساقلىنىشىڭلار ئۆچۈن» تەرىقىسىدە ئاخىرلاشقان. 154. «ئاندىن ئۇلار (ئىسرائىل ئەۋلادى) ئۆز پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسۇن دەپ، ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە بېرىدىغان نېمىتىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، (ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دىنىي ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان) ھەر بىر نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلىش، (ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ھىدايەت قىلىش ۋە (ئۇلارغا) رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن، مۇساغا كىتاب (تەۋرات) ئاتا قىلدۇق.» يەنى، ئاندىن ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە بېرىدىغان نېمىتىمىز ۋە ئېھسانىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يۈزىسىدىن، مۇساغا تەۋراتنى ئاتا قىلدۇق. بۇ ئايەتنى تەبەرىي مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئەمر ۋە نەھىيلىرىمىزنى ئىجرا قىلىش بارىسىدا نېمىتىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىش يۈزىسىدىن، مۇساغا كىتاب ئاتا قىلدۇق. چۈنكى مۇساغا كىتاب بېرىلىشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا قىلغان كاتتا نېمىتى ۋە ئېھسانىدۇر. بۇ نېمەت بىلەن ئېھسان، ياخشى ئەمەل قىلغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆز پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسۇن دەپ ھەمدە ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىي ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان ھەر بىر نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلىش، ئىسرائىل ئەۋلادىنى

ھىدايەت قىلىش ۋە ئۇلارغا رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن، مۇساغا كىتاب ئاتا قىلدۇق. بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس مۇنداق تەپسىر قىلدۇ: ئىسرائىل ئەۋلادى ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرسۇن، ساۋاب ۋە جازاغا ئىشەنسۇن، دەپ مۇساغا كىتاب ئاتا قىلدۇق. 155. «بۇ، بىز نازىل قىلغان (قۇرئان) مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، (ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار.» يەنى، بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان بۇ قۇرئان مۇبارەك ۋە پايدىسىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بىر كىتابتۇر. قۇرئان كەرىم تۈرلۈك - تۈمەن دىنىي ۋە دۇنياۋى پايدىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا، ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. 156. «(مېنىڭ قۇرئان نازىل قىلىشىم) سىلەرنىڭ، پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى تائىپىگىلا (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغىلا) كىتاب نازىل قىلىنغان، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بىزنىڭ زادىلا خەۋىرىمىز يوق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر.» يەنى، قىيامەت كۈنى «بىزگە ھېچقانداق بىر كىتاب نازىل قىلىنمىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلالايمىز، مۇقەددەس كىتابلار پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغىلا نازىل قىلىندى» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدىلارنىڭ ھەممىسى مۇجەسسەملەنگەن بۇ شانلىق ۋە ئالەمشۇمۇل كىتابنى نازىل قىلدۇق. بۇ ھەقتە ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان

كەرىمنى نازىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھەر خىل باھانىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشىغا يول قويمىدى. ئۇلارنىڭ «ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىكى ئەھكاملاردىن ۋە ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بىزنىڭ زادىلا خەۋىرىمىز يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىز پەقەتلا بىلمەيتتۇق، چۈنكى ئۇلار بىزگە يېتىپ كەلمىگەنىدى» دېمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ بۇ شانلىق قۇرئاننى نازىل قىلدى. 157. «ياكى سىلەرنىڭ، ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن پاكىت، ھىدايەت ۋە رەھمەت نازىل بولدى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايمىز.» يەنى ياكى سىلەرنىڭ «ئەگەر يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا نازىل قىلىنغىنىدەك، بىزگىمۇ كىتاب نازىل قىلىنغان بولسىدى، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە ئۇلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىتائەت قىلغان بولاتتۇق، چۈنكى بىز ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەقىللىق ۋە كۆپ تىرىشچان ئىدۇق» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، بىز سىلەرگە كىتاب ئاتا قىلدۇق. شەك - شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدا قۇرئان كەرىم نازىل بولدى. ئۇنىڭدا ھالال - ھارام ئوپئوچۇق بايان قىلىندى. ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن قەلبلەرگە ھىدايەت ۋە ئاللاھ تائالادىن بەندىلىرىگە بىر رەھمەت باردۇر. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى

مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىشى بىلەن بۇنداق باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشكىمۇ ئورۇن قالمىدى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتە كەلگەن «بەيىيىنىتۇن» ئىبارىسىدىن مەقسەت دەلىل ـ ئىسپات بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىمنى يالغانغا چىقارغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىنمۇ كاپىرراق ئادەم بارمۇ؟ ئەبۇسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىكى «كاپىر» دىن مەقسەت، ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈتكۈزۈپ ھەم ئۆزى توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن ھەم باشقىلارنى ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇۋەتكەن كىشىدۇر. بۇ ئايەت كاپىرلار ئۈچۈن بىر تەھدىتتۇر. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە كەسكىن دەلىللىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغانلىقلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايمىز. 158. «ئۇلار پەقەت (ئۆلۈم) پەرىشتىلىرىنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قىياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە، ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ. <(سىلەر ئۆزۈڭلارغا كېلىدىغان ئىشلارنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە كۈتىمىز> دېگىن» يەنى مۇشرىكلار، جانلىرىنى ئېلىپ ئۇلارنى جازالاندۇرۇش ئۈچۈن پەقەت ئۆلۈم پەرىشتىلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ۋاقىت ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرى ھېچقانداق پايدا يەتكۈزمەيدىغان بىر ۋاقىتتۇر. ياكى ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ياكى ئۇنىڭ قىياشنىڭ

مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: پەرۋەردىگارىنىڭ كېلىشىدىن مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى باشقا تۈرلۈك مۇئامىلە قىلىنىشى توغرۇلۇق ئەمر - پەرمانىنىڭ كېلىشى دېمەكتۇر. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭدىن مەقسەت، قىيامەت كۈنى مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا كېلىشىدۇر. پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنىڭ ئۇلارغا كېلىشىدىن مەقسەت، قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدۇر. پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئايەتلىرى، يەنى قىيامەت ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە، ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئىمانى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ ئىمانى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان ئادەتتىن تاشقىرى قورقۇنچ تۈپەيلىدىن بولغان. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: قۇياش مەغرىبتىن چىقمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. قۇياش مەغرىبتىن چىققان ۋە ئىنسانلار ئۇنى كۆرگەن چاغدا، ھەممىسى بىردەك ئىمان ئېيتىشىدۇ. بىراق بۇ، ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان بىر ۋاقىتتۇر. (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان) ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «سىلەر بېشىڭلارغا كېلىدىغان ئىشلارنى كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە كۈتىمىز.» بۇ ئەمر، تەھدىت ۋە قورقۇتۇشنى ئىپادىلەيدۇ. 159. «دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا - جۇداسەن؛ ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت ئاللاھقىلا

خاستۇر (ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر)، كېيىن (ئاخىرەتتە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزىگە ئېيتىپ بېرىدۇ.» يەنى، ئى مۇھەممەد! سەن دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەر ۋە ھەر خىل گۇرۇپپىلارغا ئايرىلغانلاردىن ئادا - جۇداسەن. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، ئۇلار يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار بولۇپ، ئۇلار ئەڭ توغرا دىن بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى تۈرلۈك مەزھەبلەرگە ئايرىۋەتتى. ئۇلارنىڭ جازاسى ئاللاھ تائالاغا ئائىت بولۇپ، ئۇلارنى جازالاشنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ ئايەتنى تەبەرى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «ئاخىرەتتە قىلمىشلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئېيتىپ بېرىمەن ۋە ھەر بىرىگە قىلمىشىغا قارىتا تولۇق جازا بېرىمەن.» 160. «بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ، بىرەر يامانلىق قىلغان ئادەمگە پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.» يەنى، بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ لۇتپى ۋە ئېھسانى سۈپىتىدە ئۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ. بۇ، ياخشىلىقلارغا قارىتا بېرىلگەن قاتمۇقات مۇكاپاتلارنىڭ ئەڭ ئاز قىسمى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ياخشىلىق قىلغۇچىغا بېرىلىدىغان مۇكاپات، شۇ ياخشىلىقنىڭ 700 ھەسسىسىگە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەكىگە توغرا كېلىدۇ. بىرەر يامانلىق قىلغان ئادەمگە پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازا بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق جازا بېرىلمەيدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ياخشى ئەمەل بىلەن كەلسە، ئۇنىڭغا شۇ ياخشىلىقىدىن ئۇن ھەسسە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ

ئارتۇقىراق مۇكاپات بېرىمەن. كىمكى بىرەر يامان ئەمەل بىلەن كەلسە، ئۇنىڭغا پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازا بېرىمەن، ياكى ئەپۇ قىلىمەن. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ) ياخشىلىققا شۇ ياخشىلىقتىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق مۇكاپات بېرىلىشى، پەزىلەت بابىدىندۇر. يامانلىقلارغا پەقەت شۇ يامانلىققا باراۋەرلا جازا بېرىلىشى بولسا، ئادالەت بابىدىندۇر. 161. «(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، <پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا، يەنى توغرا دىنغا، باتىل دىنلاردىن توغرا دىنغا بۇرالغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى>.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ھەقىقەتنى يالغانغا چىقارغۇچى ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يېتەكلىدى ۋە باتىل دىنلاردىن توغرا دىنغا بۇرالغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر ئەگرىلىك يوقتۇر. ئۇ، توغرا يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ پېشىۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن شانلىق دىندۇر، دەرۋەقە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى.» بۇ يەردە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئىسلام دىنىغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ مۇشرىك ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. 162. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر>.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىپ ئوقۇغان

نامىزىم، قىلغان قۇربانلىقىم[1]، ھاياتىم، ماماتىم، دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىمنىڭ ھەممىسى، سىلەر ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلار ئۈچۈن ئەمەس، دەل ئەكسىچە، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. 163. «ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋىلىمەن.» يەنى، ئاللاھنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، مەن ئۇنىڭدىن باشقىغا ئىبادەت قىلمايمەن. مەن يالغۇز ئاللاھنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغىلا باش ئېگىدىغان بىر كىشىمەن، ھەمدە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىشتا مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋىلىمەن. 164. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرسا، ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگار تەلەپ قىلامدىمەن؟> ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار، بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس (بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ). كېيىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر دەتالاش قىلىشقان ھەق بىلەن ناھەقنى ئۇ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.» بۇ سوئال ئىقرار قىلدۇرۇش ۋە كاپىرلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن سورالغان. چۈنكى ئۇلار رەسۇلۇللاھنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغانىدى. ئايەتنىڭ شەرھىسى مۇنداق: ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقان ۋە

---

[1] بۇ، ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىدنىڭ قارىشى بولۇپ، تەبەرىمۇ بۇ قاراشنى تاللىغان. بىر قىسىم مۇپەسسىرلەر بولسا «نۇسۇك» تىن مەقسەت «ئىبادەت» دېيىشىدۇ. ئەڭ ئەۋزەل بولغىنى بىرىنچى قاراشتۇر.

ھەممىنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرسا، ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگار تەلەپ قىلامدىمەن؟ شۇنداق تۇرۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقىنى ئىلاھ قىلىۋېلىش ماڭا قانداقمۇ لايىق بولسۇن؟» ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار، بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ. بۇمۇ بىر تەھدىت ۋە قورقۇتۇشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ بىردىنبىر قايتىدىغان جايىڭلار پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدۇر، قىيامەت كۈنى سىلەر دەتالاش قىلىشقان ھەق بىلەن ناھەقنى ئاللاھ تائالا سىلەرگە تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ھەم ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىيدۇ ھەمدە نامە - ئەمەللىڭلەرگە قاراپ سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. 165. «ئاللاھ سىلەرنى بەرگەن نېمىتىگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن) ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.» يەنى، سىلەرنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورۇنباسارى قىلغان زات ئاللاھ تائالادۇر. شۇڭا، سىلەر بىر - بىرىڭلارغا ئورۇنباسار بولىسىلەر ۋە بىر - بىرىڭلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەجدادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىۋاتىسىلەر. بۇ ھەقتە تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەت ۋە مىللەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى ئاپىرىدە قىلدى ۋە يەر يۈزىدە سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارى سۈپىتىدە، ئۇلار بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن

جايلاردا سىلەر ياشاۋاتىسىلەر. سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغان - قىلمىغانلىقىڭلارنى سىناش ئۈچۈن، بايلىق - كەمبەغەللىك، ئىلىم - جاھالەت، كۈچلۈكلۈك - كۈچسىزلىك قاتارلىق جەھەتلەردە، ئاللاھ تائالا بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى. ئىبنى جەۋزىي مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ بۇنداق قىلىشى، سىلەرنى سىناش، سىلەردىن ساۋاب ۋە جازاغا سەۋەب بولىدىغان ئاملىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈندۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، ئۆزىگە ئىتائەت قىلغۇچىلارنىمۇ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر. بۇ ھەقتە «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بۇ يەردە قورقۇنچ بىلەن ئۈمىدنى بىر يەردە زىكىر قىلدى. تېز جازالاش، يا دەرھال جازا بېرىش بىلەن بۇ دۇنيادا ئىشقا ئاشىدۇ ياكى ئاخىرەتتە بولىدۇ. چۈنكى كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى يېقىندۇر.

**ئىلاۋە:** ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يولىنى بىرلىك شەكلىدە، باشقا يوللارنى بولسا كۆپلۈك شەكلىدە زىكىر قىلدى. چۈنكى گۇمراھلىقنىڭ يوللىرى كۆپ ۋە ئوخشىمىغان تۈرلىرى بار.

**ئەسكەرتىش:** ھاپىز ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا كۆپىنچە ھاللاردا قۇرئان كەرىمدە مۇنۇ ئىككى سۈپەتنى بىرلىكتە زىكىر قىلىدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر.» يەنى، ئاللاھ تائالا «(ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ (مۆمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ

مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن.» دېگەندىن كېيىن، «شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا يەنە مېنىڭ ئازابىمنىڭ قاتتىقلىقىنىمۇ بىلدۈرۈپ قويغىن» دەيدۇ. بۇندىن باشقا يەنە، تەشۋىق ۋە قورقۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئايەتلەرمۇ ھەم بار. ئاللاھ تائالا بەزىدە ئۈممەتلەندۈرۈش، جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى بايان قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەرگە ھەۋەسلەندۈرۈش ئارقىلىق بەندىلىرىنى ئۆزىگە چاقىرسا، بەزىدە، قورقۇتۇش، جەھەننەم ۋە ئۇنىڭ ئازابىنى، قىيامەت ۋە ئۇنىڭ دەھشىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق بەندىلىرىنى ئۆزىگە چاقىرىدۇ. يەنە بەزىدە بولسا، ھەممە ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئاك - سەۋىيىسىگە قاراپ تەسىر قىلسۇن دەپ، تەشۋىق ۋە قورقۇتۇش ئايەتلىرىنى بىرلىكتە زىكىر قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن «ئەنئام سۈرىسى» نىڭ تەپسىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

# ئەئراف سۈرىسى

**مەككىدە نازىل بولغان، 206 ئايەت.**

**سۈرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:** ئەئراف سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان ئۇزۇن سۈرىلەردىن بىرى بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان تۇنجى سۈرىدۇر.

بۇ سۈرە، مەككىدە نازىل بولغان باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاشلا، ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئاساسى بولغان تەۋھىد ئېتىقاد سىستېمىسىنى، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى، ھېساب ئېلىنىشنى، ۋەھيىنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئوچۇقلاپ بېرىشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ.

بۇ مۇبارەك سۈرىنىڭ تۇنجى ئايەتلىرىدە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبەدىي مۆجىزىسى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ قانداق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ شانلىق قۇرئاننىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان بىر نېمەت ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ بېرىدۇ؛ ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشلىرى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ ئىنسانلارنىڭ قۇرئاندا بايان قىلىنغان ئىلاھىي يوليۇرۇقلارغا بويسۇنۇپ، ھىدايەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشلىرىنىڭ

تولىمۇ زوّرۇرلۇكىنى تەكىتلەيدۇ.

بۇ مۇبارەك سۈرىدە، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ بىرلا ئاتىدىن يارىتىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلاھىي نېمەتكە، پەرىشتىلەرنى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا ئەمر قىلىش ئارقىلىق ئىنساننى نەقەدەر شان - شەرەپكە ئىگە قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئاندىن، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىشلىرىغا توسالغۇ بولۇش ۋە ئۇلارنى ياراتقۇچىسىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئۇلارنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كۈتۈۋاتقان شەيتاندىن ئىبارەت بۇ ئازغۇن دۈشمەنىنىڭ تۇزاقلىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

بۇ مۇبارەك سۈرىدە، ئاللاھ تائالا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشكە ئۈلگە سۈپىتىدە ئىبلىسنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ نەسلىگە قارشى قۇرغان تۇزاقلىرىنى پاش قىلىش ئۈچۈن، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىسنىڭ قىسسىسىنى ۋە ئۇنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىنى بايان قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا، ئىبلىسنىڭ ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا قىلغان دۈشمەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، «ئى ئادەم بالىلىرى!» دېيىش ئارقىلىق، ئادەم بالىلىرىغا ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت قېتىم خىتاب قىلىدۇ. بۇ خىتاب مەزكۇر سۈرىگە خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئارقىلىق ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ۋەسۋەسە قىلغان دەسلەپكى ۋاقىتتىن تارتىپلا ئىنسانلارغا قارشى دۈشمەنلىك ئۈستىدە يېتىشكەن شەيتاندىن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا، شەيتان ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم

ئەلەيھىسسالامنى ۋەسۋەسە قىلىپ ئۇنى خاتالاشتۇرغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدۇرغانىدى. دەرۋەقە، بۇ سۈرىنىڭ 27 - ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەن ئىدى (ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى).»

بۇ مۇبارەك سۈرە يەنە، قىيامەت كۈنى مەيدانغا كېلىدىغان بىر كۆرۈنۈشنى سەھنىلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ، ئۈچ پىرقىدىن تەشكىل تاپىدىغان ۋە بۇلار ئارىسىدىكى دىئالوگ بىلەن مۇنازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سەھنىدۇر. بۇ سەھنىلەر جەننەت ئەھلى بولغان مۆمىنلەر پىرقىسى، جەھەننەم ئەھلى بولغان كاپىرلار پىرقىسى ۋە قۇرئان كەرىمدە پەقەت مۇشۇ سۈرىدىلا بايان قىلىنىدىغان ئۈچىنچى پىرقىنىڭ سەھنىسىدىن ئىبارەت. ئۈچىنچى پىرقە «ئەئراف ئەھلى» دەپ ئاتالغان بولغاچقا، بۇ سۈرىگە «ئەئراف سۈرىسى» دەپ نام بېرىلگەن. بۇ شۇنداق بىر سەھنىدۇركى، قىيامەت كۈنى پۈتكۈل مەخلۇقاتلار ئۇنى خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرىدا ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىدۇ.

بۇ مۇبارەك سۈرە، ھەق يول ئۈستىدىكى جەننەت ئەھلىنىڭ باتىل ئۈستىدىكى جەھەننەم ئەھلىنىڭ دەل ئەكسىچە، قىيامەت كۈنى شاد - خۇراملىققا چۆمۈپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. دەرۋەقە، قىيامەت كۈنى لەنەتگەردى بولغان، قوغلاندى قىلىنغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ تۈرلۈك -

تۈمەن نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان جەھەننەم ئەھلىنىڭ قۇلاقلىرىنى يېرىتىۋەتكۈدەك ئىلاھىي بىر ئاۋاز قاتتىق جاراڭلاشقا باشلايدۇ. دەل شۇ چاغدا، جەننەت ئەھلى بىلەن جەھەننەم ئەھلى ئارىسىغا پەردە تارتىلىدۇ. ئەنە شۇ پەردىنىڭ ئۈستىدە ھەر بىر پىرقىنى سىماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر (ئەھلى ئەئراف) تۇرغان بولىدۇ. ئۇلار جەننەت ئەھلىنى يۈزلىرىنىڭ ئاقلىقى ۋە نۇرلۇقلۇقىدىن، جەھەننەم ئەھلىنى يۈزلىرىنىڭ قارىلىقى ۋە سولغۇنلۇقىدىن تونۇيدۇ.

بۇ سۈرىدە، نۇھ، ھۇد، سالىھ، لۇت، شۇئەيب، مۇسا قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سەركەشلىكى، ئۇنى ئىنكار قىلىشى، يالغانغا چىقىرىشى ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازغۇن پىرئەۋن بىلەن بولغان قىسسىسى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. ئاندىن ئىسرائىل ئەۋلادى دۇچار بولغان بالايىئاپەتلەر، قىيىن ئۆتكەللەر ۋە مۇسىبەتلەر، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئامانلىق ۋە پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ مىسلىسىز نېمىتىنى كۇپرىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان چاغلىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى سۈرەتلىرىنى چوشقا ۋە مايمۇنلارغا ئۆزگەرتىۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقى سۈرەتلەپ بېرىلىدۇ.

بۇ مۇبارەك سۈرىدە يەنە، ناچار ئالىملارنىڭ ئىچىنىشلىق ئاقىۋىتى ئىبرەتلىك يوسۇندا بايان قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇلار

ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ئەڭ قاباھەتلىك بىر شەكىلدە سۈرەتلەپ بېرىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇلار داۋاملىق ھاسىرايدىغان ۋە ھەمىشە پاتقاقلىقلاردا يۇمىلىنىدىغان ئىت شەكلىدە تەسۋىرلەپ بېرىلىدۇ. «ئەگەر بىز خالىساق، ئۇنى (تەقۋادار ئۆلىمالار دەرىجىسىگە) كۆتۈرەتتۇق، لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپس - خاھىشىغا بويسۇندى، ئۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ.» ھەقىقەت بىلەن شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، بۇ، ئاللاھ تائالا پايدىلىق ئىلىم ئېھسان قىلغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مال - مۈلكىنى توپلاش مەقسىتىدە ئىشلەتكەن ئىنسانلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ ئېچىنىشلىق بىر تەسۋىردۇر. دەرۋەقە، ئۇنىڭ يىغقان بۇ دۇنيالىق مال مۈلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن شەرمەندىچىلىك ۋە خارلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغان. چۈنكى ئۇ بۇ ئىلىمدىن پايدىلىنالمىدى ۋە ئىمان يولىدا توغرا ماڭالماي، بۇ نېمەتتىن چەتنەپ كەتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ شەيتانىغا ئەگىشىپ گۇمراھلاردىن بولۇپ كەتتى.

بۇ مۇبارەك سۈرە ئاللاھ تائالانىڭ يەككە - يېگانىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان كەسكىن دەلىللەر ھەمدە ھېچقانداق پايدا - زىيان يەتكۈزەلمىسىمۇ، كۆرەلمىسىمۇ ۋە ئاڭلىيالمىسىمۇ، يەنىلا ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈلگەن تاشلار ۋە بۇلارنىڭ مەسخىرە قىلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئاشۇ تاشلار بىلەن بۇتلارنى ياراتقان، شەكىلگە

كىرگۈزگەن، زىيارەت قىلىپ كەزگەن ۋە كېزىدىغان جايلارنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان زات ئاللاھ تائالادۇر.

بۇ مۇبارەك سۈرە تەۋھىد بىلەن باشلانغىنىدەك، تەۋھىد بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى بۇنداق بولغاندا ھەم باشتا ھەمدە ئاخىرىدا مەبۇد بولغان ئاللاھ تائالانىڭ يەككە - يېگانىلىقىغا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىنغان بولىدۇ.

**سۈرىنىڭ ئىسمى:** بۇ سۈرىدە «ئەئراف» ئىسمى بايان قىلىنغانلىقتىن، سۈرە «ئەئراف سۈرىسى» دەپ ئاتالدى. دەرۋەقە، ئەئراف جەننەت بىلەن جەھەننەم ئوتتۇرىسىغا سوقۇلغان بىر توسما بولۇپ، بۇ توسما جەننەت ئەھلى بىلەن جەھەننەم ئەھلىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. ئىبنى جەرىر ھۇزەيفەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەئراف ئەھلى ساۋابلىرى بىلەن گۇناھلىرى تەڭلىشىپ قالغان كىشىلەر بولۇپ، گۇناھلىرى ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشلىرىگە، ساۋابلىرى بولسا جەھەننەمگە كىرىشلىرىگە توسالغۇ بولىدۇ. جۈملىدىن، ئاللاھ تائالا ئۇلار توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارغۇچە شۇ توسمىلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الٓمٓصٓ ﴿١﴾ كِتَٰبٌ أُنزِلَ إِلَيۡكَ فَلَا يَكُن فِي صَدۡرِكَ حَرَجٞ
مِّنۡهُ لِتُنذِرَ بِهِۦ وَذِكۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٢﴾ ٱتَّبِعُواْ مَآ أُنزِلَ
إِلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُمۡ وَلَا تَتَّبِعُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَۗ قَلِيلٗا
مَّا تَذَكَّرُونَ ﴿٣﴾ وَكَم مِّن قَرۡيَةٍ أَهۡلَكۡنَٰهَا فَجَآءَهَا بَأۡسُنَا

بَيَٰتًا أَوۡ هُمۡ قَآئِلُونَ ٤ فَمَا كَانَ دَعۡوَىٰهُمۡ إِذۡ جَآءَهُم
بَأۡسُنَآ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ٥ فَلَنَسۡـَٔلَنَّ ٱلَّذِينَ
أُرۡسِلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَنَسۡـَٔلَنَّ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ٦ فَلَنَقُصَّنَّ عَلَيۡهِم
بِعِلۡمٖۖ وَمَا كُنَّا غَآئِبِينَ ٧ وَٱلۡوَزۡنُ يَوۡمَئِذٍ ٱلۡحَقُّۚ فَمَن
ثَقُلَتۡ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ٨ وَمَنۡ خَفَّتۡ
مَوَٰزِينُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُم بِمَا كَانُواْ
بِـَٔايَٰتِنَا يَظۡلِمُونَ ٩ وَلَقَدۡ مَكَّنَّٰكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَجَعَلۡنَا
لَكُمۡ فِيهَا مَعَٰيِشَۗ قَلِيلٗا مَّا تَشۡكُرُونَ ١٠ وَلَقَدۡ
خَلَقۡنَٰكُمۡ ثُمَّ صَوَّرۡنَٰكُمۡ ثُمَّ قُلۡنَا لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ ٱسۡجُدُواْ
لِأٓدَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبۡلِيسَ لَمۡ يَكُن مِّنَ ٱلسَّٰجِدِينَ ١١
قَالَ مَا مَنَعَكَ أَلَّا تَسۡجُدَ إِذۡ أَمَرۡتُكَۖ قَالَ أَنَا۠ خَيۡرٞ مِّنۡهُ
خَلَقۡتَنِي مِن نَّارٖ وَخَلَقۡتَهُۥ مِن طِينٖ ١٢ قَالَ فَٱهۡبِطۡ
مِنۡهَا فَمَا يَكُونُ لَكَ أَن تَتَكَبَّرَ فِيهَا فَٱخۡرُجۡ إِنَّكَ
مِنَ ٱلصَّٰغِرِينَ ١٣ قَالَ أَنظِرۡنِيٓ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ١٤ قَالَ
إِنَّكَ مِنَ ٱلۡمُنظَرِينَ ١٥ قَالَ فَبِمَآ أَغۡوَيۡتَنِي لَأَقۡعُدَنَّ لَهُمۡ
صِرَٰطَكَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ١٦ ثُمَّ لَأٓتِيَنَّهُم مِّنۢ بَيۡنِ أَيۡدِيهِمۡ وَمِنۡ
خَلۡفِهِمۡ وَعَنۡ أَيۡمَٰنِهِمۡ وَعَن شَمَآئِلِهِمۡۖ وَلَا تَجِدُ أَكۡثَرَهُمۡ
شَٰكِرِينَ ١٧ قَالَ ٱخۡرُجۡ مِنۡهَا مَذۡءُومٗا مَّدۡحُورٗاۖ لَّمَن
تَبِعَكَ مِنۡهُمۡ لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنكُمۡ أَجۡمَعِينَ ١٨ وَيَٰٓـَٔادَمُ
ٱسۡكُنۡ أَنتَ وَزَوۡجُكَ ٱلۡجَنَّةَ فَكُلَا مِنۡ حَيۡثُ شِئۡتُمَا وَلَا
تَقۡرَبَا هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٩ فَوَسۡوَسَ

لَهُمَا ٱلشَّيۡطَٰنُ لِيُبۡدِيَ لَهُمَا مَا وُۥرِيَ عَنۡهُمَا مِن
سَوۡءَٰتِهِمَا وَقَالَ مَا نَهَىٰكُمَا رَبُّكُمَا عَنۡ هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةِ
إِلَّآ أَن تَكُونَا مَلَكَيۡنِ أَوۡ تَكُونَا مِنَ ٱلۡخَٰلِدِينَ ﴿٢٠﴾
وَقَاسَمَهُمَآ إِنِّي لَكُمَا لَمِنَ ٱلنَّٰصِحِينَ ﴿٢١﴾ فَدَلَّىٰهُمَا بِغُرُورٖۚ
فَلَمَّا ذَاقَا ٱلشَّجَرَةَ بَدَتۡ لَهُمَا سَوۡءَٰتُهُمَا وَطَفِقَا يَخۡصِفَانِ
عَلَيۡهِمَا مِن وَرَقِ ٱلۡجَنَّةِۖ وَنَادَىٰهُمَا رَبُّهُمَآ أَلَمۡ أَنۡهَكُمَا
عَن تِلۡكُمَا ٱلشَّجَرَةِ وَأَقُل لَّكُمَآ إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ لَكُمَا
عَدُوّٞ مُّبِينٞ ﴿٢٢﴾ قَالَا رَبَّنَا ظَلَمۡنَآ أَنفُسَنَا وَإِن لَّمۡ تَغۡفِرۡ
لَنَا وَتَرۡحَمۡنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٢٣﴾ قَالَ ٱهۡبِطُواْ
بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوّٞۖ وَلَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُسۡتَقَرّٞ وَمَتَٰعٌ
إِلَىٰ حِينٖ ﴿٢٤﴾ قَالَ فِيهَا تَحۡيَوۡنَ وَفِيهَا تَمُوتُونَ وَمِنۡهَا
تُخۡرَجُونَ ﴿٢٥﴾ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ قَدۡ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكُمۡ لِبَاسٗا يُوَٰرِي
سَوۡءَٰتِكُمۡ وَرِيشٗاۖ وَلِبَاسُ ٱلتَّقۡوَىٰ ذَٰلِكَ خَيۡرٞۚ ذَٰلِكَ مِنۡ
ءَايَٰتِ ٱللَّهِ لَعَلَّهُمۡ يَذَّكَّرُونَ ﴿٢٦﴾ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ لَا يَفۡتِنَنَّكُمُ
ٱلشَّيۡطَٰنُ كَمَآ أَخۡرَجَ أَبَوَيۡكُم مِّنَ ٱلۡجَنَّةِ يَنزِعُ عَنۡهُمَا
لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوۡءَٰتِهِمَآۚ إِنَّهُۥ يَرَىٰكُمۡ هُوَ وَقَبِيلُهُۥ
مِنۡ حَيۡثُ لَا تَرَوۡنَهُمۡۗ إِنَّا جَعَلۡنَا ٱلشَّيَٰطِينَ أَوۡلِيَآءَ لِلَّذِينَ
لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٧﴾ وَإِذَا فَعَلُواْ فَٰحِشَةٗ قَالُواْ وَجَدۡنَا عَلَيۡهَآ
ءَابَآءَنَا وَٱللَّهُ أَمَرَنَا بِهَاۗ قُلۡ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَأۡمُرُ بِٱلۡفَحۡشَآءِۖ
أَتَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٢٨﴾ قُلۡ أَمَرَ رَبِّي بِٱلۡقِسۡطِۖ
وَأَقِيمُواْ وُجُوهَكُمۡ عِندَ كُلِّ مَسۡجِدٖ وَٱدۡعُوهُ مُخۡلِصِينَ لَهُ

ٱلدِّينَۚ كَمَا بَدَأَكُمۡ تَعُودُونَ ٢٩ فَرِيقًا هَدَىٰ وَفَرِيقًا
حَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلضَّلَٰلَةُۚ إِنَّهُمُ ٱتَّخَذُواْ ٱلشَّيَٰطِينَ أَوۡلِيَآءَ مِن
دُونِ ٱللَّهِ وَيَحۡسَبُونَ أَنَّهُم مُّهۡتَدُونَ ٣٠

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

**تەپسىرى:** 1. «ئەلىف، لام، مىم، ساد» بۇ، قۇرئاننىڭ ھۇرۇف مۇقەتتەئە (مۇستەقىل ھەرپلەر)لىرى بولۇپ، بۇلار ھەققىدە ئۆز نۆۋىتىدە مەلۇمات بېرىلگەندى. بۇ ھەرپلەرنىڭ زىكىر قىلىنىشىدىكى ھېكمەت، قۇرئان كەرىمنىڭ ئەنە شۇنداق ھەرپلەردىن مەيدانغا كەلگەنلىكى، بۇنىڭغا قارىماي، ئىنسانىيەتنىڭ ئەدىب، تىلشۇناس، خاتىب، بالاغەتشۇناس ۋە دانىشمەنلىرىنىڭ بۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كېلىپ قالغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنىش ئارقىلىق، قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەندۇر. ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىسى مۇنداق ئىكەن: مەن ئاللاھ تائالادۇرمەن، ھەممىنى ئەڭ ياخشى بىلىمەن ۋە ھەممىگە مەن ھۆكۈم قىلىمەن. بۇ ھەقتە، ئەبۇل ئالىيە مۇنداق دەيدۇ: ئەلىف ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنىڭ، لام ئاللاھ تائالانىڭ «لەتىف (ناھايىتى مېھرىبان)» ئىسمىنىڭ، مىم ئاللاھ تائالانىڭ «مەجىد (ئەڭ ئۇلۇغ)» ئىسمىنىڭ، ساد ئاللاھ تائالانىڭ سادىق ئىسمىنىڭ ئاچقۇچلىرى (باش ھەرپلىرى) دۇر. 2. «(ئى مۇھەممەد! كاپىرلارنى) ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، مۆمىنلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتاب (قۇرئان) ساڭا نازىل قىلىندى، ئۇنىڭدىن (ئۇنى تەبلىغ قىلىشتا قەۋمىڭنىڭ

ئۇنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەپ) يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن.» يەنى، ئى مۇھەممەد! بۇ، ئاللاھ تائالا ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاندۇر. ئۇنى تەبلىغ قىلىشتا قەۋمىڭنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن. ئاللاھ تائالادىن قورققۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە مۆمىنلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بۇ شانلىق قۇرئاننى ساڭا نازىل قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغانلار مۆمىنلەردۇر. 3. «(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز - نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر.» يەنى، ئى ئىنسانلار! سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ئەگىشىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭدا ھىدايەت، نۇر ۋە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان بايانلار بار. ئاللاھنى قويۇپ، كاھىنلار، راھىبلار ۋە بۇتلار قاتارلىق ئىشلىرىڭلارنى ھاۋالە قىلىدىغان ۋە ئۇلار چىقىرىپ بەرگەن قانۇنلار توغرىسىدا سىلەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدىغان كىشىلەرنى دوست تۇتماڭلار، سىلەر ۋەز - نەسىھەتنى نېمىدېگەن ئاز قوبۇل قىلىسىلەر - ھە! خازىنغا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى «سىلەر ئازغىنا ۋەز - نەسىھەت ئالىسىلەر» دېمەكتۇر. 4. «بىز نۇرغۇن شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلدۇق، بىزنىڭ ئازابىمىز ئۇلارغا كېچىسى ياكى چۈشلۈكى ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىدا كەلدى.» يەنى، بىز نۇرغۇن شەھەرلەرنى يوق قىلدۇق. بۇ يەردە شەھەرلەردىن مەقسەت، شۇ شەھەرلەردە ياشىغانلاردۇر. بىزنىڭ ئازابىمىز شۇ

شەھەرلەردە ياشاۋاتقانلارغا كېچىسى ياكى چۈشلۈكى ئۇلار ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىدا كەلدى. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئىككى ۋاقىت ھەممە تەرەپ تىمتاسلىققا چۆمگەن، ئارام ۋە دەم ئالىدىغان ۋاقىت بولغانلىقتىن، ئازابنىڭ كېلىشىمۇ مۇشۇ ۋاقىتلارغا مەخسۇس قىلىنغان. دەرۋەقە، ئازابنىڭ مۇشۇ ۋاقىتلاردا كېلىشى تېخىمۇ مۇشەققەتلىك، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولىدۇ. چۈنكى، ئازاب ھالاك قىلىنغانلارغا ئۇلار غاپىل بولۇپ قالغان چاغلىرىدا كېلىدۇ. 5. «بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ چەككەن پەريادى: بىز ھەقىقەتەن زالىم ئىدۇق، دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى.» يەنى، بىزنىڭ ئازابىمىز ۋە مۆجىزىلىرىمىزنى كۆرگەن چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ قىلغان دۇئالىرى ۋە چەككەن پەريادلىرى، پەقەت زۇلۇم ۋە گۇناھلىق پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەنلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ. تېخىمۇ ئەپسۇسكى، ئۇلار پۇشايمان قىلىشقا تولىمۇ كېچىكىپ قالغاچقا ھەسرەت - نادامەتلىرى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. 6. «بىز ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ) سورايمىز.» يەنى، بىز بارلىق ئۈممەتلەردىن چوقۇم «پەيغەمبەرلەر سىلەرگە تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟» دەپ سورايمىز. بۇ سوئالدىن مەقسەت، كاپىرلارنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارغا كايىشتۇر. دەرۋەقە، پەيغەمبەرلەردىنمۇ بۇ رىسالەتنى تەبلىغ قىلىپ، ئامانەتنى جايىغا تاپشۇرغان - تاپشۇرمىغانلىقىنى سورايمىز. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: مىللەتلەردىن سورىلىدىغان سوئال ئەيىبلەش ۋە ئىقرار قىلدۇرۇش سوئالىدۇر. ئاندىن، پەيغەمبەرلەرگە ساۋاب ۋە ئېھسان قىلىنىدۇ. 7. «(قىيامەت

كۈنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) ئۇلارغا ھەقىقىي بىلىش ئاساسىدا ئېيتىپ بېرىمىز، بىز ئۇلاردىن ئايرىلمىغان ئىدۇق (ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەردارمىز).» يەنى، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارغا ھەقىقىي بىلىش ئاساسىدا ئېيتىپ بېرىمىز. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى كىتاب ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ پۈتۈن سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق سۆزلەپ بېرىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەردار تۇرساق، ئۇلارنىڭ بىرەر سۆز - ھەرىكىتىنىڭ بىزگە مەخپىي بولۇپ قېلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟! ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى بەندىلىرىگە، مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل قىلمىش - ئەتمىشلىرى، سۆز - ھەرىكەتلىرى، قىلغان ياخشىلىقلىرى ۋە يامانلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئېيتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شۇڭا ھېچقانداق بىر سىر ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ مەخپىي ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالا كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ. 8. «بۇ كۈندە بەندىلەرنىڭ (ياخشى - يامان ئەمەللىرىنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر. ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر چىققانلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر.» يەنى، قىيامەت كۈنىدە بەندىلەرنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرى ئادالەت بىلەن ئۆلچىنىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ. ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللىرى تۈپەيلى ئەمەللىرى ئېغىر كەلگەنلەر نىجات تاپقۇچىلاردۇر، مول ساۋابقا ئېرىشكۈچىلەردۇر. 9. «ياخشى ئەمەللىرى يېنىك چىققانلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار

قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر.»
يەنى، ئىنكارچىلىقلىرى ۋە گۇناھلىرى تۈپەيلى ياخشى
ئەمەللىرى يېنىك چىققانلار، كۇپۇرلىقلىرى ۋە بىزنىڭ
ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىگە
زىيان سالغۇچىلاردۇر، بەختسىزلىككە مەھكۇم بولغۇچىلاردۇر.
ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى تارازىغا قويۇلۇپ
تارتىلىدىغان نەرسە، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە نامە - ئەمەللەردۇر.
گەرچە ئۇلار جىسمى يوق نەرسىلەر بولسىمۇ، قىيامەت كۈنى
ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جىسىم ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ قاراش
ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان. يەنە بەزىلەرنىڭ
قارىشىچە، تارازىدا نامە - ئەمەل دەپتەرلىرى تارتىلىدۇ.
بىتاقەنىڭ ھەدىسىدە شۇنداق دەپ كەلتۈرۈلگەن. يەنە بىر
قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، نامە - ئەمەلنىڭ ئىگىسى
تارتىلىدۇ. باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «قىيامەت
كۈنى سېمىز بىر ئادەم كەلتۈرۈلۈپ تارتىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ
نەزىرىدە، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى بىرەر چىۋىننىڭ ئېغىرلىقىچىلىكمۇ
كەلمەيدۇ.» بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسى توغرا، يەنى بەزىدە
نامە - ئەمەللەر تارتىلىدۇ، بەزىدە بولسا شۇ نامە - ئەمەللەر
يېزىلغان دەپتەر تارتىلىدۇ، يەنە بەزىدە شۇ نامە -
ئەمەللەرنىڭ ئىگىسى تارتىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالا
ھەممىگە ئالىمدۇر. مەن شۇنداق دەيمەنكى، نامە -
ئەمەللەرنىڭ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنىڭ بىۋاستە تارتىلىشىدا
ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش يوق. ھازىرقى زامان
ئىلىم - پېنى ئىسسىق بىلەن سوغۇقنىڭ قانداق
ئۆلچىنىدىغانلىقىنى، شاماللارنىڭ ۋە يامغۇرلارنىڭ يۆنىلىنىشىنى
بىزگە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگىنىگە كۆرە، ھەممىگە قادىر

بولغان ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ نامە - ئەمەللىرىنى ئۆلچەيدىغان جاھازلارنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ 10. «شۈبھىسىزكى، سىلەرنى زېمىندا يەرلەشتۈردۇق، زېمىندا سىلەرگە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى پەيدا قىلدۇق، (سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مۇشۇنداق نېمەتلىرى بار تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا) ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر.» يەنى، ئى ئىنسانلار! شۈبھىسىزكى، بىز سىلەر ئۈچۈن زېمىندا يەرلىشەلەيدىغان ۋە تۇرالايدىغان ئىمكانىيەت ياراتتۇق. بۇ ئايەتنى بەيزاۋى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «سىلەرگە يەر يۈزىنىڭ تۇرار جايلىرىغا يەرلىشىش، ئېتىز - ئېرىقلارنى بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردۇق، شۇنداقلا زېمىندا سىلەرگە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى پەيدا قىلدۇق.» يەنى، سىلەر ئۈچۈن زېمىندا يېيىلىدىغان، ئىچىلىدىغان ۋە سىلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتىڭلاردا كەم بولسا بولمايدىغان تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يارىتىپ بەردۇق. ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئەنە شۇنداق سانسىزلىغان نېمەتلەر بىلەن ئېھسانلارنى ئاتا قىلغان تۇرۇقلۇق، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر قىلىدىغانلار ناھايىتى ئازدۇر. دەرۋەقە مۇنۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھ تائالا: «مېنىڭ بەندىلىرىمدىن ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز.» (سەبەئ سۈرىسى، 13-ئايەت) دېگەن. 11. «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنى ياراتتۇق، ئاندىن سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزدۇق، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: <سىلەر ئادەمگە (ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىڭلار> دېدۇق، ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى. ئۇ سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولمىدى.» يەنى شۈبھىسىزكى، بىز ئاتاڭلار ئادەمنى شەكىلگە كىرگۈزۈلمىگەن

قۇرۇق لايدىن ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق. ئادەم ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا «كۆپلۈك ئالمىشى» قوللىنىلدى. ئاندىن پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ھەممىسى سەجدە قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئىبلىس تەكەببۇرلۇقى ۋە سەركەشلىكى تۈپەيلى سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى. بۇ يەردىكى ئىستىسنا ـ ئىستىسنا مۇنقەتىدۇر. چۈنكى بۇ، ئوخشاش بولمىغان بىر نەرسىنى ئىستىسنا قىلىشتۇر. ھەسەنۇلبەسرىنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى: «ئىبلىس ھېچقاچان پەرىشتىلەردىن بولمىغان.» دېگەن سۆزى ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغانىدى. 12. «ئاللاھ (ئىبلىسقا): <سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟> دېدى. ئىبلىس: <مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ> دېدى.» يەنى، ئاللاھ تائالا ئىبلىسقا: «مەن سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان تۇرسام، نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟ سېنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلماسلىقىڭدىكى سەۋەب نېمە؟» دەپ سورىدى. بۇ سوئال ئەيىبلەش ۋە كايىشنى ئىپادىلەيدۇ. لەنىتى شەيتان: «مەن ئادەمدىن تېخىمۇ ئارتۇق، تېخىمۇ شەرەپلىكمەن. ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغۇچى ئۆزىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرغۇچىغا قانداقمۇ سەجدە قىلسۇن؟» دېدى. ئاندىن ئۇ نېمە ئۈچۈن سەجدە قىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «چۈنكى مەن ئوتتىن يارىتىلدىم، ھالبۇكى ئادەم لايدىن يارىتىلدى. ئوت، لايغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈستۈندۇر» دېدى. بىچارە شەيتان ئۆزىنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئېتىبارغا

ئالمىدى. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: لەنىتى شەيتان ئۆزىنىڭ يارىتىلىش ئەسلىنى ئېتىبارغا ئالدى - يۇ، ئەمما ئۇنى شەرەپلەندۈرگەن ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغان ئاساسلىق ئامىلنى بولسا ئېتىبارغا ئالمىدى. بۇ ئامىل بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قولى بىلەن يارىتىشى ۋە ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن پۈۋلىشىدۇر. شەيتان خاتا قىياس قىلىش ئارقىلىق خاتالاشقان ئىدى. ئاللاھ تائالا شەيتانىنىڭ ئوتنىڭ لايغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈستۈن ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت گۇمانىنىڭ نەقەدەر قەبىھلىكىنى ئوچۇقلاپ بەردى. چۈنكى ئېغىر بېسىقلىق ۋە ئالىيجانابلىق لاينىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر. ئوتنىڭ ئالاھىدىكى بولسا كۆيدۈرۈش ۋە يەڭگىلتەكلىكتۇر. دەرۋەقە، لاي ئۆسۈش، يېتىلىش، تەرەققي قىلىش، كۆپىيىش ۋە ئىسلاھات قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئوتنىڭ خۇسۇسىيىتى بولسا ئازابلاش ۋە قىيناشتۇر. شۇ ۋەجىدىن، لەنىتى شەيتان يۇقىرىقىدەك خاتا قىياس قىلىش ئارقىلىق، ئۆز ئەسلىگە خائىنلىق قىلغان ۋە بۇ خائىنلىق ئۇنىڭ ھالاك بولۇشى ھەم بەختسىزلىككە دۇچار بولۇشىغا سەۋەب بولغان. بۇ ھەقتە ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: تۇنجى قېتىم قىياس قىلىش ئارقىلىق خاتالاشقان مەخلۇق ئىبلىستۇر. كىمكى، دىنىنى ئۆز قاراشلىرىغا ئاساسەن قىياس بىلەن چۈشەندۈرسە، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئىبلىس بىلەن بىر قاتارغا قويىدۇ. 13. «ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: <سەن بۇيەردىن (جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت، بۇ يەردە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشۇڭغا بولمايدۇ، يوقال، سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىنسەن>.» يەنى، ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: «ئۇنداق بولسا، سەن جەننەتتىن

چۈشۈپ كەت، چۈنكى ماڭا ئىتائەت قىلماي ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنە بۇ مۇقەددەس يۇرتۇمدا تۇرۇۋېرىشىڭغا بولمايدۇ، يوقال، سەن ھەقىقەتەن رەزىل ۋە پەسكەشلەردىنسەن.» بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: شەيتان ئۆزىنىڭ بىمەنە تەكەببۇرلۇقىنى ئايان قىلغان ھامان، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەزىللىك ۋە پەسكەشلىك تامغىسىنى بېسىۋەتتى. چۈنكى، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ شەنىنى تېخىمۇ ئۈستۈن قىلىدۇ. شۇنداقلا، كىمكى ئاللاھ تائالاغا تەكەببۇرلۇق قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى پەسكەشلەردىن قىلىدۇ. 14. «ئىبلىس: <ماڭا كىشىلەر قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە مۆھلەت بەرگىن> دېدى.» يەنى، ئىبلىس: «ماڭا كىشىلەر قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈن بولغان قىيامەت كۈنىگىچە مۆھلەت بەرگىن» دېدى. لەنتى ئىبلىس گېپىنى ئۆزگەرتتى ۋە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىش مەقسىتىدە، ئاللاھ تائالادىن قىيامەت كۈنىگە قەدەر مۆھلەت بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى قىيامەت كۈنىدىن كېيىن «ئۆلۈم» دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: 15. «ئاللاھ: <ساڭا مۆھلەت بېرىلىدۇ> دېدى.» يەنى، ئاللاھ: «ساڭا قىيامەت كۈنىگىچە ياشىشىڭغا مۆھلەت بېرىلىدۇ» دېدى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ئىبلىسقا ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سۈر چېلىنغانغا قەدەر ياشىشىغا مۆھلەت بەردى. دەرۋەقە، بىرىنچى قېتىملىق سۈر چېلىنغان چاغدا بارچە مەخلۇقاتلار ئۆلىدۇ. ھالبۇكى، ئىبلىس ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا جەم

بولغانغا قەدەر ياشىشى ئۈچۈن مۆھلەت بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. بۇ قاراش مۇنۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ: «ئاللاھ تائالا <جەزمەن ساڭا مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھلەت بېرىلىدۇ> دېدى.» (ساد سۈرىسى 80 ـ -81 ئايەتلەر.) 16. «ئىبلىس ئېيتتى: <سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن.» يەنى، ئىبلىس ئېيتتى: «ئۇنداق بولسا، مېنى ئازدۇرغانلىقىڭ ۋە توغرا يولدىن چەتنەشتۈرۈۋەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن، خۇددى يول توسقۇچىلار يولدىن ئۆتكۈچىلەرنىڭ يولى ئۈستىدە ئولتۇرغىنىدەك، مەنمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ۋەسۋەسە قىلىپ ئالداش ئۈچۈن چوقۇم ھەق ۋە جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن.» 17. «ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن.» يەنى، ئاندىن تۆت تەرەپتىن: چوقۇم ئالدىلىرىدىن، ئارقىلىرىدىن، ئوڭ تەرەپلىرىدىن، سول تەرەپلىرىدىن سېنىڭ بەندىلىرىڭگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى چوقۇم سېنىڭ دىنىڭدىن ۋاز كەچتۈرىمەن. بۇ ئايەتنى تەبەرىي مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئۇلارغا ھەقنى باتىل، باتىلنى ھەق قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنى توغرا يولدىن چەتنەشتۈرۈۋېتىمەن ھەمدە ئۇلارغا باتىلنى چىرايلىق كۆرسىتىمەن. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا شەيتاننى ئۆزىنىڭ مەرھەمىتى ئارقىلىق شەيتان بىلەن

بەندىلىرى ئۈتتۈرىسىغا پەردە تارتىۋەتكەنلىكتىن، شەيتان ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشقا پۇرسەت تاپالمايدۇ. شەيتان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھ!) سەن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ساڭا ئىتائەت قىلغۇچىلار ۋە نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلغۇچى مۆمىنلەر ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن. 18. «ئاللاھ ئېيتتى: <جەننەتتىن ئەيىبلەنگەن ۋە (رەھمىتىمدىن) مەھرۇم قىلىنغان ھالدا چىق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قوشۇپ، ھەممىڭلار بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى تولدۇرىمەن>»، يەنى ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنداقتا، سەن جەننەتتىن ئەيىبلەنگەن ۋە رەھمىتىمدىن مەھرۇم قىلىنغان ھالدا يوقال، قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن كىمكى ساڭا ئىتائەت قىلسا، جەھەننەمنى چوقۇم سېنىڭ ئالدام خالتاڭغا چۈشۈپ ساڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن تولدۇرىمەن.» بۇ يەردىكى «لام» ئىبارىسى قەسەمنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تەرك قىلىپ، شەيتانغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئازابنى بىلدۈرىدىغان بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. 19. «ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ بىلەن ئىككىڭلار بىللە جەننەتتە تۇرۇڭلار، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، (ئۇنىڭغا يېقىنلاشساڭلار) زالىملاردىن بولۇپ قالىسىلەر.» يەنى، ئىبلىس جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا: «ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ بىلەن ئىككىڭلار بىللە جەننەتتە تۇرۇڭلار، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، بىراق بۇ دەرەخكە ھەرگىزمۇ يېقىنلاشماڭلار، ئەگەر ئۇنىڭغا يېقىنلاشساڭلار، سىلەر چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ

قالىسىلەر» دەپ ئەمر قىلدۇق. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىناش ۋە ئىمتىھان قىلىش يۈزىسىدىن، ئۇلارغا جەننەتنىڭ بارلىق مېۋىلىرىنى ھالال قىلىپ، پەقەت بىرلا دەرەخكىلا يېقىنلاشماسلىققا بۇيرۇدى، شۇنداقلا دەرەخنى ئۇلارغا كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭدىن يېيىشنى مەنئى قىلدى. دەل شۇ چاغدا، شەيتان ئۇلارغا ھەسەت قىلىپ ۋەسۋەسە قىلىشقا ۋە ئۇلارنى ئالداشقا ھەمدە تۇزاققا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇندى. 20. «لېكىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى، شەيتان ئېيتتى: <پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر>.» يەنى، لېكىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىپ ئۇلارغا كۆرسىتىش مەقسىتىدە، ھېلىقى دەرەختىن يېيىشكە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى. بۇ ئايەت، لەنىتى شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئوچۇقلاپ بەرمەكتە. يەنى شەيتان ئۇلارغا شۇ تەرىقىدە ۋەسۋەسە قىلغانىدى: «پەرۋەردىگارىڭلار، سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى، پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى جەننەتتە مەڭگۈ تۇرۇپ قالغۇچىلاردىن بولۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن مەنئى قىلغان.» 21. «شۇنىڭدەك ئۇلارغا: <مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن> دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى.» يەنى، شەيتان بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا نامىدىن ئۇلارغا: «مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن» دەپ قەسەم ئىچىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئالدىدى. دېمەك، بەزىدە ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرمۇ ئالدىنىپ قالىدۇ.

بۇ ھەقتە ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بۇ يەردە بايانلارنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ بېرىش مەقسىتىدە «مۇبالىغە فورمىلىسى»نى قوللانغان. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئىشتا بىرەرسى بىلەن مۇسابىقىلەشكەن كىشى، بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ تىرىشىدۇ. 22. «ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى (يۇقىرى مەرتىۋىدىن تۆۋەن مەرتىۋىگە) چۈشۈردى. دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى (ئۇلارغا كايىپ): <مەن سىلەرگە بۇ دەرەخنى (مېۋىسىنى) يېيىشنى مەنئى قىلمىغانمىدىم؟ شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر، دېمىگەنمىدىم؟> دەپ نىدا قىلدى.» يەنى، شۇنداق قىلىپ شەيتان قەسەم ئىچىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى تۇزاققا چۈشۈردى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «شەيتان ئۇلارنى قەسەم ئارقىلىق ئالدام خالتىسىغا چۈشۈردى. بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، ئادەم ئەلەيھىسسالام، ھېچقانداق بىر كىشى ئاللاھ تائالا نامىدىن قەسەم ئىچمەيدۇ دەپ ئويلايتتى. دېمەك، شەيتان ۋەسۋەسە ۋە ئاللاھ تائالا نامىدىن قەسەم ئىچىپ بېرىشتەك ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ئالدىغانىدى. دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەن ھامان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى.» بۇ ھەقتە كەلبى مۇنداق دەيدۇ: دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەن ھامان، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ئاستا - ئاستا چۈشۈشكە باشلاپ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى - دە، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى

كۆرۈپ قاتتىق خىجالەتچىلىك ئىچىدە قالدى. ئۇلار بۇرۇن جەننەتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىشەتتى، ئەمدىلىكتە بولسا جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى بىلەن بىر - بىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى بىلەن ئۈستىلىرىنى يېپىشقا باشلىدى. بۇ ھەقتە ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋۋانىڭ كىيىملىرى ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان بىر نۇر ئىدى. شۇڭا نە ئادەم ئەلەيھىسسالام ھاۋۋانىڭ، نە ھاۋۋا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇلار مەزكۇر خاتالىقنى سادىر قىلغان ھامان، ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى كۆرۈلۈپ قېلىشقا باشلىدى. ئاللاھ تائالا ئەيىبلەش ۋە كايىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا مۇنداق نىدا قىلدى: «مەن سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلمىغانمىدىم؟ لەنىتى شەيتاننىڭ سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمىگەنمىدىم؟» رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «مەن ساڭا بەخش قىلىپ بەرگەن جەننەتنىڭ دەرەخلىرىنىڭ مېۋىلىرى ساڭا يەتمىگەنمىدى؟ شۇڭا سەن بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ سالدىڭمۇ؟» ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ئى قۇدرەتلىك پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ئۇلۇغ نامىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس، بىراق سېنىڭ مەخلۇقاتلىرىڭدىن بىرەرسىنىڭ سېنىڭ نامىڭدىن يالغان قەسەم ئىچىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.» ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قارىتا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «قۇدرىتىم ئارقىلىق

قەسەم قىلىمەنكى، سېنى چوقۇم يەر يۈزىگە چۈشۈرىمەن. بۇندىن كېيىن تۇرمۇشۇڭنى ناھايىتى زور مۇشەققەتلەر ئىچىدە قامدايسەن.» 23. «ئۇلار: <پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز> دېدى»، يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى مۇنداق دېيىشتى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلىپتۇق، ئەگەر سەن بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىپ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز.» شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشىپ تەۋبە قىلىشتى ۋە ئاللاھ تائالادىن گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۆزلىرىگە مەرھەمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىكى كەلىمىلەر، ئادەم ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالادىن بىۋاسىتە تەلىم ئالغان ئىبارىلەردۇر.[1] 24. «ئاللاھ ئېيتتى: <سىلەر بىر - بىرىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەجىلىڭلار پۈتكەنگە قەدەر يەر يۈزىدە تۇرىسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىسىلەر>.» يەنى، ئاللاھ تائالا: «سىلەر بىر - بىرىڭلارغا (شەيتان ئىنسانغا، ئىنسان شەيتانغا) دۈشمەن بولغان ھالدا

[1] بۇ رىۋايەتنى تەبەرى زەھھاكتىن نەقىل كەلتۈرگەن. بۇ يەردە بەقەرە سۈرىسىنىڭ 37 ـ ئايىتى ئىشارەت قىلىنغان: «ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىرقانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.» بەقەرە سۈرىسى 37 - ئايەت.

چۈشۈڭلار» دېدى. بۇ يەردىكى خىتاب، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىسقا قارىتىلغان. جۈملىدىن، بۇ يەردىكى ئىلاھىي ئەمر «كۆپلۈك» شەكلىدە كەلگەن. يەنى، سىلەر بىر - بىرىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈڭلار. دەرۋەقە، تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك، شەيتان ئىنساننىڭ، ئىنسانمۇ شەيتاننىڭ دۈشمىنىدۇر. «شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاخ بولۇشقا چاقىرىدۇ.» (فاتىر سۈرىسى -6 ئايەت.) ئەجىلىڭلار پۈتكەنگە قەدەر يەر يۈزىدە تۇرىسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىسىلەر. 25. «ئاللاھ ئېيتتى: <يەر يۈزىدە ياشايسىلەر، يەر يۈزىدە ئۆلۈسىلەر، (قىيامەت كۈنى) يەنە يەر ئاستىدىن چىقىرىلىسىلەر>.» يەنى، ئاللاھ ئېيتتى: «سىلەر ئەنە شۇ يەر يۈزىدە ياشايسىلەر، ئۆلگەندىن كېيىن يەر يۈزىگە دەپنە قىلىنىسىلەر، (قىيامەت كۈنى) نامە - ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا ئېلىش ئۈچۈن، يەنە ئاشۇ يەر ئاستىدىن چىقىرىلىسىلەر.» دەرۋەقە، ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنى زېمىندىن خەلق ئەتتۇق، (ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (توپىغا ئايلىنىسىلەر)، سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز.» (تاھا سۈرىسى -55 ئايەت.) بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا بەرگەن كىيىم - كېچەكلەر، زىبۇزىننەتلەر ۋە باشقا مەنپەئەتلىك نەرسىلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 26. «ئى ئادەم بالىلىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرەتىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە

زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر، ئەنە شۇلار (ئىنسان باللىرىغا سەترى ئەۋرەت ئۈچۈن لىباس ياراتماق) ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ (بەندىلىرىگە بولغان پەزل - مەرھەمىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر.» يەنى، ئى ئادەم باللىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرىتىڭلارنى ياپىدىغان كىيىم - كېچەكلەرنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسلارنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. يەنى، سىلەرگە ئىككى تۈرلۈك كىيىم - كېچەك چۈشۈرۈپ بەردۇق. بۇ كىيىم - كېچەكلەرنىڭ بىرى سىلەرنىڭ ئەۋرىتىڭلارنى ياپسا، يەنە بىرى سىلەرنى بىزەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن زىننەتلىنىسىلەر. بۇ ھەقتە زەمەخشەريي مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە كەلگەن «الريش» ئىبارىسى «زىننەتلىنىدىغان كىيىم - كېچەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىبارە قۇشنىڭ پېيىدىن ئارىيەت ئېلىنغان. چۈنكى ئۇمۇ قۇشنىڭ لىباسى ۋە زىبۇزىنىتى ھېسابلىنىدۇ. تەقۋادارلىق ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر، چۈنكى ئىچكى جەھەتتىكى پاكلىق تاشقى جەھەتتىكى پاكلىقتا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەيدۇ:

*ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشى لىباسى پەرۋەردىگارىغا بولغان ئىتائەتكارلىقتۇر،*
*ئاللاھ تائالاغا ئاسىي بولغان كىشىدە ياخشىلىق يوقتۇر!*

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا سەترى ئەۋرەت ئۈچۈن لىباس يارىتىپ بېرىش، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بولغان پەزلى ۋە مىسلىسىز مەرھەمىتىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ چوڭ

ئالامەتلىرىدىندۇر. شۇڭا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نېمەتلىرىنى ھەر دائىم ئەسلەپ تۇرۇشى ۋە بۇلارنى ئېھسان قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشلىرى لازىم. 27. «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەنىدى (ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى). شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر، شۈبھىسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستلىرى قىلدۇق.» يەنى، ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلارنى ھەر خىل ھىيلە - نەيرەڭلەر بىلەن ئازدۇرۇپ جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ توغرا يولدىن چەتنەشتۈرۈش ۋە ئاراڭلاردا پىتنە ـ پاسات تېرىش ئارقىلىق ئازدۇرۇۋەتمىسۇن. دەرۋەقە، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى كۆرۈنۈپ قېلىپ ئۇياتقا قالسۇن دەپ ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەنىدى. شەيتان ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن، شەيتاننىڭ بۇ يەردىكى بىردىنبىر مەقسىدىمۇ، ئىنساننىڭ لىباسىنى يىرتىپ ئۇنى ئۇياتقا قالدۇرۇش، ئۇنى بارلىق ھېسسىيات ۋە مەنىۋى پەزىلەتلەردىن مەھرۇم قىلىش ئىدى. دېمىسىمۇ، شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، ھالبۇكى، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر. شەيتان سىلەرگە تۇزاق قۇرۇپ سىلەرنى پايلاپ تۇرماقتا. ھىيلە - مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ قېلىپ ئۇنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

چۈنكى دۈشمەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر تەرەپتىن كەلگەن ھامان تېخىمۇ ۋەھشىي ۋە تېخىمۇ رەھىمسىز بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ يېقىن دوستلىرى قىلدۇق. 28. «ئۇلار (مۇشرىكلار) بىرەر يامان ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا: <ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق، ئاللاھ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان> دېيىشىدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، <ئاللاھ (بەندىلىرىنى) ھەقىقەتەن يامان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، ئۆزلىرىڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتامسىلەر؟>» يەنى، مۇشرىكلار بىرەر يامان ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا: «بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭمۇ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق» دېيىشىپ، يامان ئىشلاردا ئاتا - بوۋىلىرىنى تەقلىد قىلغانلىقلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. ئايەتتىكى «فاھىشەتەن» ئىبارىسى «بەيتۇللاھنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلغانغا ئوخشاش ناھايىتى قەبىھ ئىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار يەنە قىلچە تەپتارتماستىنلا: «ئاللاھ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان چاغدا كىيگەن لىباسلىرىمىز بىلەن قانداقمۇ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلالايمىز؟» دېيىشىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالاغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق بوھتان چاپلىغانلىقتۇر. بۇ ھەقتە بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرى سادىر قىلىشقان قەبىھ ئىشلىرىنىڭ ئاساسى توغرۇلۇق كەلتۈرۈشكەن دەلىللىرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئاتا - بوۋىلىرىغا تەقلىت قىلىش، يەنە بىرى، ئاللاھ تائالاغا بوھتان چاپلاشتۇر. ئاساسسىز بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن بىر دەلىلگە جاۋاب بېرىلمىدى. ئىككىنچىسىگە بولسا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ

سۆزى ئارقىلىق رەددىيە بېرىلدى: «ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، <ئاللاھ پۈتۈن ئەيىب - نۇقسانلار ۋە ئۇلارنىڭ بوھتانلىرىدىن پاكتۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ھېچقاچان قەبىھ ئىشلارنى قىلىشقا ۋە يامان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە بۇيرۇمايدۇ>.» بۇ يەردىكى سوراق قوشۇمچىسى رەددىيە بېرىش ۋە ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، ئۆزلىرىڭلار ئېنىق بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى قىلچە پىكىر يۈرگۈزمەستىنلا ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتامسىلەر؟ 29. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى. ھەربىر سەجدە قىلغاندا پۈتۈنلەي ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىڭلار، ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەر ئاللاھ دەسلەپتە پەيدا قىلغان ھالىتىڭلارغا (ئەسلىگە) قايتىسىلەر>.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، <پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىل بولۇش ۋە توغرا ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇدى. ھەربىر سەجدە قىلغان چېغىڭلاردا پۈتۈنلەي ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىڭلار، ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس بىلەن تائەت - ئىبادەت قىلىڭلار.» بۇ ئايەتنى ئىبنى كەسىر مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا ئۆزىگە تائەت - ئىبادەت قىلىشتا سىلەرنى راستچىللىققا بۇيرۇدى. بۇ بولسا، مۆجىزىلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇتقان يوللىرىغا ئەگىشىش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا يەنە تائەت - ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ئاساسقا تايانمايدىغان ھەرقانداق بىر ئەمەلنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدۇ: بىرىنچى، ئەمەلنىڭ توغرا ۋە شەرىئەت ئاساسلىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى؛ ئىككىنچى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن خالىي بولۇشىدۇر.» ئاللاھ تائالا

سىلەرنى دەسلەپتە تۇپراقتىن ياراتقىنىدەك، ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن يەنە شۇ تۇپراققا قايتىسىلەر. 30. «ئاللاھ (سىلەردىن) بىر گۇرۇھنى ھىدايەت قىلدى، يەنە بىر گۇرۇھقا گۇمراھلىق تېگىشلىك بولدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ شەيتانلارنى دوست تۇتقان تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرىنى توغرا يولدا گۇمان قىلىدۇ.» يەنى، ئاللاھ سىلەردىن بىر گۇرۇھقا ھىدايەت ئاتا قىلىپ توغرا يولغا باشلىدى، يەنە بىر گۇرۇھنى بولسا گۇمراھ بولغانلىقتىن توغرا يولدىن ئاداشتۇردى. ئاللاھ تائالا خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال - سوراق قىلىنمايدۇ. بۇ بۆلۈم، ئاللاھ تائالانىڭ مەلۇم بىر گۇرۇھنى نېمە ئۈچۈن ئازدۇرغانلىقىنى ئوچۇقلاپ بەرمەكتە. يەنى، ئۇلار ئاللاھ تائالانى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتقانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئازدۇردى. ھالبۇكى، شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلىشىدۇ.

**ئىلاۋە:** ئەۋرەت (ئۇياتلىق) يەرنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى ساھىبىنى ئۇياتقا قالدۇرغانلىقتىن، ئۇ «سەۋئەت» دېيىلگەن. بۇ ھەقتە ئۆلىمالار مۇنداق دېيىشىدۇ: بۇ ئايەتتە ئەۋرەت (ئۇياتلىق) يەرنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىش ئىكەنلىكى ۋە تەبىئىي رەۋىشتە نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىنىدىغانلىقىغا دەلىل بار. شۇ ۋەجىدىن «سەۋئەت» دېيىلگەن. مېنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىم مۇنداق: بۇ ئايەت، لەنىتى ئىبلىسنىڭ مەقسىتىنىڭ زادى نېمىلىكىنى ناھايىتى روشەن ھالدا ئوچۇقلاپ بېرىدۇ. (چۈنكى) شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن، كىيىملىرىنى

سالدۇرۇۋەتكەن ئىدى (ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى). كىملەركى، ئاياللارنىڭ يالىڭاچ بولۇشىنى خالايدىكەن ۋە تەشۋىق قىلىدىكەن، ئۇنداق كىشىلەر ئاياللارنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى، ئىبلىسنىڭ ياردەمچىلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرىدۇر. دەرۋەقە، نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئىلغارلىقنى دەۋا قىلىپ، شۇنداقلا، ئەركىنلىك ۋە ئەر - ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خانىم - قىزلار ياغلىق - رومallىرىنى تاشلاشقا تەشۋىق قىلماقتا. چۈنكى ئۇلارنىڭ نىشانى ناھايىتى روشەن. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىشى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىدۇر. ھالبۇكى، ئىلغارلىق يالىڭاچلىق ۋە ئاياللارنىڭ ياغلىق رومallىرىنى ئېلىپ تاشلىشى بىلەن ئەمەس، دەل ئەكسىچە، شەرەپ ۋە ئىپپىتىنى ساقلاش بىلەن بولىدۇ. شائىر بۇنى نېمىدېگەن روشەن ھالدا ئوچۇقلاپ بەرگەن - ھە!

ئى قىزىم! ئەگەر سەن ئەقلىڭنى ۋە ۋۇجۇدۇڭنى بىزەيدىغان بىر گۈزەللىك خالىساڭ، ئۇنداقتا گىرىم قىلىش ئادىتىنى تەرك ئەت.

چۈنكى، روھلارنىڭ گۈزەللىكى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ شەرەپلىكتۇر. سەنئەتكارلار گۈل ياسىشىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ياسىغان گۈللىرىنىڭ ھېچقايسىسى شەكىل جەھەتتىن باغچىنىڭ گۈلىگە ئەسلا ئوخشىمايدۇ.

يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمۡ عِندَ كُلِّ مَسۡجِدٖ وَكُلُواْ

وَٱشۡرَبُواْ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ٣١ قُلۡ
مَنۡ حَرَّمَ زِينَةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِيٓ أَخۡرَجَ لِعِبَادِهِۦ وَٱلطَّيِّبَٰتِ مِنَ
ٱلرِّزۡقِۚ قُلۡ هِيَ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا خَالِصَةٗ
يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ٣٢
قُلۡ إِنَّمَا حَرَّمَ رَبِّيَ ٱلۡفَوَٰحِشَ مَا ظَهَرَ مِنۡهَا وَمَا بَطَنَ
وَٱلۡإِثۡمَ وَٱلۡبَغۡيَ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَأَن تُشۡرِكُواْ بِٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ
بِهِۦ سُلۡطَٰنٗا وَأَن تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ٣٣ وَلِكُلِّ
أُمَّةٍ أَجَلٞۖ فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمۡ لَا يَسۡتَـٔۡخِرُونَ سَاعَةٗ وَلَا
يَسۡتَقۡدِمُونَ ٣٤ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ إِمَّا يَأۡتِيَنَّكُمۡ رُسُلٞ مِّنكُمۡ
يَقُصُّونَ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِي فَمَنِ ٱتَّقَىٰ وَأَصۡلَحَ فَلَا خَوۡفٌ
عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ٣٥ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا
وَٱسۡتَكۡبَرُواْ عَنۡهَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا
خَٰلِدُونَ ٣٦ فَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوۡ
كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِهِۦٓۚ أُوْلَٰٓئِكَ يَنَالُهُمۡ نَصِيبُهُم مِّنَ ٱلۡكِتَٰبِۖ حَتَّىٰٓ
إِذَا جَآءَتۡهُمۡ رُسُلُنَا يَتَوَفَّوۡنَهُمۡ قَالُوٓاْ أَيۡنَ مَا كُنتُمۡ تَدۡعُونَ
مِن دُونِ ٱللَّهِۖ قَالُواْ ضَلُّواْ عَنَّا وَشَهِدُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ أَنَّهُمۡ
كَانُواْ كَٰفِرِينَ ٣٧ قَالَ ٱدۡخُلُواْ فِيٓ أُمَمٖ قَدۡ خَلَتۡ مِن
قَبۡلِكُم مِّنَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِ فِي ٱلنَّارِۖ كُلَّمَا دَخَلَتۡ أُمَّةٞ
لَّعَنَتۡ أُخۡتَهَاۖ حَتَّىٰٓ إِذَا ٱدَّارَكُواْ فِيهَا جَمِيعٗا قَالَتۡ أُخۡرَىٰهُمۡ
لِأُولَىٰهُمۡ رَبَّنَا هَٰٓؤُلَآءِ أَضَلُّونَا فَـَٔاتِهِمۡ عَذَابٗا ضِعۡفٗا مِّنَ
ٱلنَّارِۖ قَالَ لِكُلّٖ ضِعۡفٞ وَلَٰكِن لَّا تَعۡلَمُونَ ٣٨ وَقَالَتۡ

أُولَىٰهُمْ لِأُخْرَىٰهُمْ فَمَا كَانَ لَكُمْ عَلَيْنَا مِن فَضْلٍ فَذُوقُوا۟
ٱلْعَذَابَ بِمَا كُنتُمْ تَكْسِبُونَ ﴿٣٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟
بِـَٔايَـٰتِنَا وَٱسْتَكْبَرُوا۟ عَنْهَا لَا تُفَتَّحُ لَهُمْ أَبْوَٰبُ ٱلسَّمَآءِ
وَلَا يَدْخُلُونَ ٱلْجَنَّةَ حَتَّىٰ يَلِجَ ٱلْجَمَلُ فِى سَمِّ ٱلْخِيَاطِ ۚ
وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٤٠﴾ لَهُم مِّن جَهَنَّمَ مِهَادٌ وَمِن
فَوْقِهِمْ غَوَاشٍ ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٤١﴾ وَٱلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ لَا نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَآ
أُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلْجَنَّةِ ۖ هُمْ فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿٤٢﴾ وَنَزَعْنَا مَا
فِى صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ تَجْرِى مِن تَحْتِهِمُ ٱلْأَنْهَـٰرُ ۖ وَقَالُوا۟
ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى هَدَىٰنَا لِهَـٰذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِىَ لَوْلَآ أَنْ
هَدَىٰنَا ٱللَّهُ ۖ لَقَدْ جَآءَتْ رُسُلُ رَبِّنَا بِٱلْحَقِّ ۖ وَنُودُوٓا۟ أَن
تِلْكُمُ ٱلْجَنَّةُ أُورِثْتُمُوهَا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٤٣﴾ وَنَادَىٰٓ
أَصْحَـٰبُ ٱلْجَنَّةِ أَصْحَـٰبَ ٱلنَّارِ أَن قَدْ وَجَدْنَا مَا وَعَدَنَا
رَبُّنَا حَقًّا فَهَلْ وَجَدتُّم مَّا وَعَدَ رَبُّكُمْ حَقًّا ۖ قَالُوا۟ نَعَمْ ۚ
فَأَذَّنَ مُؤَذِّنٌۢ بَيْنَهُمْ أَن لَّعْنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٤٤﴾ ٱلَّذِينَ
يَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَيَبْغُونَهَا عِوَجًا وَهُم بِٱلْـَٔاخِرَةِ
كَـٰفِرُونَ ﴿٤٥﴾ وَبَيْنَهُمَا حِجَابٌ ۚ وَعَلَى ٱلْأَعْرَافِ رِجَالٌ
يَعْرِفُونَ كُلًّۢا بِسِيمَىٰهُمْ ۚ وَنَادَوْا۟ أَصْحَـٰبَ ٱلْجَنَّةِ أَن سَلَـٰمٌ
عَلَيْكُمْ ۚ لَمْ يَدْخُلُوهَا وَهُمْ يَطْمَعُونَ ﴿٤٦﴾ وَإِذَا صُرِفَتْ
أَبْصَـٰرُهُمْ تِلْقَآءَ أَصْحَـٰبِ ٱلنَّارِ قَالُوا۟ رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا مَعَ
ٱلْقَوْمِ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٤٧﴾ وَنَادَىٰٓ أَصْحَـٰبُ ٱلْأَعْرَافِ رِجَالًا

يَعْرِفُونَهُم بِسِيمَاهُمْ قَالُوا۟ مَآ أَغْنَىٰ عَنكُمْ جَمْعُكُمْ
وَمَا كُنتُمْ تَسْتَكْبِرُونَ ﴿٤٨﴾ أَهَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَقْسَمْتُمْ لَا
يَنَالُهُمُ ٱللَّهُ بِرَحْمَةٍ ۚ ٱدْخُلُوا۟ ٱلْجَنَّةَ لَا خَوْفٌ عَلَيْكُمْ وَلَآ
أَنتُمْ تَحْزَنُونَ ﴿٤٩﴾ وَنَادَىٰٓ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ أَصْحَٰبَ ٱلْجَنَّةِ
أَنْ أَفِيضُوا۟ عَلَيْنَا مِنَ ٱلْمَآءِ أَوْ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ ۚ قَالُوٓا۟ إِنَّ
ٱللَّهَ حَرَّمَهُمَا عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٥٠﴾ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُوا۟ دِينَهُمْ لَهْوًا
وَلَعِبًا وَغَرَّتْهُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا ۚ فَٱلْيَوْمَ نَنسَىٰهُمْ كَمَا نَسُوا۟
لِقَآءَ يَوْمِهِمْ هَٰذَا وَمَا كَانُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا يَجْحَدُونَ ﴿٥١﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى، ئۇنىڭ نەسلىگە ئېھسان قىلغان نېمەتلەرنى ۋە ئەۋرەتلەرنى ياپىدىغان لىباسلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنىدى. بۇ يەردە، ئاللاھ تائالا كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە ۋە ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا چىرايلىق - پاكىز كىيىملەرنى كىيىش ۋە ياسىنىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاخىرىدا، ئاخىرەتتىكى ئىشلارنى، ئىنسانلارنىڭ جەننەت ئەھلى، دوزاخ ئەھلى ۋە ئەئراف ئەھلى دەپ ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھەر بىر پىرقىنىڭ ئادالەت ۋە جازا يۇرتىدىكى بەختلىك ياكى بەختسىزلىكتىن ئىبارەت ئەھۋاللىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئايال بەيتۇللاھنى يالىڭاچ ھالدا تاۋاپ قىلاتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: كىم ماڭا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغاندا كىيىشىم ئۈچۈن كىيىم ئۆتنە بېرىپ تۇرالايدۇ؟ ئاندىن ئۇ باشقىلار

ئۆتنە بىرىپ تۇرغان كىيىمنى نومۇسلۇق يېرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇيتتى:

بۈگۈن ئۇنىڭ بىر قىسمى ياكى ھەممىسى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. كىيىم يەتمەي نومۇس يېرىمنىڭ كۆرۈنۈپ قالغانلىقىدىن ھېچ رازى ئەمەسمەن.

بۇنىڭغا ئاساسەن «ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى يۆگەپ تۇرىدىغان) ئەڭ ياخشى ۋە پاكىز كىيىمڭلارنى كىيىڭلار.» (ئەئراف سۈرىسى 31- ئايەت.) دېگەن ئايەت نازىل بولغان. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاكارچىسى «بۇندىن كېيىن ھېچكىمنىڭ بەيتۇللاھنى يالىڭاچ ھالدا تاۋاپ قىلىشىغا بولمايدۇ» دەپ جاكارلىدى. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)

**تەپسىرى:** 31. «ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا كىيىمڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ.» يەنى، ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى يۆگەپ تۇرىدىغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ پاكىز كىيىمڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ياخشى كىيىمڭلارنى كىيىڭلار، بىراق يەپ - ئىچىش ۋە كىيىم كىيىشتە مال - مۈلۈك ۋە جانغا زىيان يەتكۈزىدىغان دەرىجىدە ئىسراپ قىلماڭلار، چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى باشقىچە ئېيتقاندا، ئۆزى ھالال ۋە ھارام قىلىپ بەرگەن مەسىلىلەردە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھىي قانۇن چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكۈچىلەرنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ. 32. «ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن

ياراتقــان لىباسـلارنى، شـېرىن، پـاك رىزىقلارنــى كىـم ھــارام قىلــدى؟> ئېيتقىنكــى، <ئـۇلار بــۇ دۇنيــادا مۆمىنلــەر ئۈچــۈن يارىتىلغــان (گەرچــە ئۇلارغــا كاپىــرلار شــېرىك بولســىمۇ)، ئاخىرەتتــە بولىسـا مۆمىنلەرگــىلا خاسـتۇر>. (ئاللاھنىــڭ بىــر ۋە شـېرىكى يـوق ئىكەنلىكىنــى بىلىدىغـان قـەۋم ئۈچـۈن ئايەتلەرنى مۇشـۇنداق تەپسىلىي بايـان قىلىمىـز).» يەنـى، ئـى مۇھەممـەد! بەيتۇللاھنى يالىڭاچ ھالـدا تـاۋاپ قىلغـان ۋە مـەن ھـالال قىلىپ بەرگــەن رىزىقلارنــى ئۆزلىرىگــە ھــارام قىلغــان ئاشــۇ ســەركەش ئەرەبلەرگــە ئېيتقىنكــى، «ئاللاھ ســىلەرنىڭ پايدىلىنىشــىڭلار ئۈچـۈن ئۆسـۈملۈكلەردىن ياراتقـان لىباسـلارنى، شـېرىن، پـاك ۋە لەززەتلىــك رىزىقلاردىــن بەھرىمــەن بولۇشــنى ســىلەرگە كىــم ھــارام قىلــدى؟» بــۇ يەردىكــى ســوئال ئىنــكار قىلىــش ۋە ئەيىبلەشـنى بىلدۈرىـدۇ. ئـى مۇھەممـەد! يەنـە ئۇلارغـا شـۇنداق دېگىنكــى، «گەرچــە ئاشــۇ ھــالال رىزىقــلار ۋە زىبۇزىننەتلەرگــە بــۇ دۇنيــادا كاپىــرلار شــېرىك بولســىمۇ، بىــراق ئۇلارنىــڭ ھەممىســى ئەســلىدە، بــۇ دۇنيــادا مۆمىنلەرنىــڭ پايدىلىنىشــى ئۈچــۈن يارىتىلغــان. ئاخىرەتتــە بولىســا مۆمىنلەرگــىلا خــاس بولــۇپ، ھېچكىــم ئۇلارغــا شــېرىك بولالمايــدۇ. چۈنكــى، ئاللاھ تائــالا جەننەتنــى كاپىرلارغــا ھــارام قىلغانــدۇر.» ئاللاھنىــڭ ھېكمەتلىرىنــى چۈشــىنەلەيدىغان ۋە تــوغرا بەرگــەن ئىلاھىي قانۇنىنىــڭ ھەقىقىتىنــى بىلەلەيدىغــان قــەۋم ئۈچــۈن، ئەھــكام ئايەتلىرىنــى مۇشــۇنداق تەپسـىلىي بايــان قىلىمىــز. 33. «(ئـى مۇھەممــەد! ئۇلارغــا) ئېيتقىنكــى، <پەرۋەردىگارىــم ئاشــكارا ۋە يوشـۇرۇن يامــان ئىشـلارنىڭ ھەممىسـىنى، گۇناھلارنــى، (كىشـىلەرگە) ناھەق چېقىلىشـنى، (ئاللاھنىڭ شـېرىكى بولۇشـقا) ئاللاھ ھېچقانــداق دەلىـل چۈشـۈرمىگەن نەرسـىلەرنى ئاللاھ

تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى>.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالا ئادەتتىن تاشقىرى قەبىھ ۋە زىيانلىق بولغان يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدى. بۇ يامان ئىشلار مەيلى ئاشكارا بولسۇن ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، ئوخشاشلا ھارام قىلىنغاندۇر. جۈملىدىن ئاللاھ تائالا يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، ھەر خىل گۇناھلارنى، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش ۋە ناھەق چېقىلىشنى، ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇشقا ئاللاھ ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى. 34. «(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) ھەر بىر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ، (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى يەتكەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى - كېيىن بولمايدۇ (دەرھال ھالاك بولىدۇ).» يەنى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە يالغانغا چىقارغان ھەر بىر ئۈممەتنىڭ چوقۇم ھالاك بولىدىغان مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە، مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان تەقدىردە ئازابقا دۇچار قىلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ ھالاك بولىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارغا قىلچىمۇ مۆھلەت بېرىلمەي دەرھال ھالاك بولىدۇ. خۇددى مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك: «شۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى (ھۇد، سالىھ، لۇت، شۇئەيب پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئوخشاش ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ

ھالاك بولىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنى دەرھال ھالاك قىلدۇق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا مۇئەييەن ۋاقىتنى بەلگىلىگەندۇق.» (كەھف سۈرىسى -59 ئايەت.)[1] بۇ ئايەتتە كەلگەن «سائەتەن» (ۋاقىت)» ئىبارىسى «ئەڭ قىسقا ۋاقىت»، «دەرھال» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. 35. «ئى ئادەم بالىلىرى! ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلىرىم كەلگەندە، تەقۋادارلىق قىلغان ۋە (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر.» يەنى بۇ ئايەتتىكى «ئادەم بالىلىرى» دىن بارلىق مىللەتلەر كۆزدە تۇتۇلغاندۇر. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئى بارلىق مىللەتلەر! ئىلاھىي ھۆكۈملەرنى ۋە شەرىئەت قانۇنلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن سىلەرگە ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىم كەلگەندە، سىلەردىن كىمكى تەقۋادارلىق قىلىش، ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق پەرۋەردىگارىدىن قورقسا، ئاخىرەتتە ئۇلارغا كەلگۈسىدىن غەم قىلىش ۋە كەتكەنگە قايغۇرۇش يوقتۇر. 36. «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى

[1] كەھف سۈرىسى 59 ـ ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشى مۇنداق: بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى، پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغان ئۈممەتلەرنىڭ ھالاك بولىدىغان ۋاقتىدۇر. ئىبنى كەسىر بىلەن ئەبۇسسۇئۇدنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق. يەنە بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بولسا مۇنداق: ھەر بىر ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا ياشايدىغان مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ. شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەن چاغدا، بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەي ۋە بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەي، بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىدۇ. ئالدىنقى قاراش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئىبارە «ھەر بىر ئۈممەتنىڭ ‹لىكۇللى ئۇممەتىن› » تەرىقىسىدە كەلگەندۇر. قالغىنىغا ئاللاھ تائالا ئەڭ ئالىمدۇر.

ئىنكار قىلغانلار ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار ھەمىشە دوزاختا قالغۇسىدۇر»، يەنى پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار ھەمىشە دوزاختا قالغۇچىلار بولۇپ، ئۇ يەردىن مەڭگۈ چىقالمايدۇ. 37. «ئاللاھ تائالاغا يالغان چاپلىغان ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ ئۇلار لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان (رىزىقتىن ۋە ئەجەلدىن) ئۆز نېسىۋىسىنى كۆرىدۇ، ھەتتا بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندىمۇ، ئۇلارغا: <ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قەيەردە؟> دەيدۇ، ئۇلار: <ئۇلار بىزدىن غايىب بولۇپ كەتتى> دەيدۇ. ئۇلار كاپىر بولغانلىقلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.» بۇ ئايەتتىكى سوئال ئىنكار ئۈچۈندۇر. يەنى، قەستەن ئاللاھ تائالاغا يالغان چاپلىغان ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ قەبىھ ۋە زالىم كىشى بارمۇ؟ ئۇلار لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان رىزىقتىن ۋە ئەجەلدىن ئۆز نېسىۋىسىنى كۆرىدۇ. مۇجاھىد بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «ئۇلار ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان ئۆز نېسىۋىسىنى كۆرىدۇ.» بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندە، ئۇلارغا: «ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قەيەردە؟ سىلەرنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، قېنى ئۇلارنى ياردەمگە چاقىرمامسىلەر؟» دەيدۇ. بۇ يەردىكى سوئال پولاتتەك دەلىللەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇش ۋە ئەيىبلەش ئۈچۈندۇر. ئەنە شۇ ھەقىقەتنى

ئىنكار قىلغۇچى بەدبەختلەر: «ئۇلار بىزدىن غايىب بولۇپ كەتتى. ئۇلاردىن نە بىرەر ياخشىلىق، نە بىرەر يامانلىق كۈتەلمەيمىز» دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىر بولغانلىقلىرى ۋە ھەقىقەتتىن ئادىشىپ كەتكەنلىكلىرىنى ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئۇلار بۇنى قىلمىشلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشكەن ھالدا، ھەسرەت ـ نادامەت ۋە قايغۇ ـ كۆلپەت ئىچىدە ئېيتىشىدۇ. 38. «ئاللاھ (ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا) ئېيتىدۇ: <سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن، جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان (كاپىر) ئۈممەتلەر بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىڭلار>. ھەرقاچان بىر ئۈممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتكە (ئۇنىڭغا ئەگىشىپ گۇمراھ بولغانلىقى ئۈچۈن) لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىپ بولۇپ جەملەشكەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىن كىرگەنلەر (ئەگەشكۈچىلەر) ئىلگىرى كىرگەنلەرگە (باشلىقلىرىغا) قارىتىپ: <ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان. ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن> دەيدۇ ئاللاھ: <ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى) بىلمەيسىلەر> دەيدۇ.» يەنى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان بۇ كىشىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن، جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان كاپىر ئۈممەتلەر ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىڭلار». ھەرقاچان بىر ئۈممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتكە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ گۇمراھ بولغانلىقى ئۈچۈن لەنەت ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە ئالۇسىي مۇنداق دەيدۇ: ئەگەشكۈچىلىرى

ئەگەشتۈرگۈچى كاتتىباشلىرىغا لەنەت ئوقۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ قېلىشىمىزغا سىلەر سەۋەبچى بولدۇڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەرگە لەنەت قىلسۇن.» بۇنىڭدىن مەقسەت، «جەھەننەم ئەھلى بىر - بىرىگە لەنەت ئوقۇيدۇ» دېمەكتۇر. خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدە بايان قىلىنغىنىدەك: «ئاندىن قىيامەت كۈنى بەزىڭلارنى بەزىڭلار ئىنكار قىلىسىلەر، بەزىڭلارغا بەزىڭلار لەنەت ئوقۇيسىلەر (قىيامەت كۈنى مەزكۇر دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ، ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا - جۇدا بولىدۇ، ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ).» ناھايەت ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىپ بولۇپ جەملەشكەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەگەشكۈچىلەر كاتتىباشلىرىغا قارىتىپ: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى سېنىڭ يولۇڭدىن ئازدۇرغان ۋە شەيتانغا ئىتائەت قىلىشنى بىزگە چىرايلىق كۆرسەتكەنلەر مانا مۇشۇلار. ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن. چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشىمىزگە سەۋەبچى بولۇشتى» دېيىشىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ئوخشىشىمۇ تۆۋەندىكى ئايەتتۇر: «ئۇلار: <پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى، پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قىلغىن> دەيدۇ.» (ئەھزاب سۈرىسى 67 - ۋە -68 ئايەتلەر.) ئاللاھ: «باشلىقلار ۋە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، باشلىقلارغا ھەم ئۆزلىرى ئازغانلىقلىرى ھەم باشقىلارنى ئازدۇرغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئەگەشكۈچىلىرىگىمۇ ھەم كاپىر بولغانلىقلىرى ھەمدە

باشلىقلىرىغا ئەگەشكەنلىكلىرى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئازاب تېگىشلىك بولدى. لېكىن سىلەر ئاشۇ ئازابنىڭ دەھشىتىنى بىلمەيسىلەر، ھالبۇكى سىلەر ئى ئەگەشكۈچىلەر، شۇنداق تۇرۇغلۇقمۇ يەنە باشلىقلىرىڭلارغا ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر» دەيدۇ.[1] 39. «ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە: <سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق (گۇمراھلىقتا ۋە ئازابقا تېگىشلىك بولۇشتا بىر - بىرىمىزگە ئوخشاشمىز)، قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار> دەيدۇ.» يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى باشلىقلىرى ئەگەشكۈچىلىرىگە: «ئازابنىڭ يېنىكلىتىلىشى بارىسىدا سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق. چۈنكى بىز گۇمراھلىقتا ۋە ئازابقا تېگىشلىك بولۇشتا بىر - بىرىمىزگە ئوخشاشمىز. سىلەرمۇ قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنىڭ تەمىنى تېتىڭلار» دەيدۇ. باشلىقلىرى بۇنى ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۇلاردىن ئەنتىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ئېيتىدۇ. چۈنكى ئۇلار، باشلىقلىرىغا ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىشقاندۇر. 40. «شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ)، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈچە ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ

[1] بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، «ئازابنىڭ تەمىنى تېتىڭلار» دېگەن جۈملە ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولۇپ، ئەيىبلەش تەرىقىسىدە ھەر ئىككى تەبىقىگە ئېيتىلىدۇ. تەبەرىنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق. لېكىن بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، بۇ جۈملە باشلىقلىرى تەرىپىدىن ئەگەشكۈچىلىرىگە ئېيتىلغاندۇر.

(ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)، گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز.» يەنى شۈبھىسىزكى، شۇنداق روشەن بولۇشىغا قارىماي بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان، ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغان ۋە ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىشتىن ئۆزىنى تارتقانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ۋە دۇئالىرى قوبۇل بولمايدۇ. دەرۋەقە، مۇنۇ ئايەتتىمۇ مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا پەقەت ياخشى سۆزلا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ.» (فاتىر سۈرىسى -10 ئايەت.) بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ نە ياخشى ئەمەللىرى، نە دۇئالىرى ئاسمانلارنىڭ دەرۋازىلىرىدىن يۇقىرى ئۆرلىيەلمەيدۇ. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئۇلار ئۆلگەنلىرىدە ئاسمانلارنىڭ دەرۋازىلىرى ئۇلارغا ئېچىلمايدۇ. مۇنۇ ھەدىستىمۇ بۇ نۇقتا تەكىتلەنمەكتە: كاپىر بەندە بۇ دۇنيادىن كېتىدىغان چاغدا، جان ئالغۇچى پەرىشتە كېلىپ ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى نىجىس روھ، ئاللاھ تائالانىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىگە دۇچار بولۇش ئۈچۈن چىققىن.» ئاندىن روھ خۇددى ئەڭ نىجىس تاپتەك سېسىق پۇراپ بۇ دۇنيادىن چىقىدۇ. پەرىشتىلەردىن تەركىب تاپقان ھەر بىر پىرقىگە ئۇچرىغان چاغدا پەرىشتىلەر: «بۇ نېمىدېگەن نىجىس روھ؟» دېيىشىدۇ. نىھايەت، جان ئېلىشقا مۇئەككەل پەرىشتە ئۇنى دۇنيا ئاسمىنىغا ئېلىپ چىقىپ دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بىراق دەرۋازا ئېچىلمايدۇ... (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.) ئۇلار قىيامەت كۈنى تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكەنگە قەدەر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ناھايىتى يوغان بىر تۆگىنىڭ

كىچىككىنە بىر يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتۈشى مۇمكىن بولمىغىنىدەك، كاپىرلارنىڭمۇ جەننەتكە كىرىشلىرىنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىگە بىر مىسال بولۇپ، بۇنىڭدا «مۇبالىغىلىق ئوخشىتىش ئۇسۇلى» قوللىنىلغاندۇر. ئاسىيلار بىلەن گۇناھكارلارغا ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك جازا بېرىمىز. 41. «دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ، زالىملارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز.» يەنى، دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ. زالىملارغا ۋە ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن چېگرالىرىغا تاجاۋۇز قىلغان بارلىق گۇناھكارلارغا مانا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز. ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى ۋە ئاخىرەتتە ئۇلار ئۈچۈن تەييارلىغان ئازاب - ئوقۇبەتنى زىكىر قىلغاندىن كېيىن، مۆمىنلەرگە قىلغان ۋەدىسى ۋە ئاخىرەتتە ئۇلار ئۈچۈن تەييارلىغان مۇكاپات ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: 42. «ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى پەقەت كۈچى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىمىز. ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە ھەمىشە قالىدۇ.» يەنى، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى پەقەت كۈچى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىمىز، ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىمەيمىز. ئەنە شۇ بەختىيار مۆمىنلەر ئەھلى جەننەت بولۇپ، نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە ھەمىشە قالغۇچىلاردۇر. ئۇلار جەننەتلەردىن مەڭگۈ چىقمايدۇ. بۇ

جۈملە «ئىمان ئېيتقانلار» جۈملىسىنىڭ خەۋىرى بولۇپ، ئوتتۇرىدا كەلگەن جۈملە بولسا قىستۇرما جۈملىدۇر. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇ جۈملە، ئۇلارنىڭ مەزكۇر ئەمەللەرنى قىلىشقا كۈچى يېتىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تاقىتىدىن تاشقىرى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەننەتتىكى نەرسىلەر ناھايىتى كاتتا ۋە قىممەتلىك بولۇشىغا قارىماي، ئۇ يەرگە مۇشەققەتسىز ۋە قولاي بىر ئەمەل بىلەن كىرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش ئارقىلىق، كاپىرلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ. 43. «ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئۆچمەنلىكلىرىنى ئېلىپ تاشلىدۇق (جەننەتكە كىرگەنلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئاغرىق - ئاداۋەت بولمايدۇ). ئۇلارنىڭ (سارايلىرى) ئاستىدىن (جەننەتنىڭ) ئۆستەڭلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار: <جىمى ھەمدۇسانا بىزنى بۇ (نېمەتلەرنى ھاسىل قىلىشقا) يېتەكلىگەن ئاللاھ تائالاغا بولسۇنكى، ئاللاھ بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلدى> دەيدۇ، ئۇلارغا: <قىلغان ئەمەلىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بېرىلگەن جەننەت مانا مۇشۇ> دەپ نىدا قىلىنىدۇ (پەرىشتىلەر شۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ).» يەنى، جەننەتكە كىرگەنلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئاغرىق - ئاداۋەت بولماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىكلەردىن پاك قىلدۇق. دەرۋەقە، بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇلار كۆڭۈللىرى بىر - بىرىگە قارشى ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەتلەردىن خالىي ھالدا جەننەتكە كىرىدۇ. يەنى جەننەتكە كىرگەنلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئاغرىق - ئاداۋەت بولمايدۇ.» (ئەبۇ ھاتەم رىۋايەت قىلغان.)

«نەزەئىنا» ئىبارىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدە قوللىنىلىشى، جەننەت ئەھلىنىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىكلەردىن پاكلىنىشىنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر. ئۇلارغا بېرىلگەن نېمەتلەرنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سارايلىرى ئاستىدىن جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى بۇ نېمەتلەرنى ھاسىل قىلىشقا يېتەكلىگەن ئاللاھ تائالاغا بولسۇنكى، ئاللاھ بىزنى يېتەكلىمىگەن ۋە ھىدايەت ئاتا قىلمىغان بولسا، توغرا يول تاپالمىغان بولاتتۇق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلىرىدە ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىپتىكەن» دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە سىلەرگە بېرىلگەن جەننەت مانا مۇشۇ» دەپ نىدا قىلىشىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: سىلەر جەننەتتىكى بۇ يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ياخشى ئەمەللىرىڭلار ئارقىلىق ۋارىس بولدۇڭلار. بىراق، سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە لۇتپى بىلەن بولىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھېچقايسىڭلار قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلار ئارقىلىق جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر.» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.) 44. «ئەھلى دوزاخقا: <بىز پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟> دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار: <ھەئە> دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر جاكارچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇنداق دەپ) جاكارلايدۇ: <زالىملارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن>.» بۇ نىدا، جەننەت

ئەھلى جەننەتكە، جەھەننەم ئەھلى دوزاخقا يەرلەشكەندىن كېيىن بولىدۇ. چوقۇم شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، كەلگۈسىدە بولىدىغان بىر ئىشنى ئاللاھ تائالا ئۆتكەن زامان پېئىلى ئارقىلىق خەۋەر قىلغان. يەنى، جەننەت ئەھلى جەھەننەم ئەھلىگە مۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ: «بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق، بىزگە ۋەدە قىلغان نېمەتلىرى ۋە ئىكراملىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە ۋەدە قىلغان رەسۋاچىلىق، خورلۇق ۋە ئازاب - ئوقۇبەت قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟» جەننەت ئەھلى: «شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق» دەيدۇ. بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: جەننەت ئەھلى بۇنى جەھەننەم ئەھلىگە، ئۆزلىرىنىڭ جەننەتكە كىرىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەنە شۇنداق نېمەتلىرىگە مۇيەسسەر بولغانلىقلىرىدىن تولىمۇ خۇشال ئىكەنلىكلىرىنى ئىپادىلەش ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق نېمەتلەرگە ئېرىشكەنلىكلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق جەھەننەم ئەھلىنىڭ غەم - غۇسسىلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىش مەقسىتىدە ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر جاكارچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ: «بارلىق زالىملارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن.» بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئەنە شۇ زالىملارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 45. «زالىملار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ داغدام يولىدىن توسىدۇ، ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ ھەمدە ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ.» يەنى، ئۇلار ھاياتى دۇنيادا كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئەگىشىشتىن توسقان ۋە

ئاللاھنىڭ داغدام يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەپ ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشىنى خالىمىغان ھەمدە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولۇشىنى يالغانغا چىقىرىپ ئىنكار قىلغان كىشىلەردۇر. 46. «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر توسما بولىدۇ. توسمىنىڭ ئۈستىدە (ئەئرافتا) ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دوزاخنى ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر (ئەھلى ئەئراف) بولىدۇ، ئۇلار ئەھلى جەننەتكە: <سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز> دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرمىگەن، (ئەمما) كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر.» يەنى، بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئارىسىدا بىر توسما بار بولۇپ، بۇ توسما مۇنۇ ئايەتتە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما (سېپىل) سوقۇلىدۇ.» بۇ توسما جەھەننەم ئەھلىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە توسالغۇ بولىدۇ. توسمىنىڭ ئۈستىدە (ئەئرافتا) ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دوزاخنى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا قويۇپ قويغان ئالامەتلىرىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر (ئەھلى ئەئراف) بولىدۇ. بۇ ھەقتە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئەھلى ئەئراف جەھەننەم ئەھلىنى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ قارىلىقىدىن، جەننەت ئەھلىنى بولسا يۈزلىرىنىڭ ئاقلىقىدىن تونۇيدۇ. ئەھلى ئەئراف جەننەت ئەھلىنى كۆرگەنلىرىدە، ئۇلارغا: «ئەسسالام ئەلەيكۇم (سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز)» دەپ توۋلايدۇ. ئەھلى ئەئراف جەننەتكە كىرمىگەن، ئەمما كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر. 47. «ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەھلى دوزاخ تەرەپكە بۇرۇلغاندا: <ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن> دەيدۇ.» يەنى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەھلى دوزاخ تەرەپكە بۇرۇلغاندا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋملەر بىلەن بىللە قىلمىغىن»

دېيىشىدۇ. بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئەھلى ئەئراف ساۋابلىرى بىلەن گۇناھلىرى تەڭ كېلىپ قالغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار نە جەننەت ئەھلى، نە جەھەننەم ئەھلى ئەمەستۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزلىرى توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر ئۇلار شۇ يەردىكى توسمىلارنىڭ ئۈستىدە تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. ئۇلار جەننەت ئەھلىگە قارىغانلىرىدا، «ئەسسالام ئەلەيكۇم (سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز)» دەپ توۋلايدۇ. جەھەننەم ئەھلىگە قارىغانلىرىدا بولسا، «بىزنى زالىم قەۋملەر بىلەن بىللە قىلمىغىن» دەپ دۇئا قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئۇلار بىلەن بىللە قىلماسلىقنى ئاللاھ تائالادىن تىلەيدۇ. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «بۇرۇۋېتىلدى» ئىبارىسى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ جەننەت ئەھلىگە قارايدىغانلىقلىرىنى، جەھەننەم ئەھلىگە قاراشنى بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارزۇسى بىلەن بولماي، بەلكى مەجبۇرىي ھالدا قارىتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: «ئۇلار جەھەننەم ئەھلىگە مەجبۇرىي قارىتىلغان ۋە ئۇلارنىڭ قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى كۆرگەنلىرىدە، ئۆزلىرىنىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە قىلماسلىقى ئۈچۈن پەرۋەردىگارىغا يېلىنىپ دۇئا قىلىدۇ.» 48. «ئەئرافتىكىلەر (ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرى تەڭ بولۇپ قالغان، جەننەتتىمۇ ئەمەس، دوزاختىمۇ ئەمەس كىشىلەر) سىماسىدىن تونۇيدىغان (دوزىخىي) ئادەملەرگە: <توپلىغان پۇل - ماللىرىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقۇڭلار سىلەرگە نېمىگە ئەسقاتتى؟> دەپ توۋلايدۇ.» يەنى، ياخشى ئىشلىرى بىلەن يامان قىلىقلىرى تەڭ بولۇپ قالغان، جەننەتكىمۇ كىرمىگەن، دوزاخقىمۇ

ھەيدەلمىگەن ئەئرافتىكىلەر سىماسىدىن تونۇيدىغان دوزىخى ئادەملەرگە: «تاپقان پۇل - مال‌لىرىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقۇڭلارنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولدىمۇ؟» دەپ توۋلايدۇ. بۇ سوئال ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. 49. «سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟ (مانا بۇلارغا) جەننەتكە كىرىڭلار، سىلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر (دېيىلىدۇ).» يەنى، (ئەئرافتىكىلەر دوزىخىيلارغا مۆمىنلەرنىڭ پېقىرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) سىلەر پانىي دۇنيادىكى چېغىڭلاردا كەمسىتكەن ۋە ئاللاھ ئۇلارنى ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ؟ دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇ ئاجىز مۆمىنلەرمۇ؟ بۇ سوئال ئەيىبلەش ۋە دۈشمەنىنىڭ ئەھۋالىغا سۆيۈنۈشنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئەھلى ئەئراف جەھەننەم ئەھلىنى مانا مۇشۇ شەكىلدە ئەيىبلەيدۇ. ئەئراف ئەھلى مۆمىنلەرگە، «كاپىرلارنىڭ خالاش - خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر جەننەتكە كىرىڭلار» دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: بۇ، ئەئراف ئەھلىنىڭ سۆزلىرىدىندۇر. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان جەننەت ئەھلىگە مۇنداق دېيىلىدۇ: سىلەر دادىل قەدەم تاشلاپ خاتىرجەم ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار، سىلەرگە جەننەتتە كەلگۈسىدىن غەم قىلىش، كەتكەنگە قايغۇرۇش يوقتۇر. سىلەر جەننەتتە خاتىرجەم ۋە مەڭگۈ ياشاڭلار. 50. «دوزاخ ئەھلى جەننەت ئەھلىگە: <سۇدىن ياكى ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن ئېچىدىغان نەرسىلەردىن بىزگە بىر ئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار!> دەپ توۋلايدۇ، ئەھلى جەننەت ئۇلارغا (جاۋابەن): <ئاللاھ ئۇلارنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان> دەيدۇ.» ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ھەر ئىككى گۇرۇپپا

ئورۇنلىشىپ بولغان ۋە ئەتراپ تىنچلانغاندىن كېيىن جەننەت ئەھلى بىلەن جەھەننەم ئەھلى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان دىئالوگنى ۋە قاتتىق ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن ئىبارەت چوڭ بالا نازىل بولغان چاغدا، جەھەننەم ئەھلىنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. يەنى قىيامەت كۈنى ئەھلى دوزاخ ئەھلى جەننەتكە: «بىزگە سۇدىن ياكى ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ئىچىدىغان نەرسىلەردىن بىر ئاز قۇيۇپ بەرگەن بەرسەڭلار! ئۇنىڭ بىلەن ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقىمىزنى ئازراق بولسىمۇ قاندۇرۇۋالساق. چۈنكى بىز ئۇسسۇزلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قالدۇق» دەپ توۋلايدۇ. ئەھلى جەننەت ئۇلارغا جاۋابەن: «ئاللاھ جەننەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان» دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: كىشى، قېرىندىشى ۋە دادىسىغا خىتاب قىلىپ: «كۆيۈپ كېتىۋاتىمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۈستۈمگە بىرئاز سۇ تۆكۈپ قويۇڭ» دەيدۇ. جەننەت ئەھلىگە «ئۇلارغا جاۋاب بېرىڭلار» دېيىلىدۇ. جەننەت ئەھلىمۇ: «ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان» دەيدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 51. «كاپىرلار دىنلىرىنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىۋالدى، ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىدى، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە مۇلاقات بولۇشىنى ئۇنتۇغانلىقلىرى ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش، بىز بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز.» يەنى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلغان ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان كىشىلەردۇر. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە

بولغان ئارىلىقتا غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كېتىدىغان دۇنيا تىرىكچىلىكى ۋە دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرى ئۇلارنى ئالدىدى. دېمەك، پانىي دۇنيانىڭ دۇنيا خەلقىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى مانا مۇشۇنداق بولۇپ، هامان ئادەم ئالدايدۇ ۋە زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە مۇلاقات بولۇشىنى ئۇنتۇغانلىقلىرى ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش، بىزمۇ بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز. يەنى ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە مۇلاقات بولۇشىنى ئۇنتۇپ تائەت - ئىبادەت قىلىشنى تەرك قىلغانلىقلىرى، ئەمەل قىلىش خىياللىرىغىمۇ كىرىپ - چىقمىغانلىقلىرى ۋە بۇنىڭغا ئەهمىيەت بەرمىگەنلىكلىرىگە ئوخشاش، بىزمۇ بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇپ دوزاختا قالدۇرىمىز. بۇ ھەقتە ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئىبارىلەر مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈرۈلگەندۇر. يەنى، ئۇلارنىڭ ئۇنتۇپ قالماسلىقتا تېگىشلىك ناهايىتى چوڭ بىر كۈنگە مۇلاقات بولۇشىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقلىرىغا ئوخشاش، بىزمۇ بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇپ دوزاختا قالدۇرىمىز. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ئۇلارغا گويا ئۇنتۇپ قالغان كىشىلەردەكلا مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ھېچقانداق بىر ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس ھەمدە ئاللاھ تائالا ھېچقانداق بىر ئىشنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ يالغانغا چىقارغان ۋە مەسخىرە قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش، بىزمۇ بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇپ دوزاخ ئازابىدا قالدۇرىمىز.

**ئىلاۋە:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، هارۇن رەشىدنىڭ خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ناهايىتى ئۇستا بىر دوختۇرى بار

ئىكەن. بىر كۈنى بۇ دوختۇر بىر ئالىمغا مۇنداق دەپتۇ: سىزنىڭ كىتابىڭىزدا تېبابەت ئىلمىغا ئائىت ھېچقانداق نەرسە يوق. ھالبۇكى، ئىلىم «ئاناتومىيە» ۋە «دىنشۇناسلىق»تىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قارىتا ھېلىقى ئالىم مۇنداق دەپتۇ: ئاللاھ تائالا تېبابەتچىلىككە ئائىت بارلىق ئىلىمنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ بىر ئايىتىنىڭ يېرىمىغا مۇجەسسەم قىلغاندۇر. دوختۇر ئالىمدىن: «ئۇ قايسى ئايەت؟» دەپ سوراپتۇ. ئالىم: «يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار» (ئەئراف سۈرىسى، 31 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دوختۇر ئالىمغا: «سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارنىڭ تېبابەتچىلىك توغرىسىدا ھېچقانداق رىۋايىتى يوق» دەپتۇ. ئالىم: «دەل ئەكسىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ ھەممىسىنى بىرقانچە ئىبارىگە ئىخچاملىغاندۇر» دەپتۇ. دوختۇر ئالىمدىن: «بۇ ئىبارىلەر قايسى؟» دەپ سوراپتۇ. ئالىم: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى: <ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى قورسىقىدىنمۇ يامانراق بىرەر قاچىنى تولدۇرۇپ باققان ئەمەس. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ جان ساقلاشلىرى ئۈچۈن پەقەت بىرقانچە لوقما كۇپايە قىلىدۇ>.» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھېلىقى دوختۇر ئالىمغا يەنە: «نە كىتابىڭلار، نە پەيغەمبىرىڭلار جالىنۇسقا تېبابەتچىلىك توغرۇلۇق ھېچقانداق نەرسە مىراس قالدۇرمىغان» دەپتۇ.

وَلَقَدْ جِئْنَٰهُم بِكِتَٰبٍ فَصَّلْنَٰهُ عَلَىٰ عِلْمٍ هُدًى وَرَحْمَةً
لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٥٢﴾ هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّا تَأْوِيلَهُۥ ۚ يَوْمَ يَأْتِى

تَأۡوِيلَهُۥ يَقُولُ ٱلَّذِينَ نَسُوهُ مِن قَبۡلُ قَدۡ جَآءَتۡ رُسُلُ
رَبِّنَا بِٱلۡحَقِّ فَهَل لَّنَا مِن شُفَعَآءَ فَيَشۡفَعُواْ لَنَآ أَوۡ نُرَدُّ
فَنَعۡمَلَ غَيۡرَ ٱلَّذِي كُنَّا نَعۡمَلُۚ قَدۡ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَضَلَّ
عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ﴿٥٣﴾ إِنَّ رَبَّكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ
يُغۡشِي ٱلَّيۡلَ ٱلنَّهَارَ يَطۡلُبُهُۥ حَثِيثٗا وَٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَ
وَٱلنُّجُومَ مُسَخَّرَٰتِۭ بِأَمۡرِهِۦٓۗ أَلَا لَهُ ٱلۡخَلۡقُ وَٱلۡأَمۡرُۗ تَبَارَكَ
ٱللَّهُ رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٥٤﴾ ٱدۡعُواْ رَبَّكُمۡ تَضَرُّعٗا وَخُفۡيَةًۚ
إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُعۡتَدِينَ ﴿٥٥﴾ وَلَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ بَعۡدَ
إِصۡلَٰحِهَا وَٱدۡعُوهُ خَوۡفٗا وَطَمَعًاۚ إِنَّ رَحۡمَتَ ٱللَّهِ قَرِيبٞ مِّنَ
ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٥٦﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي يُرۡسِلُ ٱلرِّيَٰحَ بُشۡرَۢا بَيۡنَ يَدَيۡ
رَحۡمَتِهِۦۖ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَقَلَّتۡ سَحَابٗا ثِقَالٗا سُقۡنَٰهُ لِبَلَدٖ مَّيِّتٖ
فَأَنزَلۡنَا بِهِ ٱلۡمَآءَ فَأَخۡرَجۡنَا بِهِۦ مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِۚ كَذَٰلِكَ
نُخۡرِجُ ٱلۡمَوۡتَىٰ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ﴿٥٧﴾ وَٱلۡبَلَدُ ٱلطَّيِّبُ
يَخۡرُجُ نَبَاتُهُۥ بِإِذۡنِ رَبِّهِۦۖ وَٱلَّذِي خَبُثَ لَا يَخۡرُجُ إِلَّا
نَكِدٗاۚ كَذَٰلِكَ نُصَرِّفُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَشۡكُرُونَ ﴿٥٨﴾ لَقَدۡ
أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ فَقَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا
لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٍ
عَظِيمٖ ﴿٥٩﴾ قَالَ ٱلۡمَلَأُ مِن قَوۡمِهِۦٓ إِنَّا لَنَرَىٰكَ فِي ضَلَٰلٖ
مُّبِينٖ ﴿٦٠﴾ قَالَ يَٰقَوۡمِ لَيۡسَ بِي ضَلَٰلَةٞ وَلَٰكِنِّي رَسُولٞ مِّن
رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٦١﴾ أُبَلِّغُكُمۡ رِسَٰلَٰتِ رَبِّي وَأَنصَحُ لَكُمۡ

وَأَعۡلَمُ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٦٢﴾ أَوَعَجِبۡتُمۡ أَن جَآءَكُمۡ
ذِكۡرٞ مِّن رَّبِّكُمۡ عَلَىٰ رَجُلٖ مِّنكُمۡ لِيُنذِرَكُمۡ وَلِتَتَّقُواْ
وَلَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴿٦٣﴾ فَكَذَّبُوهُ فَأَنجَيۡنَٰهُ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥ فِي
ٱلۡفُلۡكِ وَأَغۡرَقۡنَا ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَوۡمًا
عَمِينَ ﴿٦٤﴾ ۞ وَإِلَىٰ عَادٍ أَخَاهُمۡ هُودٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ
ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓۚ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٦٥﴾ قَالَ ٱلۡمَلَأُ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦٓ إِنَّا لَنَرَىٰكَ فِي سَفَاهَةٖ وَإِنَّا
لَنَظُنُّكَ مِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٦٦﴾ قَالَ يَٰقَوۡمِ لَيۡسَ بِي سَفَاهَةٞ
وَلَٰكِنِّي رَسُولٞ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٦٧﴾ أُبَلِّغُكُمۡ رِسَٰلَٰتِ
رَبِّي وَأَنَا۠ لَكُمۡ نَاصِحٌ أَمِينٌ ﴿٦٨﴾ أَوَعَجِبۡتُمۡ أَن جَآءَكُمۡ
ذِكۡرٞ مِّن رَّبِّكُمۡ عَلَىٰ رَجُلٖ مِّنكُمۡ لِيُنذِرَكُمۡۚ وَٱذۡكُرُوٓاْ إِذۡ
جَعَلَكُمۡ خُلَفَآءَ مِنۢ بَعۡدِ قَوۡمِ نُوحٖ وَزَادَكُمۡ فِي ٱلۡخَلۡقِ
بَصۜۡطَةٗۖ فَٱذۡكُرُوٓاْ ءَالَآءَ ٱللَّهِ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿٦٩﴾ قَالُوٓاْ
أَجِئۡتَنَا لِنَعۡبُدَ ٱللَّهَ وَحۡدَهُۥ وَنَذَرَ مَا كَانَ يَعۡبُدُ ءَابَآؤُنَا
فَأۡتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٧٠﴾ قَالَ قَدۡ
وَقَعَ عَلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُمۡ رِجۡسٞ وَغَضَبٌۖ أَتُجَٰدِلُونَنِي
فِيٓ أَسۡمَآءٖ سَمَّيۡتُمُوهَآ أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُم مَّا نَزَّلَ ٱللَّهُ بِهَا
مِن سُلۡطَٰنٖۚ فَٱنتَظِرُوٓاْ إِنِّي مَعَكُم مِّنَ ٱلۡمُنتَظِرِينَ ﴿٧١﴾
فَأَنجَيۡنَٰهُ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا وَقَطَعۡنَا دَابِرَ ٱلَّذِينَ
كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَاۖ وَمَا كَانُواْ مُؤۡمِنِينَ ﴿٧٢﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە، بەدبەخت كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋاللىرى ۋە ئۇچرايدىغان چوڭ زىيانلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنىدى. نۆۋەتتىكى ئايەتلەردە بولسا، ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە ھېچكىمنىڭ ئۆزىگە قارشى ھېچقانداق دەلىل كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى، چۈنكى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە كىتابلارنى نازىل قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن، بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى زىكىر قىلىدۇ. بۇ قىسسىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بىلەن باشلىنىدۇ. ئاخىرىدا، ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى زىكىر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلىرىنىڭ دەۋىتىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

**تەپسىرى:** 52. «ئۇلارغا كىتاب (قۇرئان) بەردۇق، ئۇنى (قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى) بىلىش ئاساسىدا بايان ۋە رەھمەت قىلدۇق.» يەنى شۈبھىسىزكى، مەككە خەلقىگە كىتاب (قۇرئان كەرىم) نازىل قىلىپ بەردۇق، ئىلمىمىز ئارقىلىق ئۇنىڭ مەنىلىرىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى شۇنداق بايان قىلدۇقكى، ئەگرىلىكتىن خالىي ناھايىتى توغرا بىر كىتاب ھالىتىدە سىلەرگە يەتكۈزۈلدى. ئۇ ئىمان ئېيتقان ھەرقانداق بىر قەۋم ئۈچۈن رەھمەت ۋە بەخت - سائادەتكە يېتەكلىگۈچىدۇر. 53. «ئۇلار (كاپىرلار) پەقەت (ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنىڭ) نەتىجىسىنىلا كۈتىدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى كەلگەن كۈنى (قىيامەت كۈنى)، ئىلگىرى كىتابقا ئەمەل قىلمىغانلار: <پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەلچىلىرى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن

ئىدى (بىز ئۇلارغا ئىمان ئېيتمىدۇق، بۈگۈن) بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ ياكى گۇناھ قىلىشتىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىمىزغا بولامدىغاندۇ› دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيان سالدى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئىپتىرا قىلغان مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.» يەنى، مەككە خەلقى پەقەت ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ نەتىجىسىنىلا كۈتىدۇ. قەتادە، «‹تەئۋىلۇھۇ› دىن مەقسەت نەتىجىدۇر» دەيدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى، كېلىدىغان كۈن بولغان قىيامەت كۈنى، ئىلگىرى دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئەنە شۇ شانلىق كىتابنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلمىغانلار: ‹پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەلچىلىرى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، بىز ئۇنىڭ توغرىلىقىنى بىلگەن بولساقمۇ، ئەپسۇسكى، بىز ئۇلارغا يەنىلا ئىمان ئېيتمىدۇق ھەمدە ئۇلارغا ئەگەشمىدۇق» دەيدۇ. بۇ ھەقتە تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەن چاغلىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە رىسالەتنى يەتكۈزگەنلىكلىرى، پەند - نەسىھەت قىلغانلىقلىرى ۋە توغرا ئېيتقانلىقلىرى توغرۇلۇق قەسەم قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار بۇ قەسەمنى كۆپ شىكايەت قىلىشنىڭ ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ھېچقانداق پايدىسى بولمايدىغان ھەمدە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمايدىغان بىر ۋاقىتتا قىلىشىدۇ. ئۇلار: «بۈگۈن بىزنى بۇ ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇۋالىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ ياكى گۇناھ قىلىش ۋە قەبىھ قىلمىشلاردىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىمىزغا بولامدىغاندۇ» دەيدۇ. ئاللاھ

تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيان سالدى، چۈنكى ئۇلار ھېچقانچە قىممىتى يوق پانىي دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆردى. ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئىپتىرا قىلغان مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.» بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: 54. «شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، ئاللاھ كېچە بىلەن (كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر - بىرىنى قوغلىشىدۇ (داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ): ئاللاھ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستتىنلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر.» يەنى شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ مەبۇدۇڭلار ۋە سىلەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىۋاتقان ياراتقۇچىڭلار بولغان پەرۋەردىگارىڭلار، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى دۇنيانىڭ كۈنلىرى بويىچە ھېسابلىغاندا ئالتە كۈندە ياراتقان ھەمدە ئىجاد قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە ئاللاھ تائالادۇر. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ياراتقان بولاتتى. بىراق ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئىشلىرىدا ئېغىر - بېسىقلىق ۋە ئالدىراڭغۇ بولماسلىقنى ئۆگىتىپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ

شۇنداق قىلدى. ئاللاھ تائالا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ئالتە كۈندە يارىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقى مەلۇم. بىراق قانداق قارار ئالغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭغا ئىشىنىش پەرز، ئۇنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە سوراش بىدئەتتۇر. ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر، بىر نەرسىگە ئوخشىتىلماستىن ۋە ئىنكار قىلىنماستىن، قانداق كەلگەن بولسا شۇ بويىچە داۋاملىشىدۇ (ئىمان كەلتۈرۈلىدۇ). بۇنىڭ تەپسىلاتى قانداق؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ دەپ سوراشقا ھەتتائى بولمايدۇ. جۈملىدىن، بىز ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنى قانداق قارار ئېلىشنى ئىرادە قىلغان بولسا شۇنداق قارار ئالغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھ تائالا ئەرشنىڭ ئۈستىدە ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە قۇربى يەتمەيدىغان بىر شەكىلدە ۋە ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە قارار ئالغاندۇر. بىز ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قانداقلىقىنى پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىلمىگە تاپشۇرىمىز. قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: بۇرۇنقى ئۆلىمالارنىڭ ھېچقايسىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقىنى ئىنكار قىلمىغان، بىراق قانداق قارار ئالغانلىقىنى بىلەلمىگەن. چۈنكى ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنى ياپىدۇ، كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىنى كەتكۈزىۋېتىدۇ. ئاللاھ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قۇدرىتى ۋە ئىرادىسى بويىچە

ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتقان. شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، پۈتكۈل كائىناتنى پۈتۈنلەي تەسەررۇپ قىلىش راستتىنلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. كائىناتنى يوقتىن بار قىلغان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ دەرىجىسى ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە كاتتىدۇر. 55. «پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، (دۇئا قىلغاندا كەلسە - كەلمەس سۆزلەپ، توۋلاپ) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ.» يەنى، ئاللاھ تائالاغا تۆۋەنچىلىك ۋە كەمتەرلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، دۇئا قىلغاندا كەلسە - كەلمەس سۆزلەپ، توۋلاپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سىلەر نە گاس، نە غايىپقا دۇئا قىلمايسىلەر...» 56. «ئاللاھ (پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار، (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورققان ۋە (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر.» يەنى، ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق يەر يۈزىنى ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىن، سىلەر ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە گۇناھ - مەسىيەت قىلىش ئارقىلىق يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار. ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورققان ۋە رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا ئىبادەت قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بىجانىدىل ئىجرا قىلغان ۋە چەكلىگەن ئىشلىرىدىن چەكلەنگەن ئىتائەتكار بەندىلەرگە يېقىندۇر. 57. «ئاللاھنىڭ رەھمىتى (يامغۇر) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا، ئاللاھ بېشارەتچى قىلىپ شاماللارنى ئەۋەتىدۇ،

شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (قاغجىراپ كەتكەن گىياھسىز) جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىلەرنى چىقىرىمىز، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز.» يەنى، شاماللارنى يامغۇرنىڭ خۇش خەۋەرچىسى سۈپىتىدە ئەۋەتكەن زات ئاللاھ تائالادۇر. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىنىڭ رەھمىتىنىڭ ئالدىدا» ئىبارىسى «ئۆزىنىڭ نېمىتىنىڭ ئالدىدا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى نېمەتلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى ۋە ئىنسانغا نىسبەتەن ئەڭ پايدىلىق بولغىنى يامغۇردۇر. شاماللار يامغۇر بىلەن تولۇپ تاشقان ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، بىز شۇ بۇلۇتلارنى قاغجىراپ كەتكەن گىياھسىز جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىلەرنى چىقىرىمىز. ئەنە شۇنداق ئۆلۈك زېمىندىن تۈرلۈك - تۈمەن گىياھلارنى بىخ ئۇندۇرۇپ چىقارغىنىمىزدەك، قىيامەتتە ئۆلۈكلەرنىمۇ قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقايسىلەر. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئىبارىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇنلىغان جايلىرىدا كەلتۈرۈلگەن. جۈملىدىن ئاللاھ تائالا بۇ ئىبارىلەردە، ئۆلۈكتەك قاغجىراپ كەتكەن گىياھسىز زېمىننى قايتىدىن تىرىلدۈرۈشنى قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا «ئىبرەت ئالغايسىلەر» دېگەن. 58. «مۇنبەت يەرنىڭ گىياھى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ (بۇ ۋەز - نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان مۆمىننىڭ مىسالىدۇر)،

ناچار يەرنىڭ گىياھى ئاز ئۆسىدۇ (بۇ ۋەز - نەسىھەتتىن پايدىلانمايدىغان كاپىرنىڭ مىسالىدۇر)، شۈكۈر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلىمىز.» يەنى، مۇنبەت يەرنىڭ گىياھى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە قولايلىق يارىتىپ بېرىشى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ. بۇ ۋەز - نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان مۆمىننىڭ مىسالىدۇر. تاشلىق ياكى شورلۇق زېمىنغا ئوخشىغان ناچار يەرنىڭ گىياھى ناھايىتى ئاز ۋە تەستە ئۆسىدۇ. بۇنداق يەردە ياخشىلىق بولمايدۇ. بۇ ۋەز - نەسىھەتتىن پايدىلانمايدىغان كاپىرنىڭ مىسالىدۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بۇ، ئاللاھ تائالا مۆمىن ۋە كاپىر ھەققىدە كەلتۈرگەن بىر مىسال بولۇپ، مۆمىن ياخشىدۇر، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىمۇ ياخشىدۇر. ئۇ گويا ياخشى مېۋە بېرىدىغان مۇنبەت يەرگە ئوخشايدۇ. كاپىر نىجىستۇر، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىمۇ نىجىستۇر. ئۇ گويا پايدىلانغىلى بولمايدىغان شورلۇق ۋە قاغجىراپ كەتكەن يەرگە ئوخشايدۇ. بۇ مىسالنى كەلتۈرگىنىمىزدەك، بەرگەن سان - ساناقسىز نېمەتلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن دەلىل ئۈستىگە دەلىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ھەر خىل ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز ۋە ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلىمىز. بۇ يەردە «شۈكۈر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن» دېگەن ئىبارە قوللىنىلغان. چۈنكى قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاپ پايدىلىنالايدىغانلار ئەنە شۇلاردۇر. بۇ ئايەتنى ئالۇسىي مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ ئەنە شۇنداق سان - ساناقسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئالەمشۇمۇل بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان

ئايەتلەرنى مۇشۇنداق شەكىللەردە تەكرار - تەكرار بايان قىلىمىز. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش بولسا، ئاشۇ نېمەتلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئىبرەت نەزىرى بىلەن قاراش ئارقىلىق بولىدۇ. 59. «شەك - شۈبھىسىزكى، نۇھنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: <ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ (قىيامەت كۈننىڭ) ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن> دېدى.» يەنى، شەك - شۈبھىسىزكى، نۇھنى بىز ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. بۇ يەردە «اللام» قىسقارتىلغان قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالام بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشىۋاسىدۇر. چۈنكى ئۇ ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بىر پەيغەمبەردۇر. ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئىدرىس ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندۇر. ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر ئۇنىڭچىلىك ئەزىيەت تارتىپ باقمىغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالانى بىر دەپ بىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرسەڭلار ۋە ئىمان ئېيتمىساڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىيامەت كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېدى. 60. «قەۋمىنىڭ چوڭلىرى: <بىز سېنى ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا كۆرىمىز> دېدى.» يەنى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرى بىلەن كاتتىلىرى: «ئى نۇھ! بىز سېنى ھەقىقەتەن ھەق ۋە توغرا يولدىن ئادىشىپ كەتكەن دەپ قارايمىز ھەمدە

روشەن گۇمراھلىقتا كۆرىمىز» دېدى. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا پەقەت ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئېسىلزادىلىرى بىلەن كاتتىلىرىلا جاۋاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار پۇتۇنلەي دۇنيا بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەنلىكلىرى ۋە باشلىق بولۇش كويىدا يۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئادەتتە پەيغەمبەرلەرگە ئىسيان كۆتۈرۈشەتتى. دېمەك، گۇمراھلارنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق بولۇپ، ياخشىلارنى يامان يولدا دەپ گۇمان قىلىش ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئادىتىدۇر. 61. «نۇھ ئېيتتى: <ئى قەۋمىم! مەن قىلچىمۇ گۇمراھ ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.» يەنى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن قىلچىمۇ گۇمراھ ئەمەسمەن،[1] لېكىن مەن سىلەرنىڭ بارلىق سۆز - ھەرىكەتلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان ھەمدە سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.» 62. «سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن، مەن ئاللاھنىڭ ۋەھيى قىلىشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن.» يەنى، مەن سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ مەن

[1] ئايەت «مەن روشەن گۇمراھلىق ئىچىدە ئەمەسمەن» تەرىقىسىدە كەلمەي، دەل ئەكسىچە، بەدىئىي ئۇسلۇبتا «مەندە گۇمراھلىق دېگەن نەرسە ھەرگىزمۇ مەۋجۇت ئەمەس» تەرىقىسىدە بايان قىلىنغان. بۇ بايان، نۇھ ئەلەيھىسسالامدا ھەرقانداق بىر شەكىلدىكى گۇمراھلىقنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ قىلچە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئەگەر ئايەت ئالدىنقى ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان بولسىدى، ئۇنداقتا گۇمراھلىقنىڭ بولۇش ئېھتىمالى بار بولاتتى.

ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن، مەن سىلەرنىڭ ياخشىلىققا ئېرىشىشىڭلارنى خالايمەن. مەن ئاللاھنىڭ ۋەھيى قىلىشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن، دېدى. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: دېمەك، پەيغەمبەر ئەنە شۇنداق بولىدۇ. جۈملىدىن، ئۇ پاساھەت بابىدا كامالەتكە يەتكەچكە، تەبلىغ قىلسا ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ناتىق، نەسىھەتچى ۋە ئاللاھ تائالانى بىلگۈچى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىكى ھېچقانداق بىرىنىڭ بۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. 63. «سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، (كۇپرىدىن) ساقلىنىشىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئاراڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسى كېلىشىدىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟» يەنى، سىلەرگە ئاراڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسى كېلىشىدىن ئەجەبلەندىڭلارمۇ؟ بۇنىڭدىن ھەرگىز ئەجەبلەنمەڭلار. چۈنكى سىلەرگە رەھمەت، ياخشىلىق ۋە ئېھسان سۈپىتىدە، ئاراڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسىنىڭ كېلىشى ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. سىلەر ئىمان ئېيتمىغان تەقدىردە، سىلەرنى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇشى، پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇشۇڭلار ۋە بۇنىڭ سايىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە نائىل بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرگە ۋەھيى نازىل قىلىدۇ. 64. «ئۇلار نۇھنى ئىنكار قىلدى، نۇھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق، ئايەتلىرىمىزنى

ئىنكار قىلغانلارنى پۈتۈنلەي (سۇغا) غەرق قىلدۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ھەقنى كۆرۈشتىن دىللىرى) كور قەۋم ئىدى.» يەنى، ئۇزۇن مۇددەت بىرگە تۇرغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار يەنىلا نۇھنى ئىنكار قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھ تائالا نۇھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغان مۆمىنلەرنى قۇتقۇزدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئايەتلەرنى ئىنكار قىلغانلارنى پۈتۈنلەي سۇغا غەرق قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ھەقنى كۆرۈشتىن دىللىرى كور قەۋم ئىدى. جۈملىدىن ئۇلار ھەقنى كۆرەلمەيتتى ۋە ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان يولنى تاپالمايتتى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ دىللىرى كور بولغانىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار نە تەۋھىدنى، نە پەيغەمبەرلىكنى، نە ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنەلمەيتتى. 65. «ئاد (قەۋمى)قا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد: <ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. (ئۇنىڭ ئازابىدىن) قورقماسىلەر؟> دېدى.» يەنى، ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتى. ئۇلار يەمەننىڭ ئەھقاف رايونىدا ياشايتتى. پەيغەمبىرى ھۇد ئۇلارغا: «ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنى بىر ئىلاھ دەپ بىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقماسىلەر؟» دېدى. 66. «ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغان چوڭلىرى: <بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى، ئەلۋەتتە، (پەيغەمبەرلىك دەۋايىڭدا) يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز> دېدى.» ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتماي كاپىر پېتى قېلىۋەرگەن ئاكابىر ـ ئەشرەپلىرى

بىلەن چوڭلىرى: «بىز سىنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سىنى، ئەلۋەتتە، پەيغەمبەرلىك دەۋايىڭدا يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز» دېدى. 67. «ھۇد ئېيتتى: ‹ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.» يەنى، ھۇد: ئى قەۋمىم! سىلەر دەۋا قىلغاندەك، مەن ھەرگىزمۇ ئەخمەق ئەمەسمەن، ئەقىل ھوشۇممۇ جايىدا، لېكىن مەن ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن، دېدى. 68. «سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچىلىك نەسىھەتچىمەن.» يەنى، سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە تەبلىغ قىلغان ئىشلار ھەققىدە سىلەرگە نەسىھەت قىلغۇچىمەن. مەن سىلەرگە ھەقىقەتەنمۇ ئىشەنچىلىك نەسىھەتچىمەن. ئېيتقانلىرىمدا ئىشەنچىلىك بىر كىشىمەن، ھەرگىزمۇ يالغان سۆزلىمەيمەن. بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئەخمەق دېگۈچىلەرگە قارىتا بەرگەن جاۋابتا گۈزەل بىر ئەدەب ۋە ئېسىل ئەخلاق ئۈلگىسى بار. جۈملىدىن ئۇلار ئىنسانلارغا ئەخمەقلەرگە قانداق خىتاب قىلىنىشى كېرەكلىكىنى، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى قانداق خۇشپېئىللىق ۋە ئالىيجانابلىق بىلەن كەچۈرۈم قىلىش لازىملىقىنى ئۆگىتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەخمەقلەرگە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن يۇمشاق ئۇسلۇبتا جاۋاب بېرىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئۇسلۇب بىلەن جاۋاب قايتۇرمايدۇ. 69. «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسى سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئىچىڭلاردىكى

بىر كىشى ئارقىلىق كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟> ئۆز ۋاقتىدا نۇھنىڭ قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغانلىقىنى، ۋۇجۇدۇڭلارنى قامەتلىك، بەستلىك قىلغانلىقىنى ياد ئېتىڭلار، سىلەر بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار.» يەنى، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاراڭلاردىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىدىن ئەجەبلەنمەڭلار. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر، ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىڭلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە ئەۋەتىلگەن. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار. چۈنكى نۇھنىڭ قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئورۇنباسار قىلدى. ۋۇجۇدۇڭلارنى قامەتلىك ۋە بەستلىك قىلدى. شۇڭا نىجاتلىققا ۋە بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ سان - ساناقسىز نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار. 70. «ئۇلار: <(ئى ھۇد) ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەبۇدلارنى تاشلاپ، يالغۇز بىر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشىمىزغا دەۋەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزگە ۋەدە قىلغان ئازابنى كەلتۈرگىن> دېدى.» يەنى، ئۇلار: ئى ھۇد! ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەبۇدلارنى تاشلاپ، يالغۇز بىر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشىمىزغا دەۋەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ سەن تېخى بىزنىڭ يېگانە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشىمىز ئۈچۈن، بىزگە ئازاب بىلەن تەھدىت سېلىۋاتامسەن؟ ئەگەر سەن ھەقىقەتەن راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزگە ۋەدە قىلغان ئازابنى كەلتۈرگىن، بولمىسا ساڭا ھەرگىزمۇ

ئىشەنمەيمىز، دېدى. 71. «ھۇد: <سىلەرگە چوقۇم پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئازابى ۋە غەزىپى نازىل بولىدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا - بوۋاڭلار ئىسىم قويۇۋالغان، بۇ ھەقتە (ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشقا) ئاللاھ ھېچقانداق دەلىل نازىل قىلمىغان (بۇتلىرىڭلارنىڭ) ئىسىملىرى ئۈستىدە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ (ئاللاھنىڭ ئازابىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىرلىكتە (سىلەرگە نازىل بولىدىغان ئازابىنى) كۈتىمەن> دېدى.» يەنى، ھۇد: سىلەرگە چوقۇم پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئازابى ۋە غەزىپى نازىل بولىدۇ، سىلەر تېخى ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا - بوۋاڭلار ئىسىم قويۇۋالغان، ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشقا ئاللاھ ھېچقانداق دەلىل نازىل قىلمىغان بۇتلىرىڭلارنىڭ ئىسىملىرى ئۈستىدە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلارغا ئىبادەت قىلىش توغرۇلۇق ئاللاھ تائالا ھېچقانداق بىر دەلىل ياكى ئىسپات نازىل قىلمىغان تۇرسا. سىلەر ھەقىقەتنى چۈشەنمىگىنىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئازابىنى كۈتۈڭلار، مەنمۇ ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىرلىكتە سىلەرگە نازىل بولىدىغان ئازابنى كۈتىمەن، دېدى. بۇ ئايەت تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 72. «بىز ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغۇچىلارنى (مۆمىنلەرنى) رەھمىتىمىز بىلەن قۇتقۇزدۇق، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدۇق، ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان ئىدى»، يەنى بىز ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى رەھمىتىمىز ئارقىلىق قۇتقۇزدۇق ھەمدە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن بىرەر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمىدۇق. چۈنكى ئۇلار ئۇيپۇچۇق ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان

ۋە ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. بۇ ئايەتنى ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئۇلار كۇپرىلىق ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇردى ھەمدە بۇ پەيلىدىن ھەرگىزمۇ يانمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قاتتىق بوران بىلەن تەلتۆكۈس ھالاك قىلدى.

**ئەسكەرتىش:** ئاتاقلىق ئالىم ئالۇسى ئاللاھ تائالانىڭ «پەرۋەردىگارىڭلارنى يېلىنغان ۋە ئۈنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭلاردا ياد ئېتىڭلار.» دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەسەنۇلبەسرى مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۆپ دۇئا قىلىشاتتى - يۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى پەقەتلا سىرتقا ئاڭلانمايتتى. ئۇلارنىڭ دۇئاسى پەقەت پەرۋەردىگارى بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پىچىرلاشلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ «ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى.» (مەريەم سۈرىسى 3 - ئايەت.) دېگەن ئايەتتىكى بايانلارغا تولىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. ئالۇسى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئەنە شۇ مۇسۇلمانلار دۇئانىڭ نۇرغۇنلىغان ئەدەب - ئەركانلىرىنىڭ بارلىقىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: تاھارەتلىك (پاكىز) بولۇش، قىبلىگە قاراش، قەلبنى مەشغۇل قىلىدىغان ئىشلاردىن خالىي بولۇش، دۇئانىڭ بېشىدا ۋە ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئا ۋە سالام يوللاش، قوللارنى ئېگىز كۆتۈرۈش، بارلىق مۆمىنلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىش، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى، رۇزىدار بولسا ئىپتار ۋاقتىنى، جۈمە كۈنىنى ۋە دۇئالار قوبۇل قىلىنىدىغان باشقا

ۋاقىتلارنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق قاتارلىقلار...

وَإِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَٰلِحًاۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُواْ ٱللَّهَ مَا
لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥۖ قَدْ جَآءَتْكُم بَيِّنَةٌ مِّن رَّبِّكُمْۖ
هَٰذِهِۦ نَاقَةُ ٱللَّهِ لَكُمْ ءَايَةًۖ فَذَرُوهَا تَأْكُلْ فِىٓ أَرْضِ ٱللَّهِۖ
وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٍ فَيَأْخُذَكُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٧٣﴾ وَٱذْكُرُوٓاْ
إِذْ جَعَلَكُمْ خُلَفَآءَ مِنۢ بَعْدِ عَادٍ وَبَوَّأَكُمْ فِى ٱلْأَرْضِ
تَتَّخِذُونَ مِن سُهُولِهَا قُصُورًا وَتَنْحِتُونَ ٱلْجِبَالَ بُيُوتًاۖ
فَٱذْكُرُوٓاْ ءَالَآءَ ٱللَّهِ وَلَا تَعْثَوْاْ فِى ٱلْأَرْضِ مُفْسِدِينَ ﴿٧٤﴾ قَالَ
ٱلْمَلَأُ ٱلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُواْ مِن قَوْمِهِۦ لِلَّذِينَ ٱسْتُضْعِفُواْ لِمَنْ
ءَامَنَ مِنْهُمْ أَتَعْلَمُونَ أَنَّ صَٰلِحًا مُّرْسَلٌ مِّن رَّبِّهِۦۚ قَالُوٓاْ
إِنَّا بِمَآ أُرْسِلَ بِهِۦ مُؤْمِنُونَ ﴿٧٥﴾ قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُوٓاْ
إِنَّا بِٱلَّذِىٓ ءَامَنتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿٧٦﴾ فَعَقَرُواْ ٱلنَّاقَةَ
وَعَتَوْاْ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِمْ وَقَالُواْ يَٰصَٰلِحُ ٱئْتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ
إِن كُنتَ مِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٧٧﴾ فَأَخَذَتْهُمُ ٱلرَّجْفَةُ فَأَصْبَحُواْ
فِى دَارِهِمْ جَٰثِمِينَ ﴿٧٨﴾ فَتَوَلَّىٰ عَنْهُمْ وَقَالَ يَٰقَوْمِ لَقَدْ
أَبْلَغْتُكُمْ رِسَالَةَ رَبِّى وَنَصَحْتُ لَكُمْ وَلَٰكِن لَّا تُحِبُّونَ
ٱلنَّٰصِحِينَ ﴿٧٩﴾ وَلُوطًا إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِۦٓ أَتَأْتُونَ ٱلْفَٰحِشَةَ مَا
سَبَقَكُم بِهَا مِنْ أَحَدٍ مِّنَ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٨٠﴾ إِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ
ٱلرِّجَالَ شَهْوَةً مِّن دُونِ ٱلنِّسَآءِۚ بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ مُّسْرِفُونَ ﴿٨١﴾
وَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ أَخْرِجُوهُم مِّن
قَرْيَتِكُمْۖ إِنَّهُمْ أُنَاسٌ يَتَطَهَّرُونَ ﴿٨٢﴾ فَأَنجَيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥٓ إِلَّا

ٱمۡرَأَتَهُۥ كَانَتۡ مِنَ ٱلۡغَٰبِرِينَ ﴿٨٣﴾ وَأَمۡطَرۡنَا عَلَيۡهِم مَّطَرٗاۖ
فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٨٤﴾ وَإِلَىٰ مَدۡيَنَ أَخَاهُمۡ
شُعَيۡبٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥۖ
قَدۡ جَآءَتۡكُم بَيِّنَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡۖ فَأَوۡفُواْ ٱلۡكَيۡلَ وَٱلۡمِيزَانَ
وَلَا تَبۡخَسُواْ ٱلنَّاسَ أَشۡيَآءَهُمۡ وَلَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ بَعۡدَ
إِصۡلَٰحِهَاۚ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٨٥﴾ وَلَا
تَقۡعُدُواْ بِكُلِّ صِرَٰطٖ تُوعِدُونَ وَتَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ
مَنۡ ءَامَنَ بِهِۦ وَتَبۡغُونَهَا عِوَجٗاۚ وَٱذۡكُرُوٓاْ إِذۡ كُنتُمۡ قَلِيلٗا
فَكَثَّرَكُمۡۖ وَٱنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٨٦﴾ وَإِن
كَانَ طَآئِفَةٞ مِّنكُمۡ ءَامَنُواْ بِٱلَّذِيٓ أُرۡسِلۡتُ بِهِۦ وَطَآئِفَةٞ
لَّمۡ يُؤۡمِنُواْ فَٱصۡبِرُواْ حَتَّىٰ يَحۡكُمَ ٱللَّهُ بَيۡنَنَاۚ وَهُوَ خَيۡرُ
ٱلۡحَٰكِمِينَ ﴿٨٧﴾ قَالَ ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ
لَنُخۡرِجَنَّكَ يَٰشُعَيۡبُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَكَ مِن قَرۡيَتِنَآ
أَوۡ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَاۚ قَالَ أَوَلَوۡ كُنَّا كَٰرِهِينَ ﴿٨٨﴾ قَدِ
ٱفۡتَرَيۡنَا عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا إِنۡ عُدۡنَا فِي مِلَّتِكُم بَعۡدَ إِذۡ نَجَّىٰنَا
ٱللَّهُ مِنۡهَاۚ وَمَا يَكُونُ لَنَآ أَن نَّعُودَ فِيهَآ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ
رَبُّنَاۚ وَسِعَ رَبُّنَا كُلَّ شَيۡءٍ عِلۡمًاۚ عَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلۡنَاۚ رَبَّنَا ٱفۡتَحۡ
بَيۡنَنَا وَبَيۡنَ قَوۡمِنَا بِٱلۡحَقِّ وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلۡفَٰتِحِينَ ﴿٨٩﴾ وَقَالَ
ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ لَئِنِ ٱتَّبَعۡتُمۡ شُعَيۡبًا
إِنَّكُمۡ إِذٗا لَّخَٰسِرُونَ ﴿٩٠﴾ فَأَخَذَتۡهُمُ ٱلرَّجۡفَةُ فَأَصۡبَحُواْ فِي
دَارِهِمۡ جَٰثِمِينَ ﴿٩١﴾ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ شُعَيۡبٗا كَأَن لَّمۡ يَغۡنَوۡاْ

فِيهَاۚ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ شُعَيۡبٗا كَانُواْ هُمُ ٱلۡخَٰسِرِينَ ۝٩٢ فَتَوَلَّىٰ
عَنۡهُمۡ وَقَالَ يَٰقَوۡمِ لَقَدۡ أَبۡلَغۡتُكُمۡ رِسَٰلَٰتِ رَبِّي وَنَصَحۡتُ
لَكُمۡۖ فَكَيۡفَ ءَاسَىٰ عَلَىٰ قَوۡمٖ كَٰفِرِينَ ۝٩٣

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا سۈرىنىڭ باش قىسمىدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى، ئۆزىنىڭ بىرلىكى ۋە يېگانە ئىلاھلىقىغا دالالەت قىلىدىغان مۆجىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكى توغرۇلۇق كەسكىن دەلىللەرنى كەلتۈرگەن ۋە بۇنى ھەيران قالارلىق ئۇسلۇبتا بايان قىلغانىدى. نۆۋەتتىكى ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ۋە ئۇلار بىلەن ئۈممەتلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى بايان قىلىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ھۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. ئاخىرىدا، سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرىنى ۋە ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلەرگە جاھىللىق بىلەن قارشى چىققانلارنىڭ ھالاكىتىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

**تەپسىرى:** 73. «سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق). ئۇ: ‹ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن مۆجىزە كەلدى، مانا بۇ، ئاللاھ (بىۋاسىتە) ياراتقان چىشى

تۆگىمۇ سىلەرگە مېنىڭ مۆجىزەمدۇر، ئۇنى ئاللاھنىڭ زېمىنىدا قويۇۋېتىڭلار، ئىختىيارىي ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا، سىلەرنى قاتتىق ئازاب ھالاك قىلىدۇ> دېدى.» سەمۇد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. سالىھ ئۇلارغا: ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالانى بىر دەپ بىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار. چۈنكى سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان روشەن مۆجىزە كەلدى، دېدى. بۇ بۆلۈم بۇرۇنقى مۆجىزىنى ئوچۇقلاپ بەرمەكتە. ـ «مانا بۇ، ئاللاھ (بىۋاسىتە) ياراتقان چىشى تۆگىمۇ مېنىڭ سىلەرگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن مۆجىزەمدۇر.» تۆگىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىغا بېقىنغۇچى سۆز بولۇپ كېلىشى، ئۇنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ۋە چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ بىۋاسىتە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغان. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار سالىھ ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغان ھامان، سالىھ يوغان بىر قورام تاشنىڭ ئىچىدىن تۆگىنى چىقىرىپ ئۇلارغا كۆرسەتتى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېدى: «ئۇنى ئاللاھنىڭ زېمىنىدا قويۇۋېتىڭلار، پەرۋەردىگارى بەرگەن رىزقىنى تېپىپ يېيىش ئۈچۈن ئىختىيارىي ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويماڭلار، چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۆجىزىسىدۇر، بولمىسا، سىلەرنى قاتتىق ئازاب ھالاك قىلىدۇ.» بۇ قاتتىق ئازاب، دەل ئۇلار ھېلىقى تۆگىنىڭ پۇتلىرىنى كەسكەن چاغدا دۇچار بولغان ئازابتۇر.

74. «<ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرنى ئاد قەۋمىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلدى، سىلەرنى (ھىجر) زېمىنىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭ تۈزلەڭلىرىگە ئىمارەتلەر سالدىڭلار، تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەر ياسىدىڭلار. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار> دېدى.» شۇنى ياخشى ئويلىنىپ بېقىشىڭلار كېرەككى، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرنى ئاد قەۋمىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلدى» دېدى. بۇ ھەقتە شىھاب مۇنداق دەيدۇ: ئاد قەۋمى بىلەن سەمۇد قەۋمى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ قويۇش يۈزىسىدىن، بۇ ئايەتتە «ئاد قەۋمىنىڭ ئورۇنباسارلىرى» دېيىلمەستىن، بەلكى «ئاد قەۋمىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى» دېيىلگەن. سالىھ ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھىجر زېمىنىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭ تۈزلەڭلىرىگە ئېگىز - ئېگىز ئىمارەتلەرنى سېلىۋاتىسىلەر، تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى ياساۋاتىسىلەر» دېدى. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكتىن تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەرنى ياسايتتى. چۈنكى ئۇلار ئۆلمەي تۇرۇپ، بىنالار چىرىپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە باشلايتتى. سالىھ ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نۇرغۇنلىغان نېمەتلىرىنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ ئېھسانلىرىغا شۈكۈر قىلىڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېدى. 75. «ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تەكەببۇر چوڭلىرى بوزەك قىلىنغانلارغا ـ ئۇلارنىڭ ئېچىدىكى مۆمىنلەرگە: <سىلەر سالىھنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟> دېۋىدى،

ئۇلار: <بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز> دېدى.» يەنى، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ تەكەببۇر چوڭلىرى سالىھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن ئاجىز مۆمىنلەرگە: سىلەر سالىھنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ھەم سىلەرگە ھەم بىزگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟ دېدى. ئۇلار مەسخىرە قىلىش، ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈش يۈزىسىدىن شۇنداق دېيىشتى. مۆمىنلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئەخلاقىغا ماس ھالدا سىپايىلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەرنىڭ «ئۇ بىر پەيغەمبەردۇر» دېيىشىنىڭ ئورنىغا: «بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشى ناھايىتى ياخشى بىر جاۋابتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان بولۇپ، بۇنى ھەممە بىردەك قوبۇل قىلاتتى. يەنە كېلىپ، بۇ ھەقتە ھېچقانداق شۈبھىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى بىر مۆجىزىنى ئېلىپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى سوراشقا ئېھتىياجمۇ يوق ئىدى. 76. «ھېلىقى تەكەببۇرلار: <سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز> دېدى.» ھېلىقى تەكەببۇرلار: سالىھنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە سىلەر ئىشەنگەن بىلەن بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، دېيىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۆمىنلەرگە قارشى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىش ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىمىز، دېيىشىنىڭ ئورنىغا شۇنداق دېيىشكەندى. 77. «ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى تۇتۇشتىن باش تارتتى ۋە: <ئى سالىھ، راستىنلا

پەيغەمبەرلەردىن بولساڭ، بىزگە ۋەدە قىلغان ئازابنى كەلتۈرۈپ باق› دېدى.» يەنى، ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ مۆجىزىسى بولغان چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى تۇتۇشتىن باش تارتىپ: «ئى سالىھ! ئەگەر سەن راستتىنلا پەيغەمبەرلەردىن بولساڭ، بىزگە ۋەدە قىلغان ئازابنى كەلتۈرۈپ باق» دېدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتى، سالىھ ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىش ۋە كەمسىتىش يۈزىسىدىن ئىدى. 78. «ئۇلارغا قاتتىق ئازاب يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى»، يەنى شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قېلىشتى. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ئاسمانلاردىكى ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق گۈمبۈرلەش ئاۋازلىرىغا تەڭ كەلگۈدەك ناھايىتى قاتتىق بىر ئاۋاز ئاسماندىن ئۇلارغا يۈزلەندى - دە، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى يېرىلىپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدلىرى كۆكۈم - تالقان بولۇپ ھالاك بولۇپ كېتىشتى. 79. «ئۇ (ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن) ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلدى ۋە: ‹ئى قەۋمىم! سىلەرگە ھەققەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نەسىھەت قىلدىم، لېكىن سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمىدىڭلار› دېدى.» يەنى، سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھالاكىتى ۋە باشلىرىغا كەلگەن ئېغىر مۇسىبەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلدى ۋە ئۇلار دۇچار بولغان بۇ مۇسىبەتلەردىن قاتتىق قايغۇرغانلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن: «ئى قەۋمىم! مەن سىلەرگە ھەققەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگەن، سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە

كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىدىم، لېكىن سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئىزچىل تۈردە نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياقتۇرماسلىق، ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈش ۋە ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىش بولدى» دېدى. بۇ ھەقتە زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «لېكىن سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياخشى ياقتۇرمايسىلەر» بۇنىڭ ئىپادىسى، ئۆتكەن زامان ھېكايىسىدۇر. بەزىلەر ھايات ۋاقتىدا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەسىھىتىگە قىلچە پەرۋا قىلماي ئۆزىنى خېيىم - خەتەرگە دۇچار قىلغان ۋە ھازىر ھالاك بولۇپ كەتكەن دوستىغا بەلكىم شۇنداق دېيىشى مۇمكىن: ئى دوستۇم! ساڭا تالاي قېتىم نەسىھەت قىلدىم، ئەپسۇسكى سەن مېنىڭ نەسىھەتلىرىمگە قۇلاق سالمىدىڭ. 80. «لۇتنى (ئەھلى سەدومغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە (ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن) مۇنداق دېگەن ئىدى: <سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟ مۇنداق قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغان ئىدى>.» يەنى، لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئەھلى سەدومغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئۆز ۋاقتىدا، ئۇ قەۋمىگە ئۇلارنى ئەيىبلەش ۋە ئىنكار قىلىش يۈزىسىدىن مۇنداق دېگەن ئىدى: سىلەر ئەرلەر بىلەن زىنا قىلىش، يەنى لىۋاتە قىلىشتەك شۇنداق قەبىھ ئىشنىمۇ قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى، مۇنداق قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغان ئىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى بۇرۇن رەت قىلغان، كېيىن ئۇلارنى «بۇنداق قەبىھ ئىشنى دۇنيادا تۇنجى قېتىم پەقەت سىلەر قىلىۋاتىسىلەر» دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەنىدى. بۇ

قىلمىشىنىڭ قەبىھلىكى خەلق تەرىپىدىن بىلىنىدىغانلىقى ۋە قەبىھلىكى ئەقىللەرگە ئورناپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، «ئەلفاھىشە» ئىبارىسى «ئەل» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئېنىق ئىسىم تەرىقىسىدە كەلتۈرۈلگەن. دەرۋەقە، لىۋاتە زىنادىن پەرقلىق بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا زىنا توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەندە «چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر» (ئىسرا سۈرىسى 32-ئايەت.) ئايىتىدىكى «فاھىشەتەن» ئىبارىسىنى «ئەل» قوشۇمچىسىز ئېنىقسىز ئىسىم كەلتۈرگەن. «مۇنداق قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغان ئىدى» ، دېگەن بۇ مەنىپي جۈملە، جاھان ئەھلى ئىچىدە بۇنداق قەبىھ ئىشنى تۇنجى قېتىم قىلغۇچىلارنىڭ دەل ئۇلار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «مىن ئەھەدىن» دىكى ئالدى قوشۇلغۇچى «مىن»نىڭ ئىلاۋە قىلىپ كەلتۈرۈلۈشى، مۇبالىغە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ بۇنداق قەبىھ ئىشنى ئىنسانلار ئىچىدە ھېچقانداق ئادەمنىڭ قىلمىغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر. ئومۇمىي ئۇقۇمنى بىلدۈرۈشى ئۈچۈن «ئالەملەر» ئىبارىسىنىڭ كۆپلۈك شەكلىدە كەلتۈرۈلۈشمۇ، يەنىلا ئوخشاش مەنىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمر ئىبنى دىنار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن بۇرۇن، جاھان ئەھلىدىن بىر ئەرنىڭ باشقا بىر ئەر بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشىدەك قەبىھ ئىش كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس.» 81. «سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلىپىڭلارنى قاندۇرىسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر.» يەنى بۇ بۆلۈمدە، «قەبىھ ئىش»نىڭ نېمىلىكى ئوچۇقلاپ بېرىلىدۇ. بۇ، ئالدىنقىسىدىن تېخىمۇ قاتتىق ئەيىبلەشتۇر. چۈنكى

جۈملە «ئىننە» ۋە «ئەللام» قوشۇمچىسى بىلەن تەكىتلەنگەن. يەنى «ئى قەۋمىم! شەك - شۈبھىسىزكى، سىلەر ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھالال قىلغان ئاياللار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنى تاشلاپ قويۇپ، شەھۋانىي نەپسىڭلارنى كونترول قىلالماي، جىنسىي تەلپىڭلارنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرۇشتەك تولىمۇ قەبىھ ئىشنى قىلىۋاتىسىلەر.» ئاندىن لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى رەت قىلىشنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق قەبىھ ئىشلارنى قىلىشلىرى ۋە شەھۋانىي نەپسلىرىگە ئەگىشىشلىرىگە سەۋەب بولغان ئامىللارنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ: «سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر» دېدى. ـ بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ ھەددىڭلار ئەمەس، بىراق سىلەر ئىسراپخورلۇق، ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ۋە پۈتكۈل ئىشلاردا ھەددىدىن ئېشىش سىلەرنىڭ كۈندىلىك ئادىتىڭلاردۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ «شەھۋانىي نەپسىڭلارنى كونترول قىلالماي» دەپ تەرىپلىنىشى، ئۇلارنىڭ ھايۋانلارنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئەقىللىق ئىنسانغا جىنسىي ئالاقە قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان بىردىنبىر ئامىلنىڭ شەھۋانىي نەپسنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەرزەنت تەلەپ قىلىش ۋە نەسلىنى داۋام قىلدۇرۇش بولۇشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى ئوچۇقلاپ بېرىدۇ. 82. «لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ بىردىنبىر جاۋابى: <لۇتنى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قوشۇپ شەھرىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار پاك كىشىلەردۇر> دېيىشتىن ئىبارەت بولدى.» لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ بۇ قەبىھ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەن چاغدا، ئۇلار بىر - بىرىگە مۇنداق

دېيىشتى: «لۇتنى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەر بىلەن قوشۇپ دۆلىتىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار بىز ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلپىمىزنى قاندۇرۇۋاتقان ئىشلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدىغان كىشىلەردۇر.» بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس بىلەن مۇجاھىد مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «چۈنكى ئۇلار پاك كىشىلەردۇر.» قەۋمى لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق دېيىشتى ھەمدە ئىنسانلارنى ماختاشتا ئىشلىتىدىغان سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى ئەيىبلەشتى. 83. «لۇتنى ئۇنىڭ خوتۇنىدىن باشقا، تەۋە كىشىلىرى بىلەن بىللە (ئۇنىڭ قەۋمىگە نازىل بولغان ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق، پەقەت خوتۇنىلا (شەھەردە) قېلىپ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولدى.» يەنى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان ئازابتىن ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنى قۇتقۇزدۇق. بىراق ئۇنىڭ خوتۇنى قۇتقۇزۇلمىدى، ئۇ يۇرتلىرىدا قېلىپ ھالاك بولغۇچىلارنىڭ سېپىگە قېتىلدى. بۇ ئايەتنى تەبەرى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «لۇتنى ئۇنىڭ خوتۇنىدىن باشقا، تەۋە كىشىلىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭ قەۋمىگە نازىل بولغان ئازاب ۋە ھالاكەتتىن قۇتقۇزدۇق. چۈنكى خوتۇنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرمىگەچكە، لۇت ئەلەيھىسسالامغا خائىنلىق قىلدى. شۇ ۋەجىدىن ئازاب كەلگەندە، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىكى ھالاك بولغۇچىلار بىلەن بىللە ئۇمۇ ھالاك بولۇپ كەتتى. 84. «ئۇلارغا بىر تۈرلۈك يامغۇر (تاش) ياغدۇردۇق، گۇناھلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن.» يەنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاجايىپ يامغۇر ياغدۇردۇق، بۇ يامغۇر دەل پىشۇرۇلغان ساپال تاشلار ئىدى. دەرۋەقە، باشقا

بىر ئايەتمۇ بۇنى تەكىتلىمەكتە: «بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىز ئۈستى - ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق.» (ھۇد سۈرىسى، 82-ئايەت.) يۇقىرىدىكى ئايەتتە، ئازاب ناھايىتى كۆپلۈكىدىن قاتتىق ياغقان يامغۇرغا ئوخشىتىلغان. چۈنكى ئازاب خۇددى يامغۇرغا ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرۇلغان. ئى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتلىرىگە قۇلاق سالغۇچى كىشى! ئاشۇ گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتىگە نەزەر تاشلىغىنىكى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇپتۇ. نېمىشقا بىراقلا ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇپتۇ؟! ئۇلار ئاقىۋەتتە مۇسىبەت ۋە ھالاكەتتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشىپتىمۇ؟! 85. «مەديەن (خەلقىگە) ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۇ (ئۆز قەۋمىگە) ئېيتتى: <ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەقىقەتەن (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) مۆجىزە كەلدى، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرىلاڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار. (ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ) زېمىننى تۈزىگەندىن كېيىن، زېمىندا (گۇناھلار قىلىپ) بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئەنە شۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر>.» يەنى، مەديەن خەلقىگە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانى بىر دەپ بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «مەديەن» ئىبارىسى ھەم قەبىلە ھەم شەھەرگە بېرىلگەن ئىسىم بولۇپ، مەديەن

ھىجاز يولى بويىغا جايلاشقان «مەئان» رايونىغا يېقىن بىر جايدۇر. بۇ جاينىڭ ئاھالىسى بولسا ئەيكە خەلقىدۇر. بۇ ھەقتە نۆۋىتى كەلگەندە مەلۇمات بېرىمىز. ئۇ ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەقىقەتەن مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزە كەلدى، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرىلاڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بېرىپ ئۇلارغا زۇلۇم قىلماڭلار. ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ زېمىننى ئۈزگەندىن كېيىن، زېمىندا تۈرلۈك گۇناھلار قىلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، ئەگەر مېنىڭ ئېيتقانلىرىمغا ئىشەنسەڭلار، مەن سىلەرگە بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىشىڭلار، يەنى ئاللاھ تائالاغا ئىخلاسمەنلىك بىلەن تائەت - ئىبادەت قىلىشىڭلار، ئىنسانلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشىڭلار ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن قول ئۈزۈشۈڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.» 86. «سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلارنى قورقۇتقان، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان ۋە ئۇ يولنىڭ ئەگرىلىكىنى تىلىگەن ھالدا يوللاردا ئولتۇرماڭلار، ئەسلىدە سىلەر ئاز ئىدىڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى ياد ئېتىڭلار، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قاراڭلار.» يەنى، سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلارنى قورقۇتۇپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ۋە ئۇ يولنىڭ ئەگرىلىكىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھېچقانداق بىر يولدا ئولتۇرماڭلار. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: كاپىرلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارىدىغان بارلىق يوللاردا

ئولتۇرۇۋاتقاندا ئۇلار يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، «شۇئەيب يالغانچى ئادەم، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق قىلغان بولسا، ئۇلارمۇ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق قىلاتتى. سىلەر بۇنداق قىلىش ئارقىلىق توغرا يولنىڭ ئەگرى بولۇشىنى خالايسىلەر. دەرۋەقە، ئۆز ۋاقتىدىكى گۇمراھلارمۇ: «بۇ دىن ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر دىن ئەمەس» دېيىشكەنىدى. چۈنكى بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەبىھ نەپس - خاھىشلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. شۇنى خاتىرىلىشىڭلار كېرەككى، ئەسلىدە سىلەر ھەم ئاز ھەم ئاجىز ئىدىڭلار، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن سانىڭلار كۆپەيدى ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشتىڭلار. شۇڭا سىلەرگە ئەنە شۇنداق مول نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىڭلار. بۇ بۆلۈم كاپىرلارغا تەھدىت سالماقتا. يەنى، قەدىمكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار، ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلاردىن قانداق ئىنتىقام ئالغانلىقىغا قاراپ ئىبرەت ئېلىڭلار. 87. «ئەگەر سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنگەن، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ئىشەنمىگەن بولسا، ئاللاھ بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغۇچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.» يەنى، ئەگەر سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنگەن، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ماڭا ئىشەنمىگەن بولسا، ئۇنداقتا ئاللاھ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. چۈنكى ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. بۇ

ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆز، دىئالوگدا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. چۈنكى، كەسكىن بولغان نەرسە خۇددى شۈبھىلىك نەرسىدەكلا بايان قىلىنغان. بۇ بولسا «تەقسىم ئۇسۇلى» نىڭ نەقەدەر بەدىئىيلىكىنى كۆرسىتىدۇ. جۈملىدىن، بۇ بۆلۈم مۆمىنلەر ئۈچۈن بىر زەپەر ۋەدە قىلسا، كاپىرلار ئۈچۈن جازا ۋە زىيان تەھدىتىنى ئىپادىلەيدۇ. 88. «شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى: <ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك> دېدى. شۇئەيب: <بىز بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى يامان كۆرۈدىغان تۇرساق (بىزنى يەنىلا شۇنىڭغا مەجبۇر قىلامسىلەر؟)> دېدى.» يەنى، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئىماندىن باش تارتقان تەكەببۇر چوڭلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى ۋە ئىمان ئېيتىپ ساڭا ئەگەشكەنلەرنى شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى سەن ئەگەشكۈچىلىرىڭ بىللە بىلەن چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. كاپىرلار ئىككى ئىشتىن بىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن قەسەم قىلىشتى: يا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قوشۇپ شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش، ياكى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە ئاساسەن، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ قايتىدىن كاپىرلىققا قايتىشلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «بىز بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى يامان كۆرۈدىغان تۇرساق، بىزنى يەنىلا شۇنىڭغا مەجبۇر

قىلامسىلەر؟» بۇ يەردىكى سوئال ئەيىبلەش ئۈچۈندۇر. 89. «(شۇئەيب ئېيتتى) <ئاللاھ بىزنى سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتساق، ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالاغا يالغان چاپلىغان بولىمىز. پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ خالىسىلا، بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا قايتمايمىز. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلدۇق (ھەممە ئىشىمىزنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇردۇق). پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىز ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن>.» يەنى، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئاللاھ ئېھسان قىلىش ئارقىلىق بىزنى سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىن قۇتۇلدۇرغان ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، قايتىدىن سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا قايتساق، ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالاغا يالغان چاپلىغان بولىمىز.» بۇ ئايەت، مۆمىنلەرنىڭ تەكرار كاپىرلىققا قايتىدىغان - قايتمايدىغانلىقلىرى توغرۇلۇق كاپىرلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەكتە. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ سىلەرنىڭ مىللىتىڭلارغا ۋە دىنىڭلارغا قايتىشىمىز ھەم بىزگە مۇناسىپ ئەمەس ھەم توغرا ئەمەس. پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ خالىسىلا، بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ھەرگىز قايتمايمىز. بىراق ئاللاھ تائالا بىزنىڭ خار - زەبۇن بولۇشىمىز ۋە ياردەمچىسىز قېلىشىمىزنى خالىسا، ئۇ چاغدا ئاللاھ تائالا نېمىنى ئىرادە قىلسا شۇ بولىدۇ. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىز پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا تەۋەككۇل قىلىمىز (بارلىق ئىشلىرىمىزنى ئاللاھ تائالاغىلا تاپشۇردۇق). ئى شەپقەتلىك پەرۋەردىگارىمىز!

بىز بىلەن ئۇلار ئارىسىدا ھەقسىزلىق ۋە زۇلۇمدىن خالىي ھالدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقارغىن، چۈنكى سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن.» 90. «ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمانسىز چوڭلىرى: ‹ئەگەر سىلەر شۇئەيبكە ئەگەشسەڭلار، شۈبھىسىزكى، چوقۇم زىيان تارتىسىلەر› دېدى.» يەنى، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمانسىز چوڭلىرى: «ئەگەر سىلەر شۇئەيبنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا ئەگەشسەڭلار، ئۇ چاغدا، توغرا يولغا گۇمراھلىق يولىنى ئالماشتۇرغان جىنايىتىڭلار ئۈچۈن چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىسىلەر» دېدى. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتكە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان ئاشۇ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: 91. «ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى.» يەنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى - دە، ئۇلار شۇ زامات ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قېلىشتى. 92. «شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار (ئاللاھنىڭ ھالاك قىلىشى بىلەن) گويا بۇ يەردە تۇرمىغاندەك (ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى. شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى.» يەنى، ئاللاھ تائالا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار گويا بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ شەھەرلەردە باياشات ياشىمىغاندەكلا بولۇپ قالدى. ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆزلىرى زىيان تارتتى. بۇ ئايەت، بۇرۇن ھالاك ۋە يوق بولۇپ كېتىدىغانلىقلىرى ئالدىنئالا ئۆزلىرىگە ئۇقتۇرۇلغان يالغانچى - كاززاپلارنىڭ ھەقىقەتكە قارشى چىقىپ ئاقىۋەتتە زىيان

تارتقۇچىلاردىن بولۇپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. 93. «شۇئەيب ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ: ‹ئى قەۋمىم، مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۇم ۋە نەسىھەت قىلدىم، مەن قانداقمۇ كاپىر قەۋمگە قايغۇراي!› دېدى.» يەنى، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئى قەۋمىم، مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگەن ۋە نەسىھەت قىلغان ئىدىم.» شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاتتىق قايغۇرغانلىقتىن ئەپسۇسلىنىپ شۇنداق دېگەنىدى. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىشمىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇئەيب ئەلەيھىسسالام: «قايغۇرۇشقا تېگىشلىك بولمىغان كاپىر قەۋمگە مەن قانداقمۇ قايغۇراي!» دېدى. تەبەرى بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى يالغانغا چىقارغان بىر قەۋم ئۈچۈن مەن قانداقمۇ قايغۇراي ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشلىرىگە قانداقمۇ ئەپسۇسلىناي!

**ئىلاۋە:** ئاللاھ تائالانىڭ مۆجىزىسى بولغان چىشى تۆگىنىڭ پۇتلىرىنى كەسكەن مەلئۇن قۇدار ئىبنى سالىفتۇر. گەرچە تۆگىنىڭ پۇتلىرىنى قۇدار كەسكەن بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدە «ئۇلار ھېلىقى چىشى تۆگىنى بوغۇزلاشتى» دەپ بارلىق كاپىرلارغا نىسبەت بېرىلىشى، بۇ ئىشنىڭ ئەسلىدە ئۇلارنىڭ رازىلىقى ۋە بۇيرۇقلىرىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىدىندۇر. چۈنكى قەبىھ بىر ئىشقا رازى بولغۇچى، شۇ جىنايەتنى سادىر قىلغۇچىنىڭ گۇناھىغا شېرىك بولغان بولىدۇ.

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا فِي قَرۡيَةٖ مِّن نَّبِيٍّ إِلَّآ أَخَذۡنَآ أَهۡلَهَا بِٱلۡبَأۡسَآءِ
وَٱلضَّرَّآءِ لَعَلَّهُمۡ يَضَّرَّعُونَ ﴿٩٤﴾ ثُمَّ بَدَّلۡنَا مَكَانَ ٱلسَّيِّئَةِ
ٱلۡحَسَنَةَ حَتَّىٰ عَفَواْ وَّقَالُواْ قَدۡ مَسَّ ءَابَآءَنَا ٱلضَّرَّآءُ
وَٱلسَّرَّآءُ فَأَخَذۡنَٰهُم بَغۡتَةٗ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٩٥﴾ وَلَوۡ أَنَّ
أَهۡلَ ٱلۡقُرَىٰٓ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوۡاْ لَفَتَحۡنَا عَلَيۡهِم بَرَكَٰتٖ مِّنَ
ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَٰكِن كَذَّبُواْ فَأَخَذۡنَٰهُم بِمَا كَانُواْ
يَكۡسِبُونَ ﴿٩٦﴾ أَفَأَمِنَ أَهۡلُ ٱلۡقُرَىٰٓ أَن يَأۡتِيَهُم بَأۡسُنَا بَيَٰتٗا
وَهُمۡ نَآئِمُونَ ﴿٩٧﴾ أَوَأَمِنَ أَهۡلُ ٱلۡقُرَىٰٓ أَن يَأۡتِيَهُم بَأۡسُنَا
ضُحٗى وَهُمۡ يَلۡعَبُونَ ﴿٩٨﴾ أَفَأَمِنُواْ مَكۡرَ ٱللَّهِۚ فَلَا يَأۡمَنُ
مَكۡرَ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡقَوۡمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿٩٩﴾ أَوَلَمۡ يَهۡدِ لِلَّذِينَ
يَرِثُونَ ٱلۡأَرۡضَ مِنۢ بَعۡدِ أَهۡلِهَآ أَن لَّوۡ نَشَآءُ أَصَبۡنَٰهُم
بِذُنُوبِهِمۡۚ وَنَطۡبَعُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَهُمۡ لَا يَسۡمَعُونَ ﴿١٠٠﴾ تِلۡكَ
ٱلۡقُرَىٰ نَقُصُّ عَلَيۡكَ مِنۡ أَنۢبَآئِهَاۚ وَلَقَدۡ جَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم
بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَمَا كَانُواْ لِيُؤۡمِنُواْ بِمَا كَذَّبُواْ مِن قَبۡلُۚ كَذَٰلِكَ
يَطۡبَعُ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٠١﴾ وَمَا وَجَدۡنَا لِأَكۡثَرِهِم
مِّنۡ عَهۡدٖۖ وَإِن وَجَدۡنَآ أَكۡثَرَهُمۡ لَفَٰسِقِينَ ﴿١٠٢﴾ ثُمَّ بَعَثۡنَا
مِنۢ بَعۡدِهِم مُّوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَظَلَمُواْ
بِهَاۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿١٠٣﴾ وَقَالَ مُوسَىٰ
يَٰفِرۡعَوۡنُ إِنِّي رَسُولٞ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٠٤﴾ حَقِيقٌ عَلَىٰٓ
أَن لَّآ أَقُولَ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡحَقَّۚ قَدۡ جِئۡتُكُم بِبَيِّنَةٖ مِّن
رَّبِّكُمۡ فَأَرۡسِلۡ مَعِيَ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴿١٠٥﴾ قَالَ إِن كُنتَ

جِئۡتَ بِـَٔايَةٖ فَأۡتِ بِهَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿١٠٦﴾ فَأَلۡقَىٰ
عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ ثُعۡبَانٞ مُّبِينٞ ﴿١٠٧﴾ وَنَزَعَ يَدَهُۥ فَإِذَا هِيَ
بَيۡضَآءُ لِلنَّٰظِرِينَ ﴿١٠٨﴾ قَالَ ٱلۡمَلَأُ مِن قَوۡمِ فِرۡعَوۡنَ إِنَّ
هَٰذَا لَسَٰحِرٌ عَلِيمٞ ﴿١٠٩﴾ يُرِيدُ أَن يُخۡرِجَكُم مِّنۡ أَرۡضِكُمۡۖ
فَمَاذَا تَأۡمُرُونَ ﴿١١٠﴾ قَالُوٓاْ أَرۡجِهۡ وَأَخَاهُ وَأَرۡسِلۡ فِي ٱلۡمَدَآئِنِ
حَٰشِرِينَ ﴿١١١﴾ يَأۡتُوكَ بِكُلِّ سَٰحِرٍ عَلِيمٖ ﴿١١٢﴾ وَجَآءَ ٱلسَّحَرَةُ
فِرۡعَوۡنَ قَالُوٓاْ إِنَّ لَنَا لَأَجۡرًا إِن كُنَّا نَحۡنُ ٱلۡغَٰلِبِينَ ﴿١١٣﴾
قَالَ نَعَمۡ وَإِنَّكُمۡ لَمِنَ ٱلۡمُقَرَّبِينَ ﴿١١٤﴾ قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِمَّآ
أَن تُلۡقِيَ وَإِمَّآ أَن نَّكُونَ نَحۡنُ ٱلۡمُلۡقِينَ ﴿١١٥﴾ قَالَ أَلۡقُواْۖ
فَلَمَّآ أَلۡقَوۡاْ سَحَرُوٓاْ أَعۡيُنَ ٱلنَّاسِ وَٱسۡتَرۡهَبُوهُمۡ وَجَآءُو
بِسِحۡرٍ عَظِيمٖ ﴿١١٦﴾ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنۡ أَلۡقِ عَصَاكَۖ فَإِذَا
هِيَ تَلۡقَفُ مَا يَأۡفِكُونَ ﴿١١٧﴾ فَوَقَعَ ٱلۡحَقُّ وَبَطَلَ مَا كَانُواْ
يَعۡمَلُونَ ﴿١١٨﴾ فَغُلِبُواْ هُنَالِكَ وَٱنقَلَبُواْ صَٰغِرِينَ ﴿١١٩﴾ وَأُلۡقِيَ
ٱلسَّحَرَةُ سَٰجِدِينَ ﴿١٢٠﴾ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٢١﴾ رَبِّ
مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿١٢٢﴾ قَالَ فِرۡعَوۡنُ ءَامَنتُم بِهِۦ قَبۡلَ أَنۡ
ءَاذَنَ لَكُمۡۖ إِنَّ هَٰذَا لَمَكۡرٞ مَّكَرۡتُمُوهُ فِي ٱلۡمَدِينَةِ لِتُخۡرِجُواْ
مِنۡهَآ أَهۡلَهَاۖ فَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ﴿١٢٣﴾ لَأُقَطِّعَنَّ أَيۡدِيَكُمۡ
وَأَرۡجُلَكُم مِّنۡ خِلَٰفٖ ثُمَّ لَأُصَلِّبَنَّكُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿١٢٤﴾ قَالُوٓاْ
إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا مُنقَلِبُونَ ﴿١٢٥﴾ وَمَا تَنقِمُ مِنَّآ إِلَّآ أَنۡ ءَامَنَّا
بِـَٔايَٰتِ رَبِّنَا لَمَّا جَآءَتۡنَاۚ رَبَّنَآ أَفۡرِغۡ عَلَيۡنَا صَبۡرٗا وَتَوَفَّنَا
مُسۡلِمِينَ ﴿١٢٦﴾ وَقَالَ ٱلۡمَلَأُ مِن قَوۡمِ فِرۡعَوۡنَ أَتَذَرُ مُوسَىٰ

وَقَوۡمَهُۥ لِيُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَيَذَرَكَ وَءَالِهَتَكَۚ قَالَ سَنُقَتِّلُ
أَبۡنَآءَهُمۡ وَنَسۡتَحۡيِۦ نِسَآءَهُمۡ وَإِنَّا فَوۡقَهُمۡ قَٰهِرُونَ ﴿١٢٧﴾ قَالَ
مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِ ٱسۡتَعِينُواْ بِٱللَّهِ وَٱصۡبِرُوٓاْۖ إِنَّ ٱلۡأَرۡضَ لِلَّهِ
يُورِثُهَا مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۖ وَٱلۡعَٰقِبَةُ لِلۡمُتَّقِينَ ﴿١٢٨﴾
قَالُوٓاْ أُوذِينَا مِن قَبۡلِ أَن تَأۡتِيَنَا وَمِنۢ بَعۡدِ مَا جِئۡتَنَاۚ
قَالَ عَسَىٰ رَبُّكُمۡ أَن يُهۡلِكَ عَدُوَّكُمۡ وَيَسۡتَخۡلِفَكُمۡ فِي
ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرَ كَيۡفَ تَعۡمَلُونَ ﴿١٢٩﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە نۇھ، ھۇد، سالىھ، لۇت ۋە شۇئەيب قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ۋە ۋەز - نەسىھەتلەردىن پايدىلانمىغان ھامان، قەۋملەرگە كەلگەن ئازاب - ئوقۇبەت ۋە مۇسىبەتلەر ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنىدى. نۆۋەتتىكى ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغانلاردىن ئىنتىقام ئېلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلاھىي قانۇنى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ قانۇن، دەل مۇشكۈلچىلىك، نامراتلىق ۋە كېسەللىك، ئاندىن نېمەت ۋە مولچىلىقنىڭ تەدرىجىي ھالدا كېلىشى، كېيىن بولسا، ئىمان ئېيتمىغان تەقدىردە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالاش تەرىقىسىدە ئىجرا قىلىنماقتا. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازغۇن پىرئەۋن بىلەن بولغان قىسسىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ قىسسىدە نۇرغۇنلىغان ئىبرەتلەر ۋە ۋەز ـ نەسىھەتلەر باردۇر.

**تەپسىرى:** 94. «بىز مەيلى قايسى شەھەرگە بولسۇن، بىرەر

پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساق (شەھەر ئەھلى ئۇنى ئىنكار قىلغان بولسا)، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇشلىرى (تەۋبە قىلىشلىرى) ئۈچۈن، ئۇلارنى نامراتلىققا، كېسەللىككە گىرىپتار قىلدۇق.» يەنى، «بىز مەيلى قايسى شەھەرگە بولسۇن، بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساق.» بۇ جۈملىدە ئىخچاملاش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ـ بىز مەيلى قايسى شەھەرگە بولسۇن، بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساق، شەھەر خەلقى ئۇنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇشلىرى، ھەقىقەتكە باش ئېگىشلىرى ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى نامراتلىققا، كېسەللىككە ۋە تۈرلۈك مۇسىبەتلەرگە گىرىپتار قىلىش ئارقىلىق جازالىدۇق. 95. «ئاندىن (ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن) كۆلپەتنى نېمەتكە ئايلاندۇردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆپەيدى، ئۇلار: <بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بېشىغا ھەقىقەتەن كۆلپەتلەر، نېمەتلەر كەلگەن ئىدى (بۇ ـ زاماننىڭ ئادىتى؛ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئوقۇبەت ئەمەس)> دېدى. ئۇلار خەۋەرسىز تۇرغاندا، ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت ھالاك قىلدۇق.» ـ ئاندىن ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن نامراتلىق ۋە كېسەللىكلەردىن ئىبارەت كۆلپەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارغا بايلىق ۋە تەن سالامەتلىكتىن ئىبارەت نېمەتلەرنى ئاتا قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆپەيدى، ئۇلار بۇ نېمەتلەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن كۆرەڭلەپ كېتىشتى ۋە تۇزكورلۇق قىلىپ: «بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بېشىغىمۇ ھەقىقەتەن كۆلپەتلەر، نېمەتلەر كەلگەن ئىدى، دۇنيانىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق. بۇ، زاماننىڭ ئادىتى؛ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئوقۇبەت ئەمەس، شۇڭا بىز دىنىمىزنى ئۆزگەرتمەي، ئۆز پېتى داۋاملاشتۇرايلى» دېدى. بۇنىڭ مەنىسى

مۇنداق: ئاللاھ تائالا ئۆزىدىن پاناھلىق تىلەشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى تۆرلۈك مۇسىبەتلەر ئارقىلىق سىنىدى، ھالبۇكى ئۇلار ئاللاھ تائالادىن پاناھلىق تىلەشمىدى. شۇڭا، ئۇلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالاشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار خەۋەرسىز تۇرغاندا، ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت ھالاك قىلدۇق.» 96. «(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇپرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان - زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق.» يەنى، ئەگەر پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرگەن، كۇپرىدىن ۋە گۇناھلاردىن ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن مول نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان بولاتتۇق. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە: «ئۇلارنى ئاسماننىڭ يامغۇرى ۋە زېمىننىڭ بەرىكىتى ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان پاراۋانلىقلارغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق». بۇ ئايەتنى سۇددى مۇنداق تەپسىر قىلدۇ: رىزىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاسمان ـ زېمىننىڭ دەرۋازىلىرىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن بولاتتۇق. لېكىن ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى، بىزمۇ ئۇلارنى شۇ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىش ئارقىلىق جازالىدۇق. 97. «(پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە كېچىسى (غەپلەتتە) ئۇخلاۋاتقانلىرىدا كېلىشىدىن قورقمامدۇ؟» سوراق قوشۇمچىسى بولغان «ھەمزە» ئىنكار ئۈچۈندۇر. يەنى پەيغەمبەرلەرنى

ئىنكار قىلغان ئاشۇ كىشىلەر بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە كېچىسى (غەپلەتتە) ئۇخلاۋاتقانلىرىدا ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن قورقامدۇ؟ 98. «شەھەرلەر ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ چۈش ۋاقتىدا ــ ئۇلار ئويناپ تۇرغانلىرىدا كېلىشىدىن قورقامدۇ؟» ــ ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ كۈندۈزى تاماشا قىلىۋاتقان، ئويناپ تۇرغان ۋە بىھۇدە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىرىدا تۇيۇقسىز كېلىشىدىن قورقامدۇ؟ 99. «ئۇلار ئاللاھنىڭ مىكرىدىن (ئۇلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا ئاللاھنىڭ ئازاب نازىل قىلىشىدىن) قورقامدۇ؟ پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا ئاللاھنىڭ مىكرىدىن قورقمايدۇ.» ياكى بولمىسا ئاللاھ نېمەت ئاتا قىلغان ئاشۇ كىشىلەر غەپلەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەنلىرىدە ئاللاھنىڭ ئازاب نازىل قىلىشىدىن قورقامدۇ؟ پەقەت ئەقىل - ئىدراكلىرىنى ۋە ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقاتقان، ھەتتا، ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھ بولۇپ كەتكەن قەۋملا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقمايدۇ. بۇ ھەقتە ھەسەنۇلبەسرى مۇنداق دەيدۇ: مۆمىن كىشى ئاللاھ تائالاغا ئازابىدىن قورققان ۋە ئەيمەنگەن ھالدا ئىتائەت قىلىدۇ. كاپىر بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقمىغان ۋە خاتىرجەم ھالدا گۇناھ قىلىدۇ. 100. «زېمىننىڭ ئىلگىرىكى ئىگىلىرى (ھالاك بولغان)دىن كېيىن (زېمىنغا) ۋارىس بولغۇچىلارنى، خالىساق، گۇناھى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىدىغانلىقىمىز ۋە دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىدىغانلىقىمىز ئۇلارغا (زېمىنغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارغا) ئايان بولمىدىمۇ؟ ئۇلار (ھەق سۆزنى) ئاڭلىمايدۇ.» يەنى، زېمىننىڭ ئىلگىرىكى ئىگىلىرى ھالاك بولغاندىن كېيىن، گۇناھى تۈپەيلىدىن ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلىۋەتكىنىمىزدەك، خالىساق زېمىنغا ۋارىس بولغۇچىلارنىمۇ

ھالاك قىلىدىغانلىقىمىز، دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىدىغانلىقىمىز زېمىنغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارغا ئايان بولمىدىمۇ؟ ئايەتتىكى «زېمىنغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار»دىن مەقسەت، مەككە كاپىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەردۇر. بۇ ئايەتنى ئەبۇ ھەييان مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى كۆردۇڭلار. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنىڭ سىلەرنىڭ بېغىڭلارغىمۇ كېلىشىدىن يەنىلا قورقماماسىلەر؟ ئەگەر بىز خالىساق سىلەرنىمۇ ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاشلا ھالاك قىلىش بىزگە نىسبەتەن ناھايىتى ئاسان. ئەگەر ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئۇلار نە ھەق سۆزنى، نە نەسىھەتنى قوبۇل قىلالمايدىغان ۋە ئاڭلىيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. 101. «ئاشۇ شەھەرلەر (ئاھالىسى)نىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا ھېكايە قىلىپ بېرىمىز، شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا مۆجىزىلەر ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلار ئىلگىرى (ھەقنى) ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئۇ مۆجىزىلەرگە) ئىمان ئېيتمىدى. ئاللاھ كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى ئەنە شۇنداق پېچەتلەيدۇ.» يەنى ئى مۇھەممەد! ئاشۇ شەھەرلەرنىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى ۋە ئاھالىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىش، يەر تەۋرەش ئاپىتى ۋە ئۈستىگە تاش ياغدۇرۇش قاتارلىق ۋەقەلەرنى ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن ساڭا ھېكايە قىلىپ بېرىمىز، ھالبۇكى، مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر بۇنىڭدىن تېخىمۇ ۋەھىمىلىك ۋە تېخىمۇ قورقۇنچلۇقتۇر. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەسكىن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلگەن

ئىدى، مۆجىزە كەلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇنمۇ ۋە كېيىنمۇ يالغانغا چىقارغانلىقلىرى ۋە ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۇ مۆجىزىلەرگە ئىمان ئېيتىشى ناتايىن ئىدى. چۈنكى گۇمراھلىق ۋە تەكەببۇرلۇقتا بۇلار ئىلگىرىكىلەردىن قېلىشىپ قالمايدۇ. بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئۆزلىرىگە پەيغەمبەرلەر كەلگەندىن تارتىپ تاكى ئۆلگەنگە قەدەر، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇردى، ئۆزلىرىگە قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىنغان ۋە ئارقا - ئارقىدىن روشەن مۆجىزىلەر كەلگەن بولۇشىغا قارىماي بۇ پەيلىدىن يېنىشمىدى.» كاپىرلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەنە شۇنداق پېچەتلىۋېتىمىزكى، ئۇلارغا شۇنداق قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشلار بىلەن روشەن مۆجىزىلەرمۇ قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان بولىدۇ. بۇ ئايەت تىڭشىغۇچىلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. 102. «ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ (روزىمىساقتا) بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى بايقىمىدۇق، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ شەكسىز پاسىقلار (ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانىدىن باش تارتقۇچىلار) ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق.» يەنى، ئىنسانلارنىڭ تولىسىنىڭ روزىمىساقتا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى بايقىمىدۇق، دەل ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانىدىن باش تارتقۇچى پاسىقلار ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلاردىن روزىمىساقتا ئالغان ۋەدىسى، ئۇلارنى ياراتقان چاغدا ۋە ئۇلارنىڭ دادىسىنىڭ ئۇمۇرتقىسىدىن چىقىدىغان مەنى ھالىتىدىكى ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىسى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئالغان ۋەدىدۇر. ھالبۇكى

ئۇلار بۇ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئەقلىي ۋە قانۇنىي بىرەر دەلىلى ۋە ئىسپاتى بولماسلىقىغا قارىماي ئاللاھ تائالا بىلەن قوشۇپ باشقا نەرسىلەرگىمۇ ئىبادەت قىلىشتى. 103. «مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن كېيىن، مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن (مىسىرنىڭ مۇسا زامانىدىكى پادىشاھى) پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى، بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن» ، يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەردىن كېيىن، ئىمرانىنىڭ ئوغلى مۇسانى روشەن مۆجىزىلىرىمىز ۋە كۈچلۈك دەلىللىرىمىز بىلەن، مىسىرنىڭ مۇسا زامانىدىكى پادىشاھى پىرئەۋنگە ۋە قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇلار زۇلۇم ۋە سەركەشلىكتە تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرى ئۈچۈن بۇ مۆجىزىلەرنى جاھىللارچە ئىنكار قىلىشتى. ئى تىڭشىغۇچى! كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ، زالىملار ۋە ئۇلار بىللە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا ئىبرەت نەزىرى بىلەن ئوبدان قارىغىن. ئۆز ۋاقتىدا بىزنىڭ ئۇلارنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كۆز ئالدىدا قانداق غەرق قىلغانلىقىمىز توغرۇلۇق ئوبدان ئويلىنىپ باققىن. بۇ ۋەقە، ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ جازالىنىشى مەسىلىسىدە ناھايىتى ئىبرەتلىك، ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرىغا تەسەللى بېرىشتە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە. 104. «مۇسا ئېيتتى: <ئى پىرئەۋن! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرمەن>» ، يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ئى پىرئەۋن! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى

ۋە پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ ساھىبى بولغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ساڭا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.» 105. «ئاللاھ نامىدىن پەقەت ھەقىقەتتىن باشقىنى ئېيتماسلىققا لايىقمەن، راستىنلا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادىنى مەن بىلەن قويۇپ بەرگىن (مەن بىلەن بىللە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنى مۇقەددەس زېمىنغا بارسۇن)»، يەنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم ۋە زىممەمگە يۈكلەنگەن ۋەزىپەم، سىلەرگە ئاللاھ تائالا نامىدىن پەقەت ھەقىقەتنى ۋە توغرا خەۋەر يەتكۈزۈش. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە شەنىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. راستىنلا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادىنى مەن بىلەن قويۇپ بەرگىن، ئۇلار مەن بىلەن بىللە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنى بولغان مۇقەددەس زېمىنغا بارسۇن.[1] بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: پىرئەۋن ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى بۇنداق دەۋا قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش، بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ھەقلىق ئەمەس، دەل ئەكسىچە ھەقسىز

[1] مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئاتا - بوۋىلىرى مۇقەددەس زېمىندا بولۇشقا قارىماي، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ مىسىردا يەرلىشىشلىرىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى مىسىرغا قېرىندىشى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ نەسلى كۆپىيىدۇ. كېيىن پىرئەۋن ئوتتۇرىغا چىقىپلا ئۇلارنى قۇل قىلىپ، ناھايىتى جاپالىق ئىشلارغا سالىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى بۇ قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارنى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنى بولغان مۇقەددەس زېمىنغا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن، سۆزىنى «ئى پىرئەۋن! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ ساھىبى بولغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ساڭا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن»، دەپ باشلىدى. ئارقىدىنلا، «قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم ۋە زىممەمگە يۈكلەنگەن ۋەزىپەم، سىلەرگە ئاللاھ تائالا نامىدىن پەقەت ھەقىقەتنى ۋە توغرا خەۋەرنى يەتكۈزۈش» دېدى. ئاخىرىدا، «راستتىنلا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم» دېيىش ئارقىلىق پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىپ، يەنە مۇنداق دېدى: «ئىسرائىل ئەۋلادىنى مەن بىلەن قويۇپ بەرگىن، ئۇلار مەن بىلەن بىللە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنى بولغان مۇقەددەس زېمىنغا بارسۇن.» 106. «پىرئەۋن (مۇساغا): <ئەگەر سەن پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، (بۇ دەۋايىڭدا) راستچىللاردىن بولساڭ، ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن> دېدى.» ـ پىرئەۋن مۇساغا ئەلەيھىسسالامغا: «ئەگەر سەن دەۋا قىلغىنىڭدەك، ھەقىقەتەنمۇ پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، بۇ دەۋايىڭدا راستچىل ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇنى ئېلىپ كېلىپ ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېڭىش مەقسىتىدە شۇنداق دېگەنىدى. 107. «مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان ئاشكارا بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى.» يەنى، شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى تاشلىۋېدى، ئۇ ناگاھان ناھايىتى چوڭ ئاشكارا بىر ئەجدىھاغا

ئايلاندى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان ئاغزى ھاڭ ئېچىلغان بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى - دە پىرئەۋنگە قاراپ ئېتىلدى. «ئاشكارا» ئىبارىسى ئەجدىھانىڭ خىيالىي ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. 108. «قولىنى (ياقىسىدىن) چىقىرىۋىدى، ئۇ ناگاھان قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى.» يەنى، مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىنى يانچۇقىدىن چىقىرىۋىدى، ئۇ ناگاھان قارىغۇچىلارغا نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى ئاسمانلار بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق شەيئىلەرنى يورۇتالىغۇدەك دەرىجىدە نۇرلۇق ئىدى. 109. «پىرئەۋن قەۋمىنىڭ چوڭلىرى: <بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن.> دېدى.» يەنى بۇنى كۆرۈپ، پىرئەۋن قەۋمىنىڭ چوڭلىرى (ئۇلار پىرئەۋننىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئىدى): «بۇ ھەقىقەتەن كامالەتكە يەتكەن ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن» دېيىشتى. ئۇلار بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سېھىر ئىلمىدە ۋە ھىيلە - مىكىردە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇشقان.

110. «ئۇ سىلەرنى زېمىنىڭلار (مىسىر زېمىنى)دىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى. نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟» يەنى، ئۇ سېھرى ئارقىلىق سىلەرنى مىسىر زېمىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى. مۇسا توغرۇلۇق نېمە قىلىشىمىزغا مەسلىھەت بېرىسىلەر؟ بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟» دېگەن گەپنى پىرئەۋن قىلغان. يەنە

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ پىرئەۋننىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆزىدۇر. گەرچە پىرئەۋن بىر كىشى بولسىمۇ، بىراق ئۇلار «نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟» دېيىشكەن. چۈنكى دىكتاتورلار بىلەن رەئىسلەرگە خىتاب قىلغاندا «بۇ ھەقتىكى قارىشىڭلار قانداق؟» دېيىلىدۇ. 111. «ئۇلار ئېيتتى: <(ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ بىر پىكىرگە كەلگۈچە) تەخىر قىلغىن، شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىغقۇچى كىشىلەرنى ئەۋەتكىن.>» يەنى، ئۇلار ئېيتتى: «ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ بىر پىكىرگە كەلگۈچە تەخىر قىلغىن، سېھىرگەرلەرنى يىغىپ ساڭا ئېلىپ كەلگۈچى كىشىلەرنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتكىن.» 112. «ئۇلار بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا ئېلىپ كەلسۇن.» يەنى ئۇلار خۇددى مۇساغا ئوخشاش ھەرقايسى شەھەرلەردە داڭ چىقارغان بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا ئېلىپ كەلسۇن. ئۇستۇن مىسىرنىڭ ئەڭ يىراق رايونلىرىدا باش سېھىرگەرلەر بار ئىدى. 113. «سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلار: <ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟> دېدى.» يەنى، پىرئەۋن سېھىرگەرلىرىنى يىغىشقا ئادەملىرىنى ئەۋەتتى، سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېيىشتى. بۇ ئايەتتە قىسقارتما ئۇسۇلى قوللىنىلغان، چۈنكى ئايەتنىڭ مەزمۇنى بۇنىڭ شۇنداقلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئايەتنىڭ ئەسلى مۇنداق: پىرئەۋن سېھىرگەرلەرنى يىغىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەتكەنلەر سېھىرگەرلەرنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار: «ئەگەر بىز

غەلىبە قىلساق، ئۇنى يەڭسەك ۋە ئۇنىڭ سېھرىنى پاچاقلاپ تاشلىساق بىزگە چوقۇم چوڭ مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېيىشتى. 114. «پىرئەۋن: <ھەئە، (مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم بولۇپ قالىسىلەر> دېدى.» يەنى، پىرئەۋن: «ھەئە، مۇكاپات بېرىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىلەرنى چوقۇم مەسلىھەتچىلىرىم ۋە مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىمدىن قىلىش ئارقىلىق، ناھايىتى كۆپ مۇكاپات بېرىمەن» دېدى. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «پىرئەۋن ئۇلارغا ئۆزلىرى تەلەپ قىلغاندىنمۇ كۆپرەك مۇكاپات بەردى.» 115. «ئۇلار (سېھرگەرلەر): <ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن، ياكى بىز (ئۆزىمىزنىڭكىنى) ئاۋۋال تاشلامدۇق؟> دېدى»، يەنى سېھرگەرلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇسا! ھاساڭنى سەن ئاۋۋال تاشلامسەن، ياكى بىز ئۆزىمىزنىڭكىنى ئاۋۋال تاشلامدۇق؟ بۇنىڭغا ئۆزۈڭ قارار بەرگىن» دېدى. بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تاللاش ھوقۇقى بېرىشى ناھايىتى ياخشى پوزىتسىيە ئىدى. چۈنكى مۇنازىرىلەشكۈچىلەرنىڭ مۇنازىرىگە چۈشۈشتىن بۇرۇن قارشى تەرەپكە تاللاش ھوقۇقى بەرگىنىدەك، ھەرقانداق بىر كەسپنىڭ ئەھلىلىرىمۇ ئۆزئارا ئۇچراشقانلىرىدا شۇنداق قىلىدۇ، زەمەخشەرىينىڭ قارىشى ئەنە شۇنداق. بىراق بىزنىڭ قارىشىمىز مۇنداق: ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ئۆزلىرىنى ئۈستۈن تۇتۇپ، غالىب كېلىدىغانلىقىنى خام خىيال قىلىپ ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەن ئاساستا قىلغان. ھالبۇكى، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان كىشى: «ئاۋۋال مەن باشلايمۇ، ياكى سەن باشلامسەن؟»

دەيدۇ. 116. «مۇسا: <سىلەر تاشلاڭلار!> دېدى. ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئۇلارنى (كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتتۇۋەتتى، ئۇلار (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرۈنىدىغان) سېھىرنى كۆرسەتتى.» يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر ئاۋۋال تاشلاڭلار!» دېدى. ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلىرىنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئەمەلىيەتتە بولمىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ كىشىلەرنى قاتتىق چۆچۈتتۇۋەتتى. ئاللاھ تائالا باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلىرىنى تاشلىغان ئىدى) ناگاھان ئۇلارنىڭ ئارغامچىلىرى ۋە ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھىرىدىن (سېھىرنىڭ تەسىرىدىن) ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.» (تاھا سۈرىسى 66 - ئايەت.) شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر قاتتىق قورقۇپ كېتىشتى، چۈنكى ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلىرىنى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە ھەرىكەتلىنىپ يۈگۈرۈپ مېڭىۋاتقان ئەجدىھالاردەك كۆرۈنىدىغان قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى كۆرگۈچىلەرنى قاتتىق چۆچۈتۈۋېتىدىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە چوڭ كۆرۈنىدىغان سېھىر ئىدى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: 15 مىڭ سېھىرگەر قاتار سەپ بولۇپ تىزىلدى. ھەر بىر سېھىرگەرنىڭ ھاسا ۋە ئارغامچىلىرى بار ئىدى. پىرئەۋن دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن بىرگە تەختىدە گىدىيىپ ئولتۇراتتى. سېھىرگەرلەر ئالدى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ كۆزلىرىنى، ئاندىن باشقا كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرسى قولىدىكى ھاسىلىرى بىلەن ئارغامچىلىرىنى تاشلىدى، ناگاھان ئۇلار تاغلاردەك ئېگىز ئەجدىھالارغا ئايلاندى ـ دە، ھەش ـ

پەش دېگۈچە بىر ۋادىنى قاپلاپ كەتتى. 117. «مۇساغا: <ھاساڭنى تاشلىغىن> دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى.» يەنى دەل شۇ چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «ھاساڭنى تاشلىغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ بىردىنلا ھەيۋەتلىك بىر ئەجدىھاغا ئايلىنىپ ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى تاشلىغان ھامان ئۇلار تاشلىغان ھاسا ۋە ئارغامچىلارنىڭ ھەممىسىنى بىرنىمۇ قويماي يۇتۇۋەتتى. 118. «ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى بەربات بولدى.» يەنى، ئۇ يەردە ھازىر بولغان ۋە ئۇنى كۆرگۈچىلەر ئۈچۈن ھەقىقەت ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى - دە، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ئويدۇرما سېھىرلىرى بەربات بولدى. 119. «بۇ يەردە ئۇلار (پىرئەۋن بىلەن قەۋمى) مەغلۇپ بولدى، خار بولغان ھالدا (شەھەرگە قايتتى)»، يەنى بۇ چوڭ يىغىلىشتا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى مەغلۇپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خار بولغان ھالدا باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ شەھەرگە قايتىشتى. 120. 121. 122. «سېھىرگەرلەر سەجدىگە باردى» يەنى، شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەرلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشىپ، دەرھال سەجدە قىلغان ھالدا يىقىلدى، چۈنكى ھەقىقەت ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى. بۇ ھەقتە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئەتىگەندە سېھىرگەر ۋە كاپىرلاردىن ئىدى، كەچ تەرەپتە بولسا، ئاللاھ

تائالانىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىگە ئايلاندى. 123. «پىرئەۋن ئېيتتى: <سىلەر مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلار، بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ شەھەر (مىسىر)دىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن (مۇسا بىلەن بىرلىشىپ) ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلاردۇر (سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر.>» يەنى، دىكتاتور پىرئەۋن سېھىرگەرلەرگە: «مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ، سىلەر تېخى مۇساغا ئىمان ئېيتقۇچى بولدۇڭلارمۇ؟» دېدى. پىرئەۋن بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ئەيىبلىمەكچى بولغان. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ مىسىردىكى چېغىڭلاردا مۇسا بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان تۇزىقىڭلاردۇر، بۇنى سىلەر قىبتىلارنى مىسىردىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۇ يەرگە ئىسرائىل ئەۋلادىنى يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭلار.» ئۇ خەلقنىڭ سېھىرگەرلەرگە ئەگىشىپ ئىمان ئېيتىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى چۆچىتىپ قويۇش مەقسىتىدە شۇنداق دېگەنىدى. پىرئەۋن يەنە مۇنداق دېدى: «سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر.» بۇ، قورقۇتۇش مەقسىتىدە قىسقىچە ئېيتىلغان بىر تەھدىتتۇر. ئاندىن پىرئەۋن مەقسىتىنى تېخىمۇ ئوچۇقراق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: 124. «سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى ۋە پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئوڭ - چەپ قىلىپ چوقۇم كېسىمەن، ئاندىن ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن.» يەنى، سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى سول پۇتۇڭلار بىلەن ئوڭ قولۇڭلارنى)

چوقۇم كېسىمەن. بۇ ھەقتە تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتە كەلگەن «مىن خىلاف» ئىبارىسى، ئۇلارنىڭ ئوڭ قولى بىلەن سول پۇتىنى ياكى سول پۇتى بىلەن ئوڭ قولىنى كېسىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى ھەر ئىككى ئەزانى ئوڭ - چەپ قىلىپ كېسىشتۇر. پىرئەۋن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئاندىن سىلەر ۋە سىلەرگە ئوخشايدىغانلارغا ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن، ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن.» 125. «سېھىرگەرلەر ئېيتتى: <بىز، ئەلۋەتتە، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز>»، يەنى سېھىرگەرلەر ئېيتتى: بىز، ئەلۋەتتە، ئۆلگەندىن كېيىن پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز. بىزگە تەھدىت قىلغان نەرسىلىرىڭدىن قىلچىمۇ قورقۇپ قالمايمىز. ئۆلۈمگىمۇ قىلچە پىسەنت قىلمايمىز. بىزگە نىسبەتەن، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ئۆلۈپ كېتىشتىنمۇ شەرەپلىك ئىش يوق. 126. «سەن بىزنى پەقەت پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزگە نازىل قىلغان ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئەيىبلەۋاتىسەن، پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن.» يەنى، سەن بىزنى پەقەت ئاللاھ تائالاغا ۋە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزگە نازىل قىلغان ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئەيىبلەۋاتىسەن ۋە بىزنى يامان كۆرىۋاتىسەن. باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى.» (بۇرۇج سۈرىسى 8 - ئايەت.) بۇ ئايەتنى زەمەخشەرىي مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئۇلار ئەسلىدە پىرئەۋنگە: «سەن بىزنى پەقەت ئەڭ شەرەپلىك

ۋە ئىپتىخارلىق ئىمانىمىز يۈزىسىدىنلا ئەيىبلەۋاتىسەن.»
دېمەكچى ئىدى. ئى پەرۋەردىگارىمىز! پىرئەۋن بىزنى قاتتىق قىيىنىغان چاغدا بىزگە چەكسىز سەۋر ـ تاقەت ئاتا قىلغىن، بىزنى پىتنىگە دۇچار قىلماستىن، مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن. 127. «پىرئەۋن قەۋمىنىڭ چوڭلىرى (پىرئەۋنگە): <مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى زېمىندا پىتنە - پاسات تۇغدۇرۇشقا، سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلاشقا قويۇۋېتەمسەن؟> دېۋىدى، پىرئەۋن: <ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرىمىز، ئاياللىرىنى بولسا (خىزمەتكە سېلىشقا) قالدۇرۇپ قويىمىز، بىز ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىمىز> دېدى.» يەنى، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى پىرئەۋنگە: «مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى سېنىڭ دىنىڭدىن چىقىش ۋە ئىلاھلىرىڭغا ئىبادەت قىلىشنى تاشلاش ئارقىلىق، يەر يۈزىدە پىتنە - پاسات تۇغدۇرۇشلىرى ئۈچۈن قويۇۋېتەمسەن؟» دېدى. بۇ سۆزلەر پىرئەۋننى مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى قىيىن - قىستاققا ئېلىش ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە تەشۋىق قىلماقتا. پىرئەۋن ئادەملىرىگە مۇنداق دېدى: «ئۇلارغا بۇرۇن قانداق قىلغان بولساق، ھازىرمۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرىمىز، ئاياللىرىنى بولسا خىزمەتكە سېلىشقا قالدۇرۇپ قويىمىز، بىز ئەلۋەتتە، كۈچىمىز ۋە سەلتەنىتىمىز ئارقىلىق ئۇلارنى ئېزىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قادىرمىز.» 128. «مۇسا ئۆز قەۋمىگە: <ئاللاھ تائالادىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، (ئاللاھ) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ> دېدى.» يەنى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بۇ گەپلەرنى

ئاڭلاپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى: «سىلەرگە قىلماقچى بولغان زىيانكەشلىك ۋە ئەزىيەتلەر توغرۇلۇق پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە قارشى ئاللاھ تائالادىن مەدەت تىلەڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھ ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ.» مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئىسرائىل ئەۋلادىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى مىسىر زېمىنىغا ۋارىس قىلىدىغانلىقىغا دائىر ئارزۇ - ئارمانلىرىنى جۇش ئۇرغۇزدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ.» 129. «ئۇلار: <سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق> دېيىشتى، مۇسا: <پەرۋاردىگارىڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىشى، (مىسىر) زېمىنىدا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى ۋە سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارىشىمۇ ھەقىقەتتۇر> دېدى.» يەنى ئۇلار: «سەن بىزگە پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق ھەمدە قىيىن - قىستاقلاردىن خالىي بولالمىدۇق» دېيىشتى. يەنى مۇسىبەت ئۇلاردىن ھېچ ئايرىلمىدى، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئازاب - ئوقۇبەت ۋە قىيىن - قىستاقلاردىن زادىلا قۇتۇلالمىغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشماقچى بولۇشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: «پەرۋاردىگارىڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلار پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىشى، ئۇلار ھالاك

بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يۇرتى بولغان مىسىر زېمىنىدا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنى ئۇلارنىڭ زېمىنىغا ۋارىس قىلغاندىن كېيىن سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارىشىمۇ ھەقىقەتتۇر» دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا تائەت - ئىبادەت قىلىشقا تەشۋىق قىلىش ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ پىرئەۋننى سۇدا غەرق قىلدى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى مىسىر زېمىنىغا ھۆكۈمران قىلدى. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىپ، ئارزۇسىنى «ئۈمىد» تەرىقىسىدە بايان قىلدى.

**ئىلاۋە:** پىرئەۋن ھۆججەت ۋە دەلىل كەلتۈرۈشكە كۈچى يەتمىگەندىن كېيىن، مۆمىنلەرنى قىيىن - قىستاق ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەر بىلەن ئۆلتۈرۈش يولىنى تاللىدى. دەرۋەقە، بارلىق گۇمراھ ۋە بىدئەتچىلەرنىڭ تۇتقان يولى ئەنە شۇنداق بولۇپ، دەلىل كەلتۈرەلمىگەن ھامان تەھدىت ئىشلىتىدۇ.

وَلَقَدْ أَخَذْنَآ ءَالَ فِرْعَوْنَ بِٱلسِّنِينَ وَنَقْصٍ مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ
لَعَلَّهُمْ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٣٠﴾ فَإِذَا جَآءَتْهُمُ ٱلْحَسَنَةُ قَالُوا۟ لَنَا
هَٰذِهِۦ ۖ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ يَطَّيَّرُوا۟ بِمُوسَىٰ وَمَن مَّعَهُۥٓ ۗ أَلَآ
إِنَّمَا طَٰٓئِرُهُمْ عِندَ ٱللَّهِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٣١﴾
وَقَالُوا۟ مَهْمَا تَأْتِنَا بِهِۦ مِنْ ءَايَةٍ لِّتَسْحَرَنَا بِهَا فَمَا
نَحْنُ لَكَ بِمُؤْمِنِينَ ﴿١٣٢﴾ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمُ ٱلطُّوفَانَ وَٱلْجَرَادَ

وَٱلْقُمَّلَ وَٱلضَّفَادِعَ وَٱلدَّمَ ءَايَٰتٍ مُّفَصَّلَٰتٍ فَٱسْتَكْبَرُوا۟
وَكَانُوا۟ قَوْمًا مُّجْرِمِينَ ﴿١٣٣﴾ وَلَمَّا وَقَعَ عَلَيْهِمُ ٱلرِّجْزُ قَالُوا۟
يَٰمُوسَى ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ بِمَا عَهِدَ عِندَكَ ۖ لَئِن كَشَفْتَ
عَنَّا ٱلرِّجْزَ لَنُؤْمِنَنَّ لَكَ وَلَنُرْسِلَنَّ مَعَكَ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿١٣٤﴾
فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُمُ ٱلرِّجْزَ إِلَىٰٓ أَجَلٍ هُم بَٰلِغُوهُ إِذَا هُمْ
يَنكُثُونَ ﴿١٣٥﴾ فَٱنتَقَمْنَا مِنْهُمْ فَأَغْرَقْنَٰهُمْ فِى ٱلْيَمِّ بِأَنَّهُمْ
كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا وَكَانُوا۟ عَنْهَا غَٰفِلِينَ ﴿١٣٦﴾ وَأَوْرَثْنَا ٱلْقَوْمَ
ٱلَّذِينَ كَانُوا۟ يُسْتَضْعَفُونَ مَشَٰرِقَ ٱلْأَرْضِ وَمَغَٰرِبَهَا ٱلَّتِى
بَٰرَكْنَا فِيهَا ۖ وَتَمَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ ٱلْحُسْنَىٰ عَلَىٰ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ
بِمَا صَبَرُوا۟ ۖ وَدَمَّرْنَا مَا كَانَ يَصْنَعُ فِرْعَوْنُ وَقَوْمُهُۥ وَمَا
كَانُوا۟ يَعْرِشُونَ ﴿١٣٧﴾ وَجَٰوَزْنَا بِبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ٱلْبَحْرَ فَأَتَوْا۟
عَلَىٰ قَوْمٍ يَعْكُفُونَ عَلَىٰٓ أَصْنَامٍ لَّهُمْ ۚ قَالُوا۟ يَٰمُوسَى ٱجْعَل
لَّنَآ إِلَٰهًا كَمَا لَهُمْ ءَالِهَةٌ ۚ قَالَ إِنَّكُمْ قَوْمٌ تَجْهَلُونَ ﴿١٣٨﴾ إِنَّ
هَٰٓؤُلَآءِ مُتَبَّرٌ مَّا هُمْ فِيهِ وَبَٰطِلٌ مَّا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٣٩﴾
قَالَ أَغَيْرَ ٱللَّهِ أَبْغِيكُمْ إِلَٰهًا وَهُوَ فَضَّلَكُمْ عَلَى
ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٤٠﴾ وَإِذْ أَنجَيْنَٰكُم مِّنْ ءَالِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ
سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ يُقَتِّلُونَ أَبْنَآءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَآءَكُمْ ۚ
وَفِى ذَٰلِكُم بَلَآءٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ ﴿١٤١﴾ ۞ وَوَٰعَدْنَا مُوسَىٰ
ثَلَٰثِينَ لَيْلَةً وَأَتْمَمْنَٰهَا بِعَشْرٍ فَتَمَّ مِيقَٰتُ رَبِّهِۦٓ أَرْبَعِينَ
لَيْلَةً ۚ وَقَالَ مُوسَىٰ لِأَخِيهِ هَٰرُونَ ٱخْلُفْنِى فِى قَوْمِى
وَأَصْلِحْ وَلَا تَتَّبِعْ سَبِيلَ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿١٤٢﴾ وَلَمَّا جَآءَ مُوسَىٰ

لِمِيقَٰتِنَا وَكَلَّمَهُۥ رَبُّهُۥ قَالَ رَبِّ أَرِنِيٓ أَنظُرۡ إِلَيۡكَۚ قَالَ
لَن تَرَىٰنِي وَلَٰكِنِ ٱنظُرۡ إِلَى ٱلۡجَبَلِ فَإِنِ ٱسۡتَقَرَّ مَكَانَهُۥ
فَسَوۡفَ تَرَىٰنِيۚ فَلَمَّا تَجَلَّىٰ رَبُّهُۥ لِلۡجَبَلِ جَعَلَهُۥ دَكّٗا
وَخَرَّ مُوسَىٰ صَعِقٗاۚ فَلَمَّآ أَفَاقَ قَالَ سُبۡحَٰنَكَ تُبۡتُ إِلَيۡكَ
وَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٤٣﴾ قَالَ يَٰمُوسَىٰٓ إِنِّي ٱصۡطَفَيۡتُكَ عَلَى
ٱلنَّاسِ بِرِسَٰلَٰتِي وَبِكَلَٰمِي فَخُذۡ مَآ ءَاتَيۡتُكَ وَكُن مِّنَ
ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿١٤٤﴾ وَكَتَبۡنَا لَهُۥ فِي ٱلۡأَلۡوَاحِ مِن كُلِّ شَيۡءٖ مَّوۡعِظَةٗ
وَتَفۡصِيلٗا لِّكُلِّ شَيۡءٖ فَخُذۡهَا بِقُوَّةٖ وَأۡمُرۡ قَوۡمَكَ يَأۡخُذُواْ
بِأَحۡسَنِهَاۚ سَأُوْرِيكُمۡ دَارَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿١٤٥﴾ سَأَصۡرِفُ عَنۡ
ءَايَٰتِيَ ٱلَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَإِن يَرَوۡاْ
كُلَّ ءَايَةٖ لَّا يُؤۡمِنُواْ بِهَا وَإِن يَرَوۡاْ سَبِيلَ ٱلرُّشۡدِ لَا يَتَّخِذُوهُ
سَبِيلٗا وَإِن يَرَوۡاْ سَبِيلَ ٱلۡغَيِّ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلٗاۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ
كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَكَانُواْ عَنۡهَا غَٰفِلِينَ ﴿١٤٦﴾ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ
بِـَٔايَٰتِنَا وَلِقَآءِ ٱلۡأٓخِرَةِ حَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡۚ هَلۡ يُجۡزَوۡنَ إِلَّا
مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٤٧﴾ وَٱتَّخَذَ قَوۡمُ مُوسَىٰ مِنۢ بَعۡدِهِۦ
مِنۡ حُلِيِّهِمۡ عِجۡلٗا جَسَدٗا لَّهُۥ خُوَارٌۚ أَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّهُۥ لَا
يُكَلِّمُهُمۡ وَلَا يَهۡدِيهِمۡ سَبِيلًاۘ ٱتَّخَذُوهُ وَكَانُواْ ظَٰلِمِينَ ﴿١٤٨﴾
وَلَمَّا سُقِطَ فِيٓ أَيۡدِيهِمۡ وَرَأَوۡاْ أَنَّهُمۡ قَدۡ ضَلُّواْ قَالُواْ لَئِن
لَّمۡ يَرۡحَمۡنَا رَبُّنَا وَيَغۡفِرۡ لَنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿١٤٩﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازغۇن پىرئەۋن بىلەن بولغان قىسسىسى**

ئىبرەت ۋە نەسىھەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ئارقا - ئارقىدىن ئۇلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنىدى. نۆۋەتتىكى ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا پىرئەۋنىنىڭ قەۋمىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەت ۋە مۇسىبەتلەر، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى سىناش يۈزىسىدىن دۇچار قىلغان قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق، نامراتلىق ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقىرىش نەتىجىسىدە باشلىرىغا كەلگەن توپان، چېكەتكە بالاسى ۋە باشقا مۇسىبەتلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. ئاندىن، ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى زىكىر قىلىدۇ. بۇ نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ھالاك قىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ دېڭىزدىن سۇنى يېرىپ ساق - سالامەت ئۆتۈپ كېتىشىدۇر.

**تەپسىرى:** 130. «ئاللاھ تائالاغا قەسەمكى، بىز ھەقىقەتەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بىلەن ۋە مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق.» جۈملىنىڭ باش قىسمىدىكى «اللام» ئىبارىسى، قىسقارتىلغان قەسەمنى تەكىتلەيدۇ. يەنى ئاللاھ تائالاغا قەسەمكى، ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى قەھەتچىلىك ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرى بىلەن، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان ئاپەتلەرنى يەتكۈزۈپ مېۋىلىرىنى يوق قىلىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق. بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىنىغان چاغدا بىر خورما دەرىخىدە پەقەت بىرلا مېۋە بار ئىدى. چۈنكى قاتتىقچىلىق ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا

يۈزلىنىپ تەۋبە قىلىشلىرى، ئاللاھ تائالادىن قورقۇشلىرى ۋە دىللىرىنىڭ يۇمشىشى جەھەتتىن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئاشۇ قاتتىقچىلىق ۋە مۇسىبەتلەرگە قارىماي سەركەشلىك ۋە كۇپرىدا چىڭ تۇرغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: 131. «ئۇلار ئەگەر (پاراۋانلىق - مولچىلىقتەك) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز، دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، ئۇلار: <بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى> دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق (مۇسانىڭ شۇملۇقىدىن ئەمەس) ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى (ئۇلارغا كەلگەن بالا - قازانىڭ ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى) ئۇقمايدۇ.» يەنى، ئۇلار ئەگەر پاراۋانلىق - مولچىلىقتەك بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، «بۇ بىزنىڭ بەخت - سائادىتىمىز ئۈچۈندۇر، بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز» دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا قۇرغاقچىلىق، قاتتىقچىلىق قاتارلىق بىرەر يامانلىق كەلسە، ئۇلار: بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق مۇسانىڭ شۇملۇقىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر.» ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئەمر ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى بويىچە بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى ئۆزلىرىگە كەلگەن بالا - قازانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇملۇقىدىن ئەمەس بەلكى

ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى ئۇقمايدۇ. 132. «ئۇلار (پىرئەۋن قەۋمى): <كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ھەرقانداق مۆجىزە كەلتۈرسەڭمۇ بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز> دېدى.» يەنى، پىرئەۋنىنىڭ قەۋمى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇسا! سەن كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن قانداق بىر مۆجىزە كەلتۈرسەڭ كەلتۈر، بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى. بۇ ھەقتە زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سەن، ئۇلار نېمىدەپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىرىنى ئالدى بىلەن ئايەت (مۆجىزە) دەپ ئاتىشىدۇ - يۇ، كېيىنچە ئۇلار بىلەن بىزنىڭ كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ... دېيىشتى، دەپ سورىساڭ، مەن ساڭا مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: ئۇلار ئۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئايەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ئايەت (مۆجىزە) دېيىشمىدى، ئۇلار پەقەت مەسخىرە قىلىش ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش يۈزىسىدىنلا شۇنداق دېيىشتى. 133. «ئۇلارغا سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان (بالالىرىنى) روشەن مۆجىزىلەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا) ئۇلارنىڭ گەدەنكەشلىكى يول قويمىدى، ئۇلار گۇناھكار قەۋم بولدى.» يەنى، ئۈستىگە قاتتىق يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۇلارغا سۇ ئاپىتى ئەۋەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن شۇ يامغۇرلارنىڭ سۈيى ئۇلارنى ئېقىتىپ ھالاك بولۇشقا تاس قالدى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئەتتۇفان» ئىبارىسى، «زىرائەت ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى يوق قىلغۇچى قاتتىق يامغۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارغا يەنە چېكەتكە بالاسى بەردۇق، چېكەتكە ئۇلارنىڭ مېۋە ـ چېۋىلىرىنى، زىرائەتلىرىنى، ھەتتا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەپ كەتتى، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ دانلىق

زىرائەتلىرىنى يەپ تۈگىتىۋېتىدىغان زىرائەت پىتلىرىنى ئەۋەتتۇق، بۇلار چېكەتكىلەردىن ئېشىپ قالغانلىرىنى يەپ تۈگىتىۋېتەتتى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، «ئەلقۇمەل» داڭلىق بىر پىت بولۇپ، بۇ پىت ئۇلارنىڭ بەدىنى بىلەن كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى شورايتتى. ئۇلارغا پاقىلارنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن تارتىپ يېمەك - ئىچمەكلىرىگىچە ھەممە يەر پاقىلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ناۋادا ئۇلارنىڭ بىرى گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئاچسا، پاقا بىر سەكرەپلا ئۇنىڭ ئاغزىغا چىقىۋالاتتى. ئۇلارغا قان بالاسىنى ئەۋەتتۇق، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيى قانغا ئايلىنىپ كەتتى، ئۇلار قايسى قۇدۇق ۋە دەريادىن سۇ ئىچمەكچى بولسا، كۆرىدىغىنى پەقەتلا قان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان روشەن مۆجىزىلەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. بۇلاردا نۇرغۇنلىغان ئىبرەتلەر ۋە ۋەز - نەسىھەتلەر بار. شۇنداقتىمۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا ئۇلارنىڭ گەدەنكەشلىكى يول قويمىدى، گۇناھكار قەۋم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، يەنىلا سەركەشلىك قىلىشىپ مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىدى. 134. «ئۇلارغا بالا نازىل بولغاندا، ئۇلار: ‹ئى مۇسا! پەرۋەردىگارىڭغا ئۆزىنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ئەھدى بىلەن دۇئا قىلساڭ، ئاللاھ تائالاغا قەسەمكى، ئەگەر بىزدىن بالانى كۆتۈرىۋەتسەڭ، ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چوقۇم سەن بىلەن بىللە قويۇپ بېرىمىز› دېگەن ئىدى.» يەنى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بالايىئاپەتلەر بىلەن ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئۇلارغا نازىل بولغاندا، ئۇلار: «ئى مۇسا! پەرۋەردىگارىڭغا ساڭا بەرگەن پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەققىي

ھۆرمىتى بىلەن بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشكە دۇئا قىلساڭ» دېيىشتى. زەمەخشەرىي بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئاللاھ تائالا ساڭا ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىز سەندىن تەلەپ قىلغىنىمىز بويىچە دۇئا قىلغىن. جۈملىنىڭ بېشىدىكى «ال‍لام» ئىبارىسى، قەسەم ئۈچۈندۇر. يەنى ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق دېيىشكەندى: «ئى مۇسا! ئاللاھ تائالاغا قەسەمكى، ئەگەر بىزدىن بۇ بالالارنى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، سەن ئېلىپ كەلگەن كىتابقا چوقۇم ئىمان كەلتۈرىمىز ھەمدە ئىسرائىل ئەۋلادىنى چوقۇم سەن بىلەن بىللە قويۇپ بېرىمىز.» پىرئەۋنىڭ قەۋمى ئىسرائىل ئەۋلادىنى ناھايىتى ئېغىر ئىشلارغا سالاتتى. 135. «ئۇلاردىن بالانى ۋاقتىلىق كۆتۈرۈۋەتكەن چېغىمىزدا، ئۇلار توساتتىن ئەھدىلىرىنى بۇزدى.» يەنى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ئارقىلىق، كېيىن دۇچار قىلىش مەقسىتىدە ئۇلاردىن بالانى ۋاقتىلىق كۆتۈرۈۋەتكەن چېغىمىزدا، ئۇلار توساتتىن ئەھدىلىرىنى بۇزدى ھەمدە كۇپرىلىقلىرىغا قايتىۋېلىشتى. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدىغان ۋاقىت دېمەك، ئۇلار دېڭىزدا غەرق بولىدىغان ۋاقىت دېمەكتۇر. 136. «ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ جازالىدۇق.» يەنى، بىز دېڭىزغا غەرق قىلىش ئارقىلىق ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالدۇق. ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەنلىكلىرى ئۈچۈن، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ جازالىدۇق. 137. «بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (بەنى ئىسرائىلنى) بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىنىنىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ۋە

غەرب تەرەپلىرىگە (ھەممە تەرەپكە) ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (ئىمارەتلىرى)نى ۋە ياسىغانلىرى (باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى) نى ۋەيران قىلدۇق.» يەنى، ئۇلارنىڭ ئېغىر ئىشلىرىنى قىلىپ ئېزىلگەن بەنى ئىسرائىلنى شام رايونىغا ۋارىس قىلدۇق. ئۇلارنى بۇ رايوننىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ۋە غەرب تەرەپلىرىگە، جۈملىدىن ھەممە تەرىپىگە ۋارىس قىلدۇق. بۇ جاي نۇرغۇنلىغان مال - مۈلۈك ۋە مېۋىلەر ئارقىلىق بىز بەرىكەتلىك قىلغان بىر رايوندۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا، ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇلارغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بەرگەن چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى. بۇ ھەقتە تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ چىرايلىق ۋەدىسى» دىن مەقسەت مۇنۇ ئايەتتۇر: «بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلاتتۇق، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلاتتۇق.» (قەسەس سۈرىسى 5 - ئايەت.) ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلىدۇق. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغان ئىمارەتلىرىنى، ياسىغان باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرىنى ۋەيران قىلدۇق. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاتا قىلغان مول نېمەتلەر ۋە ئۇلارغا كۆرسەتكەن ئالەمشۇمۇل مۆجىزىلەر

توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىدۇ. قەۋمى تەرىپىدىن تارتقان ئەزىيەتلەر تۈپەيلى ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇش ۋە تەسەللى بېرىش مەقسىتىدە تېمىنى يېشىشكە باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: 138. «ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز (قۇلزۇم) دېڭىزىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: <ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن> دېدى. مۇسا: <سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر> دېدى.» يەنى، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز قۇلزۇم دېڭىزىدىن ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، بۇ دېڭىز ھازىرقى سۇۋەيش قانىلىنىڭ ئاخىرىغا جايلاشقان قىزىل دېڭىزدۇر. ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئىبادەت قىلىشىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ياسىتىپ بەرگىن» دېدى. بۇ ھەقتە ئەتىيە مۇنداق دەيدۇ: دېمەك، ئىسرائىل ئەۋلادى كۆرگەنلىرىنى ياقتۇرۇپ قالغان بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىمۇ بولۇشىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشنى تەلەپ قىلىشقان. ئۇنداق بولمىسا، ئۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «بىزگە بىر بۇت ياساپ بەرگىن، بىز ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلايلى» دېيىشى ئېھتىمالدىن تولىمۇ يىراق ئىدى، دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى ۋە ئۇنىڭ شېرىكى ھەم ئوخشىشى بولۇشتىن تولىمۇ يىراق ئىكەنلىكىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى. بۇ ھەقتە زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالەمشۇمۇل مۆجىزىلەر ۋە كاتتا

دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا شۇنداق دېيىشى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى، شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى نادان دەپ ئاتىدى. چۈنكى ئۇلاردىنمۇ نادانىراق ۋە جاھىلىراق كىشىلەرنىڭ بولۇشى ناتايىن ئىدى. 139. «شۈبھىسىزكى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ باتىل دىنلىرى گۇمران بولغۇسىدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر.» يەنى شۈبھىسىزكى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ باتىل دىنلىرى، يەنى بۇتپەرەسلىك گۇمران بولغۇسىدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى پۈتۈنلەي بىكار بولۇپ، چاڭ - توزانلاردەكلا يوق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىبادەت قىلىشقا لايىق بولمىغان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتى. 140. «مۇسا: <ئاللاھ سىلەرنى (زامانىڭلاردىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلغان تۇرسا، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ئىزدەمدىم؟> دېدى.» يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا ئىبادەت قىلىشقا ئەڭ لايىق زات تۇرسا، مەن يەنىلا سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ئىزدەمدىم؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا گۈزەل نېمەتلەرنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق، سىلەرنى زامانىڭلاردىكى جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلدى» دېدى. بۇ ئايەتنى تەبەرى مۇنداق تەپسىر قىلدۇ: «ئاللاھ تائالا سىلەرنى زامانىڭلاردىكى ۋە دەۋرىڭلاردىكى پۈتكۈل جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدى.» 141. «ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن قۇتقۇزدۇق، ئۇلار سىلەرگە قاتتىق ئازابنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرەتتى، ئاياللىرىڭلارنى (خورلاپ ئىشلىتىشكە) ئېلىپ قالاتتى، بۇنىڭدا پەرۋەردىگارىڭلاردىن سىلەرگە زور سىناق بار ئىدى.» يەنى ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! بۇرۇن سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىمنى ئەسلەپ بېقىڭلار. ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى

پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن قۇتقۇزدۇق، ئۇلار سىلەرگە قاتتىق ئازابنى ۋە قورقۇنچنى تېتىتاتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئازاب - ئوقۇبەتنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: پىرئەۋننىڭ قەۋمى ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرەتتى، قىزلىرىڭلارنى (ئاياللىرىڭلارنى) خورلاپ ئىشلىتىشكە ئېلىپ قالاتتى. بۇ ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئارقىلىق ئاللاھ تائالا سىلەردىن چوڭ ئىمتىھان ئالدى ھەمدە سىلەرنى بۇ ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇردى. سىلەر يەنىلا ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلمامسىلەر؟ 142. «مۇساغا (بىزگە مۇناجات قىلىشقا) ئوتتۇز كېچىنى ۋەدە قىلدۇق. ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشتۇق، شۇنىڭ بىلەن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ۋەدە قىلغان ۋاقتى 40 كېچە بولدى. مۇسا قېرىندىشى ھارۇنغا: <(مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن> دېدى.» يەنى، بىزگە ئوتتۇز كېچە ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ۋەدىلەشتۇق ۋە ئوتتۇز كېچە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشتۇق، شۇنىڭ بىلەن، ئىبادەت 40 كېچىدە تاماملاندى. بۇ ھەقتە زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردىكى ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەگەر ئاللاھ تائالا دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلسا، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىن ئۇلارنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلىپ، قانداق ئىشلارنى قىلمايدىغانلىقلىرى بايان قىلىنغان بىر كىتاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەرگەن. دەرۋەقە، پىرئەۋن ھالاك بولغان چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن بۇ كىتابنى تەلەپ قىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا زۇلقەئدە ئېيىدا ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇشنى

بۇيرۇغان. ئوتتۇز كۈن توشقان چاغدا ئاغزىنىڭ ئۆزگىرىشچان پۇرىقى كۆڭلىگە ياقماي مىسۋاك ئىشلەتكەن. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ۋەھيى قىلغان: بىلمەمسەنكى، مېنىڭ نەزىرىمدە روزىدارنىڭ ئاغزىنىڭ پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر. ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا زۇلھەججە ئېيىدا يەنە ئون كۈن روزا تۇتۇشنى بۇيرۇدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قېرىندىشى ھارۇنغا: «مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر، قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلغىن، ئۇلارنىڭ ئىشىنى تۈزىگىن، ئاللاھ تائالاغا ئىسيان كۆتۈرۈپ بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن» دېدى. 143. «مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلغان چاغدا: <پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈۋالاي> دېدى. ئاللاھ: <مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ). لېكىن تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن> دېدى. پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللىي قىلىش بىلەن تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: <(پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئاۋۋىلىمەن> دېدى.» يەنى، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كېلىپ پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلغان ۋە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا بىۋاسىتە سۆز قىلغان چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا مۇقەددەس زاتىڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈپ ئالاي» دېدى. بۇ ھەقتە

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىۋاسىتە سۆزلەشكەن ھامان، مۇسا پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا قاراش ئىستىكىنى ئىزھار قىلدى. پەرۋەردىگارى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «مېنى بۇ دۇنيادا ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيسەن، چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا ئەسلا تاقەت قىلالمايدۇ. لېكىن مەن سەندىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغان شۇ تاغقا تەجەللى قىلىمەن. ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، ئاندىن مېنى كۆرەلەيسەن، ئۇنداق بولمىغاندا سېنىڭ بۇنىڭغا تاقەت قىلالىشىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.» پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن تەڭ، ئاللاھ تائالانىڭ قۇشقاچنىڭ بارمىقىچىلىك نۇرىدىن تاغ بىردىنلا يېرىلىپ تۈپتۈز بولۇپ كەتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەقەت قۇشقاچنىڭ بارمىقىچىلىك بىر نۇر تەجەللى قىلغان ھامان، تاغ پارچىلىنىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ بىھوش بولۇپ يەرگە يىقىلدى. ھەدىستە، «تاغ يەرگە چۆكۈپ كەتتى» دېيىلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھوشىغا كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم! سەن بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇرسەن، سېنى بۇ دۇنيادا كۆرۈشكە تاقەت كەلتۈرۈشۈم قەتئىي مۇمكىن ئەمەسكەن، سېنى بۇ دۇنيادا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغانلىقىم ئۈچۈن ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا ۋە قۇدرىتىڭنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئاۋۋىلىمەن» دېدى. 144. «ئاللاھ ئېيتتى: ‹ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر

ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاسىتە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم، ساڭا مەن ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن>.» يەنى، ئاللاھ ئېيتتى: ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى زامانىڭدىكى كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىشكە تاللىدىم، ساڭا مەن ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى ۋە مول مەلۇماتقا ئىگە ھېكمەتنى قوبۇل قىلغىن ھەمدە ساڭا ئاتا قىلغان گۈزەل نېمەتلىرى تۈپەيلى پەرۋەردىگارىڭغا شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن. بۇ ھەقتە ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ قوبۇل بولمىغانلىقى تۈپەيلى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش يۈزىسىدىن بايان قىلىنغان بولۇپ، ئەسلىدە گويا مۇنداق دېيىلمەكچىدەك قىلىدۇ: گەرچە ساڭا ئۆزۈمنى كۆرسەتمىگەن بولساممۇ، لېكىن ساڭا ئالەملەرنىڭ ئىچىدە ھېچكىمگە بەرمىگەن بۈيۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلدىم، بۇنى غەنىمەت بىلگىن ۋە بۇ نېمەتلەرگە داۋاملىق تۈردە شۈكۈر قىلغىن. 145. «بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن (تەۋرات) تاختىلىرىغا (ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىدا موھتاج بولغان) ۋەز - نەسىھەت، (دىنىي) ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي يازدۇق. (ئى مۇسا) ئۇنى (تەۋراتنى) مەھكەم تۇتقىن ھەمدە قەۋمىڭنى ئۇنىڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغىن، سىلەرگە پاسىقلار (پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى)نىڭ دىيارىنى كۆرسىتىمەن.» يەنى، بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن تەۋرات تاختىلىرىغا ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىدا موھتاج بولغان ھەر تۈرلۈك ۋەز - نەسىھەت ۋە دىنىي ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي يازدۇق. شۇنداقلا ھالال ـ ھارام بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنى

تەپسىلى ئوچۇقلاپ بەردۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەۋراتنىڭ تاختىلىرىدا باردۇر. ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشلىرى ۋە تۈرلۈك گۇناھلاردىن قول ئۈزۈشلىرى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قانۇنىي جەھەتتىن ئىجرا قىلىشىغا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئوچۇقلاپ بېرىش ئۈچۈن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەۋرات تاختىلىرىغا تەپسىلىي يازدۇق. ئى مۇسا، تەۋراتنى ئىرادىلىك ئىنسانلارغا خاس پەزىلەتنىڭ بىلەن مەھكەم تۇتقىن ھەمدە ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۇنىڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغىن، جۈملىدىن كەچۈرۈم قىلىش قىساس ئېلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ پەزىلەتلىك بىر ئىشتۇر. خۇددى ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلغىنىدەك: «كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە ئەڭ پەزىلەتلىك ئىشلاردىندۇر.» (شۇرا سۈرىسى 43 - ئايەت.) بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى تەۋراتنى مەھكەم تۇتۇش ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلدى. پات يېقىندا سىلەرگە پاسىقلارنىڭ، يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ دىيارىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىمەن. ئىبرەت ئېلىپ، ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىيارلىرىنىڭ قانداق چۆلدەرەپ قالغانلىقىنى، پاسىقلىقلىرى تۈپەيلى قانداق ھالاك قىلىنغانلىقىنى چوقۇم كۆرىسىلەر. چۈنكى ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئىنسانلاردىن خالىي ۋە چۆلدەرەپ قالغان ھالەتتە كۆرۈش، ئىبرەت ئېلىش ۋە ھەر تۈرلۈك گۇناھلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. 146. «يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارنى مېنىڭ ئايەتلىرىمنى چۈشىنىشتىن

يىراقلاشتۇرىمەن. ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق يولىنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولدى.» يەنى، يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى چۈشىنەلەيدىغان پۇرسەت يارىتىپ بەرمەيمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ تەپەككۇر قىلىپ پەھىم قىلالمايدۇ، ئۇلار ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى جازالاش يۈزىسىدىن قەلبلىرىنى پېچەتلىۋېتىمەن. بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت، تەكەببۇرلۇقلىرى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى تۈپەيلى ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن ئۇزاقلاشقانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسىدە دۇچار بولىدىغانلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇكى، ئۇلارمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاپ قالمىغاي ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشمىگەي. ئۇلار ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ بارلىق ئايەتلىرىنى ياكى پۈتكۈل مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار ھىدايەت ۋە نىجاتلىق يولىنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق ۋە ناتوغرا يولنى كۆرسە ئۇنىڭدا دەرھال ماڭىدۇ. خۇددى مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك: «ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇقنى (گۇمراھلىق)نى ئارتۇق بىلدى.» بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتى ۋە ئۇنىڭ شەرئىي قانۇنىدىن يۈز ئۆرۈدى، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى ھەمدە ئۆزلىرىنى بەخت - سائادەت يولىغا

يېتەكلەيدىغان ئايەتلەردىن غاپىل بولدى. دەرۋەقە، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى توغرۇلۇق نە پىكىر يۈرگۈزۈشمەيدۇ، نە ئىبرەت ئېلىشمايدۇ. 147. «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى (ئىمانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن) بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارغا پەقەت قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا جازا بېرىلىدۇ.» ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، يەنى قىلغان ياخشىلىقلىرى، سىيلە - رەھىم، بەرگەن سەدىقىلىرى قاتارلىق ياخشىلىقلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ساۋابلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا پەقەت بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ. 148. «مۇسانىڭ قەۋمى مۇسادىن كېيىن، زىننەت بۇيۇملىرىدىن موزايدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر جانسىز موزاي ياسىدى. ئۇلار موزايىنىڭ ئۆزلىرىگە سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى، يول كۆر- ستەلمەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۇنى مەبۇد قىلىۋالدى، ئۇلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچى بولدى.» يەنى، مۇسانىڭ قەۋمى مۇسا پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىش ئۈچۈن تۇر تېغىغا كەتكەندىن كېيىن، زىننەت بۇيۇملىرىدىن موزايدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر جانسىز موزاي ياساپ، ئۆزلىرىگە ئىلاھ قىلىۋېلىشتى. بۇ ھەقتە ھافىز ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا سامىرىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈچۈن ياسىغان موزايغا چوقۇنغانلارنىڭ توغرا يولدىن ئادىشىپ گۇمراھلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقلىرىنى

خەۋەر قىلىدۇ. دەرۋەقە، سامىرى ئۇلار ئۈچۈن زىننەت بۇيۇملىرىدىن جانسىز بىر موزايىنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ چىقتى. ئۇ ھەيكەلنى شۇنداق ياسىغانكى، ئىچىگە شامال كىرىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭدىن خۇددى كالىنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقاتتى. ئايەتتە كەلگەن «ئۇنىڭدىن كېيىن» ئىبارىسى، مەزكۇر ۋەقەنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن تۇر تېغىغا كەتكەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سوئال ئەيىبلەش ۋە كايىشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئۇلار موزايىنىڭ ياراتقۇچى ئەمەسلىكىنى، ئۆزلىرىگە رىزىق ئاتا قىلالمايدىغانلىقىنى، سۆزلىيەل-مەيدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىگە يول كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق قانداقسىگە ئۇنى مەبۇد قىلىۋالدىكىنە؟ ئۇ نە ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش، نە ئۇلارنى بەخت ـ سائادەتلىك يولغا يېتەكلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، شۇنداق تۇرۇپمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۇنىڭغا قانداقسىگە چوقۇنۇشىدىكىنە؟ تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئۇلار موزايىنى ئىلاھ قىلىپ چوقۇنۇشتى ـ دە، ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدى. چۈنكى ئۇلار شەيئىلەرنى ئۆز ئورنىغا قويماي باشقا يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشتى. «قىلىۋېلىشتى» ئىبارىسىنىڭ تەكرارلىنىشى، ئۇلارنىڭ قانچىلىق دەرىجىدە ھاماقەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر. 149. «ئۇلار (موزايغا چوقۇنغانلىقلىرىغا) پۇشايمان قىلغان ۋە راست ئازغانلىقلىرىنى چۈشەنگەن چاغدا: <ئەگەر پەرۋەردىگارىمىز بىزگە رەھىم قىلمىسا ۋە مەغپىرەت قىلمىسا، بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز> دېدى.» ـ ئۇلار موزايغا چوقۇنغانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلغان ۋە راست ئازغانلىقلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن چاغدا: «ئەگەر

پەرۋەردىگارىمىز رەھىم - شەپقەتتى ۋە مەغپىرەتنى ئارقىلىق بىزنى ئىسلاھ قىلمىسا، بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلار ۋە ھالاك بولغۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئەھۋال، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقلىرىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلغانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئەسكەرتىش:** ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە مەنسۇپ كىشىلەرگە كۆرە، مۆمىنلەر ئاخىرەتتە پەرۋەردىگارىنى چوقۇم كۆرىدۇ. مۇئتەزىلىلەر بولسا «مېنى ھەرگىز كۆرەلمەيسەن» دېگەن ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، بۇنى رەت قىلىشقان. ھالبۇكى، بۇ ئايەتتە مۇئتەزىلىلەر ئاساسلىنىدىغان ھېچقانداق بىر دەلىل يوقتۇر. ئەكسىچە، بۇ ئايەت ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىغا دائىر قارىشىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى، ئەگەر ئاللاھ تائالانى كۆرۈش ئىمكانسىز بولغان بولسىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى تەلەپ قىلمىغان بولاتتى. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق جائىز بولغىنى بىلەن مۇمكىن بولمىغان ئىشلارنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالانى كۆرۈش ئىمكانسىز بولغان بولسىدى، جاۋابتا مەنئى قىلىنىش ۋە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلۇش بولاتتى. دەرۋەقە، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، ئاللاھ تائالا: «ئى نۇھ! ئۇ (مەن نىجات تېپىشنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى يامانsaid، سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسەڭنى مەندىن سورىمىغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن.»

(ھۇد سۈرىسى 46 - ئايەت.) دېگەن. ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىش پەقەت مۇشۇ پانىي دۇنيادىلا مەنئى قىلىنغان. چۈنكى ئىنسانىنىڭ جىسمانىي ئىقتىدارى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانى كۆرۈشكە ھەرگىزمۇ تاقەت قىلالمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «سەن مېنى ئەسلا كۆرەلمەيسەن.» چۈنكى سەن بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايسەن. لېكىن، مەن سەندىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم بولغان تاغقا تەجەللى قىلىمەن. ئەگەر مېنىڭ ھەيۋىتىمگە تاغ بەرداشلىق بېرىپ ئۆز ئورنىدا مۇستەھكەم تۇرالىسا، سەنمۇ مېنى كۆرەلەيسەن؛ ئەگەر تاغ بۇنىڭغا تاقەت قىلالمىسا، سېنىڭ تاقەت قىلالىشىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تاغنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۆزىنى كۆرۈشنى ئىمكانسىز قىلمىغان. ئاخىرەتتە كۆرۈش ھادىسىسىنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: «بۇ كۈندە، (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ.» (قىيامەت سۈرىسى 22 - ۋە 23 - ئايەتلەر.) مانا بۇ روشەن ھەقىقەتنى بىدئەتچىدىن باشقىسى ھەرگىزمۇ ئىنكار قىلمايدۇ.

**ئىلاۋە:** مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى ئاڭلىغان ھامان، ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى سۆيگىنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن كىشى ئۇنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان ۋە سېغىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇغان كىشىمۇ

دەل جايىدا ئېيتقان:

«زوقىنىڭ تەمىنى تېتىيدىغان ۋاقىت يۇرتلار يۇرتلارغا يېقىنلاشقان چاغدۇر.»

بەختلىك بولۇشمۇ، بەختسىزلىكمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئىمراننىڭ ئوغلى مۇسانى پىرئەۋن بېقىپ چوڭ قىلدى. مۇسا مۆمىن كىشى ئىدى. سامىرىنى بولسا جەبرىئىل تەربىيەلىدى. ھالبۇكى، ئۇ كاپىر بولدى. سامىرىغا جەبرىئىلنىڭ تەربىيەسى قىلچە كار قىلمىدى. لەنىتى پىرئەۋننىڭ تەربىيەسىمۇ مۇسا كەلىمۇللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمىدى. بۇنى تەكىتلەش ئۈچۈن شائىر مۇنۇ بېيتلارنى ئوقۇغان:

ئەگەر بىراۋ ئەزەلدىنلا بەختلىك قىلىپ يارىتىلمىغان بولسا، ئۇنى تەربىيەلىگەن كىشىمۇ، ئۇنى ئارزۇ قىلغان كىشىمۇ زىيان ئىچىدىدۇر. چۈنكى جەبرىئىل تەربىيەلىگەن مۇسا كاپىر ئىدى. پىرئەۋن تەربىيەلىگەن مۇسا بولسا پەيغەمبەر ئىدى.

وَلَمَّا رَجَعَ مُوسَىٰٓ إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ غَضۡبَٰنَ أَسِفٗا قَالَ بِئۡسَمَا
خَلَفۡتُمُونِي مِنۢ بَعۡدِيٓۖ أَعَجِلۡتُمۡ أَمۡرَ رَبِّكُمۡۖ وَأَلۡقَى
ٱلۡأَلۡوَاحَ وَأَخَذَ بِرَأۡسِ أَخِيهِ يَجُرُّهُۥٓ إِلَيۡهِۚ قَالَ ٱبۡنَ أُمَّ إِنَّ
ٱلۡقَوۡمَ ٱسۡتَضۡعَفُونِي وَكَادُواْ يَقۡتُلُونَنِي فَلَا تُشۡمِتۡ بِيَ ٱلۡأَعۡدَآءَ
وَلَا تَجۡعَلۡنِي مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٥٠﴾ قَالَ رَبِّ ٱغۡفِرۡ لِي
وَلِأَخِي وَأَدۡخِلۡنَا فِي رَحۡمَتِكَۖ وَأَنتَ أَرۡحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١٥١﴾ إِنَّ
ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ ٱلۡعِجۡلَ سَيَنَالُهُمۡ غَضَبٞ مِّن رَّبِّهِمۡ وَذِلَّةٞ

فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُفْتَرِينَ ﴿١٥٢﴾ وَٱلَّذِينَ
عَمِلُوا۟ ٱلسَّيِّـَٔاتِ ثُمَّ تَابُوا۟ مِنۢ بَعْدِهَا وَءَامَنُوٓا۟ إِنَّ رَبَّكَ
مِنۢ بَعْدِهَا لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٥٣﴾ وَلَمَّا سَكَتَ عَن مُّوسَى
ٱلْغَضَبُ أَخَذَ ٱلْأَلْوَاحَ ۖ وَفِى نُسْخَتِهَا هُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلَّذِينَ
هُمْ لِرَبِّهِمْ يَرْهَبُونَ ﴿١٥٤﴾ وَٱخْتَارَ مُوسَىٰ قَوْمَهُۥ سَبْعِينَ
رَجُلًا لِّمِيقَٰتِنَا ۖ فَلَمَّآ أَخَذَتْهُمُ ٱلرَّجْفَةُ قَالَ رَبِّ لَوْ شِئْتَ
أَهْلَكْتَهُم مِّن قَبْلُ وَإِيَّٰىَ ۖ أَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ ٱلسُّفَهَآءُ مِنَّآ ۖ
إِنْ هِىَ إِلَّا فِتْنَتُكَ تُضِلُّ بِهَا مَن تَشَآءُ وَتَهْدِى مَن تَشَآءُ ۖ
أَنتَ وَلِيُّنَا فَٱغْفِرْ لَنَا وَٱرْحَمْنَا ۖ وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْغَٰفِرِينَ ﴿١٥٥﴾
وَٱكْتُبْ لَنَا فِى هَٰذِهِ ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ إِنَّا هُدْنَآ
إِلَيْكَ ۚ قَالَ عَذَابِىٓ أُصِيبُ بِهِۦ مَنْ أَشَآءُ ۖ وَرَحْمَتِى وَسِعَتْ
كُلَّ شَىْءٍ ۚ فَسَأَكْتُبُهَا لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ
وَٱلَّذِينَ هُم بِـَٔايَٰتِنَا يُؤْمِنُونَ ﴿١٥٦﴾ ٱلَّذِينَ يَتَّبِعُونَ ٱلرَّسُولَ
ٱلنَّبِىَّ ٱلْأُمِّىَّ ٱلَّذِى يَجِدُونَهُۥ مَكْتُوبًا عِندَهُمْ فِى ٱلتَّوْرَىٰةِ
وَٱلْإِنجِيلِ يَأْمُرُهُم بِٱلْمَعْرُوفِ وَيَنْهَىٰهُمْ عَنِ ٱلْمُنكَرِ
وَيُحِلُّ لَهُمُ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ ٱلْخَبَٰٓئِثَ وَيَضَعُ
عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَٱلْأَغْلَٰلَ ٱلَّتِى كَانَتْ عَلَيْهِمْ ۚ فَٱلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ بِهِۦ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَٱتَّبَعُوا۟ ٱلنُّورَ ٱلَّذِىٓ أُنزِلَ
مَعَهُۥٓ ۙ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿١٥٧﴾ قُلْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ
إِنِّى رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا ٱلَّذِى لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضِ ۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ يُحْىِۦ وَيُمِيتُ ۖ فَـَٔامِنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ

ٱلنَّبِيَّ ٱلۡأُمِّيَّ ٱلَّذِي يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَكَلِمَٰتِهِۦ وَٱتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمۡ
تَهۡتَدُونَ ﴿١٥٨﴾ وَمِن قَوۡمِ مُوسَىٰٓ أُمَّةٞ يَهۡدُونَ بِٱلۡحَقِّ وَبِهِۦ
يَعۡدِلُونَ ﴿١٥٩﴾ وَقَطَّعۡنَٰهُمُ ٱثۡنَتَيۡ عَشۡرَةَ أَسۡبَاطًا أُمَمٗاۚ وَأَوۡحَيۡنَآ
إِلَىٰ مُوسَىٰٓ إِذِ ٱسۡتَسۡقَىٰهُ قَوۡمُهُۥٓ أَنِ ٱضۡرِب بِّعَصَاكَ ٱلۡحَجَرَۖ
فَٱنۢبَجَسَتۡ مِنۡهُ ٱثۡنَتَا عَشۡرَةَ عَيۡنٗاۖ قَدۡ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٖ
مَّشۡرَبَهُمۡۚ وَظَلَّلۡنَا عَلَيۡهِمُ ٱلۡغَمَٰمَ وَأَنزَلۡنَا عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَنَّ
وَٱلسَّلۡوَىٰۖ كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقۡنَٰكُمۡۚ وَمَا ظَلَمُونَا
وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿١٦٠﴾ وَإِذۡ قِيلَ لَهُمُ ٱسۡكُنُواْ
هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةَ وَكُلُواْ مِنۡهَا حَيۡثُ شِئۡتُمۡ وَقُولُواْ حِطَّةٞ
وَٱدۡخُلُواْ ٱلۡبَابَ سُجَّدٗا نَّغۡفِرۡ لَكُمۡ خَطِيٓـَٰٔتِكُمۡۚ سَنَزِيدُ
ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٦١﴾ فَبَدَّلَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنۡهُمۡ قَوۡلًا غَيۡرَ ٱلَّذِي
قِيلَ لَهُمۡ فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ رِجۡزٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُواْ
يَظۡلِمُونَ ﴿١٦٢﴾ وَسۡـَٔلۡهُمۡ عَنِ ٱلۡقَرۡيَةِ ٱلَّتِي كَانَتۡ حَاضِرَةَ
ٱلۡبَحۡرِ إِذۡ يَعۡدُونَ فِي ٱلسَّبۡتِ إِذۡ تَأۡتِيهِمۡ حِيتَانُهُمۡ يَوۡمَ
سَبۡتِهِمۡ شُرَّعٗا وَيَوۡمَ لَا يَسۡبِتُونَ لَا تَأۡتِيهِمۡۚ كَذَٰلِكَ نَبۡلُوهُم
بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ﴿١٦٣﴾ وَإِذۡ قَالَتۡ أُمَّةٞ مِّنۡهُمۡ لِمَ تَعِظُونَ
قَوۡمًا ٱللَّهُ مُهۡلِكُهُمۡ أَوۡ مُعَذِّبُهُمۡ عَذَابٗا شَدِيدٗاۖ قَالُواْ مَعۡذِرَةً
إِلَىٰ رَبِّكُمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ ﴿١٦٤﴾ فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِۦٓ
أَنجَيۡنَا ٱلَّذِينَ يَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلسُّوٓءِ وَأَخَذۡنَا ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ
بِعَذَابِۭ بَـِٔيسِۭ بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ﴿١٦٥﴾ فَلَمَّا عَتَوۡاْ عَن مَّا
نُهُواْ عَنۡهُ قُلۡنَا لَهُمۡ كُونُواْ قِرَدَةً خَٰسِـِٔينَ ﴿١٦٦﴾ وَإِذۡ تَأَذَّنَ

رَبُّكَ لَيَبۡعَثَنَّ عَلَيۡهِمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ مَن يَسُومُهُمۡ سُوٓءَ
ٱلۡعَذَابِۗ إِنَّ رَبَّكَ لَسَرِيعُ ٱلۡعِقَابِ وَإِنَّهُۥ لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١٦٧﴾
وَقَطَّعۡنَٰهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ أُمَمٗاۖ مِّنۡهُمُ ٱلصَّٰلِحُونَ وَمِنۡهُمۡ دُونَ
ذَٰلِكَۖ وَبَلَوۡنَٰهُم بِٱلۡحَسَنَٰتِ وَٱلسَّيِّـَٔاتِ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ﴿١٦٨﴾
فَخَلَفَ مِنۢ بَعۡدِهِمۡ خَلۡفٞ وَرِثُواْ ٱلۡكِتَٰبَ يَأۡخُذُونَ
عَرَضَ هَٰذَا ٱلۡأَدۡنَىٰ وَيَقُولُونَ سَيُغۡفَرُ لَنَا وَإِن يَأۡتِهِمۡ
عَرَضٞ مِّثۡلُهُۥ يَأۡخُذُوهُۚ أَلَمۡ يُؤۡخَذۡ عَلَيۡهِم مِّيثَٰقُ ٱلۡكِتَٰبِ
أَن لَّا يَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡحَقَّ وَدَرَسُواْ مَا فِيهِۗ وَٱلدَّارُ
ٱلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ لِّلَّذِينَ يَتَّقُونَۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿١٦٩﴾ وَٱلَّذِينَ
يُمَسِّكُونَ بِٱلۡكِتَٰبِ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجۡرَ
ٱلۡمُصۡلِحِينَ ﴿١٧٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
بۇ مۇبارەك ئايەتلەردە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادى بىلەن بولغان قىسسىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان مول نېمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ نېمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالاغا قارشى كۆتۈرگەن ئىسيانلىرى توغرۇلۇق ئىزچىل مەلۇمات بېرىلىدۇ. بۇ ئايەتلەردە يەنە، (ئەنتاكىيە) شەھەر ئاھالىسىنىڭ قىسسىسى، شەنبە كۈنى ئوۋ ئوۋلاش ئارقىلىق شۇ كۈننىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلىقلىرى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى مايمۇنلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ۋەز - نەسىھەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئىبرەت باردۇر.

**تەپسىرى: 150.** «مۇسا غەزەپلەنگەن، غەمكىن ھالدا قايتىپ كېلىپ، قەۋمىگە: <مەن يوق چاغدا (موزايغا چوقۇنۇپ) نەقەدەر يامان ئىش قىلدىڭلار - ھە! (كۈتۈپ تۇرماي) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئەمرىگە ئالدىراپ كەتتىڭلارمۇ؟> دېدى ۋە (غەزەپلەنگەنلىكتىن تەۋرات) تاختىلىرىنى (يەرگە) تاشلىدى، قېرىندىشىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ئۆز تەرىپىگە تارتتى. (ھارۇن) ئېيتتى: <ئى قېرىندىشىم! (بۇ) قەۋم مېنى بوزەك تاپتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. مېنى دۈشمەنلەر ئالدىدا كۈلكىگە قويمىغىن. مېنى زالىم قەۋم (موزايغا چوقۇنغانلار) قاتارىدا سانىمىغىن>.» يەنى، مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ موزايغا چوقۇنغانلىقى تۈپەيلى غەزەپلەنگەن ۋە غەمكىن ھالدا ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ: «مەن يوق چاغدا موزايغا چوقۇنۇپ نەقەدەر يامان ئىش قىلدىڭلار - ھە! پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ تۇرماي ئالدىراپ كەتتىڭلارمۇ؟» دېدى. بۇ ئەمر بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇر تېغىدىن قايتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇش ئىدى. بۇ سوئال ئىنكار ئۈچۈندۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ موزايغا چوقۇنغانلىقىغا ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋە ئىنتايىن قايغۇرغانلىقتىن تەۋرات تاختىلىرىنى يەرگە تاشلىدى ھەمدە قېرىندىشى ھارۇننىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ئۆز تەرىپىگە تارتىشقا باشلىدى. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالام، قېرىندىشىم ھارۇن قەۋمىنى موزايغا چوقۇنۇشتىن توسۇشتا كۈچلۈك تەدبىر قوللانمىغان، دەپ قارايتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام يامان ئىشلارنى كۆرگەندە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قاتتىق غەزەپلىنەتتى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام

تۇر تېغىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەۋمىنىڭ موزايغا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قاتتىق غەزەپلىنىپ تەۋراتنىڭ تاختىلىرىنى يەرگە تاشلاپ سۇندۇرۇۋەتتى ھەمدە قېرىندىشى ھارۇننىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ئۆزى تەرەپكە تارتىشقا باشلىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشى ھارۇن ئېيتتى: «ئى ئانامنىڭ بالىسى! (بۇ، مەرھەمەت ۋە مېھىر - شەپقەتنى تەقەززا قىلىدىغان بىر خىل نىدا قىلىش ئۇسۇلىدۇر.[1]) (ئى قېرىندىشىم!) بۇ قەۋم ئاجىز دەپ قاراپ مېنى بوزەك تاپتى، مەندىن غالىب كەلدى، ئۇلارنىڭ موزايغا چوقۇنۇشىنى مەنئى قىلىشىمغىلا، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. مەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشتا ھېچقانداق كەمچىلىك سادىر قىلمىدىم، مېنى دۈشمەنلەر ئالدىدا كۈلكىگە قويمىغىن. مېنى كەمسىتىپ دۈشمەنلەرگە كۈلكە قىلمىغىن، مېنى جازالاپ ياكى مېنى نەسىھەت بارىسىدا كەمچىلىك سادىر قىلدى دەپ قاراپ، مېنى موزايغا چوقۇنغۇچى زالىم قەۋم قاتارىدا سانىمىغىن.» مۇجاھىد بۇ ئايەتنى «مېنى موزايغا چوقۇنغۇچى زالىملار قاتارىدا سانىمىغىن» دەپ تەپسىر قىلىدۇ. 151. «مۇسا ئېيتتى: <پەرۋەردىگارىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن>.» يەنى، مۇسا ئەلەيھىسسالام: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغپىرەت

[1] بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ھارۇن ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئانا بىر، دادا بىر قېرىنداش تۇرۇپمۇ يەنىلا «ئى ئانامنىڭ بالىسى!» دەپ خىتاب قىلىشى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە قارىتا تېخىمۇ شەپقەتلىك ۋە مەرھەمەتلىك ھالدا مۇئامىلە قىلىشى ئۈچۈندۇر.

قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن» دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى ۋە گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھامان، ھەم ئۆزى ھەمدە قېرىندىشى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ، «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغپىرەت قىلغىن...» دەپ ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ دۇئا قىلدى. بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان گەپلەرنى قىلغانلىقى تۈپەيلى ئۆزى ئۈچۈن، ئورنىدا ئورۇنباسار بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن قېرىندىشىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا مەيدانغان كەلگەن ھادىسىلەردە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان بولۇش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ قېرىندىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىدى. شۇنداقلا ئۆزى ۋە قېرىندىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىزچىل تۈردە پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈشىنى تىلىدى. 152. «شۈبھىسىزكى، موزايىنى مەبۇد قىلىۋالغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، بۇ دۇنيادا خارلىققا قالىدۇ، (ئاللاھ تائالاغا) بوھتان قىلغۇچىلارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز.» يەنى شۈبھىسىزكى، ئەركەك بولغان موزايىنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغۇچىلار پەرۋەردىگارىنىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، بۇ دۇنيادا خار - زەبۇنلۇققا دۇچار بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئىسرائىل ئەۋلادى دۇچ كەلگەن ئازاب - ئوقۇبەت شۇكى، ئۇلار بىر - بىرىنى ئۆلتۈرمىگىچە ئاللاھ

تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمىغان. خار - زەبۇنلۇقتا كەلسەك، ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئازاب - ئوقۇبەتتىن كېيىن دۇنيا ھاياتىدا ئۇلارنى خار - زەبۇنلۇقتا مەھكۇم قىلغان. دېمەك، ئۇلارنى ئازاب - ئوقۇبەت ۋە خار - زەبۇنلۇق ئارقىلىق جازالىغىنىمىزدەك، ئاللاھ تائالاغا بوھتان قىلغۇچى بارلىق كىشىلەرگە مۇشۇنداق جازا بېرىمىز. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق بىدئەتچىلەر خار ـ زەبۇنلۇقتا دۇچار بولىدۇ.» 153. «يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىمانىدا سەمىمىي بولغانلارنى تەۋبىسىدىن كېيىن پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) رەھىم قىلىدۇ.» يەنى، ئى مۇھەممەد! يامان ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالاغا يۈزلەنگەن ۋە ئىمانىدا سەمىمىي بولغانلارنى تەۋبىسىدىن كېيىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا رەھىم قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: بۇ مۇبارەك ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گۇناھلار نەقەدەر كۆپ ۋە چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ چوڭدۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇ نۇۋاس نېمىدېگەن دەل جايىدا ئېيتقان ـ ھە! ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغاي!

ئى پەرۋەردىگارىم! ئەگەر گۇناھلىرىم چوڭىيىپ كۆپىيىپ كەتكەن بولسا، ماڭا بەش قولدەك ئايانكى، سېنىڭ مەغپىرىتىڭ تېخىمۇ چوڭدۇر. ئەگەر سېنىڭ رەھمىتىڭنى ياخشىلاردىن باشقىسى ئۈمىد قىلمىسا، ئۇنداقتا گۇناھكارلار

كىمدىن پاناھلىق تىلەيدۇ؟ 154. «مۇسا غەزىپى بېسىلغاندىن كېيىن (يەردە ياتقان تەۋرات) تاختىلىرىنى ئالدى. ئۇنىڭدا، پەرۋەردىگارىدىن قورققۇچىلارغا ھىدايەت قىلىنىدۇ ۋە رەھمەت قىلىنىدۇ، دەپ يېزىلغان ئىدى.» يەنى، مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمى بىلەن قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا غەزىپى بېسىلغاندىن كېيىن، يەردە ياتقان تەۋرات تاختىلىرىنى ئالدى. ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشىشىگە ۋەسىلە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا، پەرۋەردىگارىدىن قورققۇچىلارغا ھىدايەت قىلىنىدۇ ۋە رەھمەت قىلىنىدۇ، دەپ يېزىلغان ئىدى. 155. «مۇسا، بىز بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئۆز قەۋمىدىن 70 كىشىنى تاللىدى؛ ئۇلارغا زىلزىلە يۈزلەنگەندە، مۇسا: <پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟ بۇ پەقەت سېنىڭ سىنىقىڭدۇر، شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن. سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن. سەن ئەڭ ياخشى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن>.» ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ موزايغا چوقۇنمىغانلىرىدىن 70 كىشىنى تاللىدى؛ قەۋمىنىڭ موزايغا چوقۇنغانلىق گۇناھىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ئۈچۈن، پەرۋەردىگارى بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا تۇر تېغىغا كەلدى. تاغ ئۇلارنى سىلكىپ ھالاك بولغان چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان ھالدا يېلىنىپ مۇنداق دېدى: ئى پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. شەك

ـ شۈبھىسىزكى، بىز سېنىڭ بەندىلىرىڭمىز، ھەمىشە سېنىڭ ئەمرىڭ ۋە ھاكىمىيىتىڭ ئاستىدىمىز. سەن نېمىنى ئىرادە قىلساڭ، شۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تامامەن قادىردۇرسەن. ئى پەرۋەردىگارىمىز، <بىزگە ئاللاھنى ئاپئاشكارا كۆرسەتكىن> (نىسا سۈرىسى 153 - ئايەت.) دېگەن بۇ 70 ئەخمەقنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن، بىزنى ۋە باشقا ئىسرائىل ئەۋلادىنى ھالاك قىلامسەن؟» بۇ سوئال مەرھەمەت تەلەپ قىلىش ۋە باش ئېگىشنى بىلدۈرىدىغان بىر سوئال بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەسلىدە مۇنداق دېمەكچىدەك قىلىدۇ: «ئى ئاللاھ! باشقىلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلى بىزنى جازالىمىغىن.» بۇ ھەقتە تەبەرىي سۇددىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر جامائە بىلەن كېلىپ، موزايغا چوقۇنغانلىق گۇناھلىرى تۈپەيلى كەچۈرۈم سوراشلىرىنى ئەمر قىلدى، ھەمدە ئۇلارغا كېلىدىغان ۋاقىتنىمۇ بەلگىلەپ بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىدىن 70 كىشىنى تاللىدى، ئاندىن ئەپۇ سوراشلىرى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جايغا ئۇلارنى ئېلىپ باردى. ئۇلار بەلگىلەنگەن جايغا كەلگەنلىرىدە مۇنداق دېيىشتى: «ئى مۇسا! ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. چۈنكى سەن ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە سۆزلەشتىڭ، ئۇنى بىزگىمۇ كۆرسەتكىن.» شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى چاقماق سوقتى (ئاسماندىن بىر ئوت كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلدى). دەل شۇ چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام يىغلاشقا ۋە ئاللاھ تائالاغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى: «ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كاتتىلىرىنى ھالاك قىلدىڭ، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يېنىغا بارغىنىمدا مەن ئەمدى

ئۇلارغا نېمە دەيمەن؟ خالىغان بولساڭ، ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ.» مەن دەيمەنكى: ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ تاللانغان كىشىلىرى بۇنداق گەپ قىلغان يەردە، ئۇلارنىڭ يامانلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟ يەھۇدىيلارنىڭ قەبىھ ئىشلىرىدىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ پىتنە - پاسات ۋە مۇسىبەتلەر پەقەت سېنىڭ سىنىقىڭدۇر، شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن، ئى پەرۋەردىگارىم! سەن بىزنىڭ ئىگىمىز، ياردەمچىمىز ۋە قوغدىغۇچىمىزسەن، بىلىپ - بىلمەي قىلىپ سالغان گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، چەكسىز مەرھەمىتىڭ ئارقىلىق بىزگە رەھىم - شەپقەت قىلغىن. سەن گۇناھلارنى ئەڭ ياخشى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە گۇناھكارلارنى ئەڭ ياخشى كەچۈرۈم قىلغۇچىسەن. 156. «بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق> دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: <ئازابىم بىلەن (بەندىلىرىمدىن) خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇپرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن>.» بۇ ئايەت، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ داۋامىدۇر. يەنى ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن بارلىق گۇناھلىرىمىزدىن قول ئۈزۈپ ساڭا تەۋبە قىلدۇق» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئازابىمغا كەلسەك، ئۇنىڭ بىلەن

بەندىلىرىمدىن خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر.» بۇ ھەقتە ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: «ئازابقا دۇچار قىلىمەن» دېگەن ئايەتنىڭ كەلگۈسى زامانىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىلدا كەلتۈرۈلۈپ، «دۇچار قىلىش» پېئىلىنىڭ ئازابقا نىسبەت بېرىلىشى ۋە «مېنىڭ رەھمىتىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى» دېگەن ئايەتنىڭ ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىلدا كەلتۈرۈلۈپ رەھمەتكە نىسبەت بېرىلىشى، بۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ تەقەززاسى، ئازاب بولسا، بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «رەھمىتىمنى ئاخىرەتتە كۇپرىدىن ۋە گۇناھتىن ساقلانغۇچىلارغا، ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن.» 157. «ئۇلار ئەلچىگە - ئۇممىي پەيغەمبەرگە (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كويزا - كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (قۇرئان)غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» يەنى، مېنىڭ رەھمىتىمگە ئېرىشىدىغان

كىشىلەر، ئۇقۇش - يېزىشنى بىلمەيدىغان ئۇممىي پەيغەمبەر بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشىلەردۇر. بۇ ھەقتە بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالاغا بېقىنغۇچى سۆز سۈپىتىدە ئۇنى رەسۇل؛ بەندىلەرگە بېقىنغۇچى سۆز سۈپىتىدە ئۇنى نەبى دەپ ئاتىدى.» ئۇ شۇنداق بىر پەيغەمبەركى، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: دېمەك بۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا يېزىلغان سۈپەتلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭ ئاخىر زاماندا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئۆز ئۈممەتلىرىگە خۇش خەۋەر بېرىشتى ھەمدە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بۇيرۇدى. ئۇنىڭ سۈپەتلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا ھازىرمۇ يېزىقلىقتۇر. ئۇلارنىڭ ئالىملىرى ۋە دانىشمەنلىرى بۇ سۈپەتلەردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى پەقەت ياخشى ئىش قىلىشقىلا بۇيرۇيدۇ ھەمدە پەقەت ھەر تۈرلۈك يامان ئىشلارنى قىلىشتىنلا توسىدۇ، ئۇلارغا لەنتى زۇلۇملىرى تۈپەيلى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىنغان پاك ۋە گۈزەل نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، قان، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان (نىڭ گۆشى)، چوشقا گۆشى قاتارلىق نىجىس نەرسىلەرنى يېيىشنى ھارام قىلىدۇ. ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، تەۋبە مەسىلىسىدە ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، كىيىم - كېچەكلەردىن نىجاسەت يوقۇپ قالغان يەرلەرنى كېسىپ تاشلاش، مەيلى قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن بولسۇن، ئادەم ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىدە قاتىلدىن قىساس ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە خۇددى تاقاق، كويزا

- كىشەنلەرگە ئوخشايدىغان ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئۇلارنىڭ زىممىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان شانلىق قۇرئانغا ۋە ئىلاھىي قانۇنغا ئەگەشكۈچىلەر مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. 158. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا ھەم ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى - ئۇممىي پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار>.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن پۈتكۈل دۇنيا خەلقىگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.» بۇ ئايەت، رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ پۈتكۈل دۇنيا خەلقى ئۈچۈن ئورتاق ئىكەنلىكىنى ئوچۇقلاپ بېرىدۇ. ئى مۇھەممەد! ئىنسانلارغا يەنە شۇنداق دېگىنكى، «ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە پۈتكۈل كائىناتنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا نە ئىلاھ، نە مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ تىرىلدۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈشكە تامامەن قادىر ئىلاھتۇر، شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، پۈتكۈل مەخلۇقاتلىرى ئۈچۈن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىنى تەستىق قىلىڭلار، ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيدىغان، ئۆزىگە ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان ساماۋىي كىتابلارنى

تەستىق قىلىدىغان مۆجىزىلەر ساھىبى ئۇممىي پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈشلار، ھىدايەت تېپىشلار ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىشلار ئۈچۈن ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىشلار ۋە مەڭگۈ ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىشلار.» 159. «مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ (بەنى ئىسرائىلنىڭ) ئىچىدە (كىشىلەرنى) ھەق بىلەن توغرا يولغا باشلايدىغان، ھەق بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان بىر جامائە بار.» يەنى، بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھىي قانۇنىنى تۇتقا قىلىپ كىشىلەرنى ھەق بىلەن توغرا يولغا باشلايدىغان، ھەق بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان بىر جامائە بار. بۇ ھەقتە زەمەخشەرى مۇنداق دېدى: ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلدىن دىن بارىسىدا تەۋرەپ ۋە شۈبھىلىنىپ قالغان، ھەتتا موزايغا چوقۇنۇش ۋە ئاللاھ تائالانى ئاشكارا كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشەك چوڭ گۇناھلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قەتئىي ئىمان ئېيتقان، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھىي قانۇنىنى تۇتقا قىلىپ كىشىلەرنى ھەق بىلەن توغرا يولغا باشلايدىغان، ھەق بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان بىر جامائەنىڭمۇ بارلىقىنى بايان قىلدى. 160. «ئۇلار (ئىسرائىل) نى 12 تارماققا (قەبىلىگە) جامائەلەر قىلىپ بۆلۈۋەتتۇق. مۇسانىڭ قەۋمى (باياۋاندا) ئۇنىڭدىن سۇ تەلەپ قىلغاندا، مۇساغا: <ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن> دەپ ۋەھيى قىلدۇق. (مۇسا ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇۋىدى) ئۇنىڭدىن (قەبىلىلەرنىڭ سانى بويىچە) 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەر قەبىلە ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلىۋالدى. ئۇلارغا بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، ئۇلارغا تەرەنجىبىن بىلەن

بۆدۇنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى): <سىلەر بىز رىزىقلاندۇرغان لەززەتلىك نەرسىلەردىن يەڭلار>. (ئۇلار بۇ ئۇلۇغ نېمەتلەرگە نانكورلۇق قىلىش بىلەن) بىزگە زىيان سالغىنى يوق، بەلكى (ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىشلىرى بىلەن) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم سالدى.» يەنى، بەنى ئىسرائىلنى بۆلۈپ ھەر خىل قەبىلىلەرگە ئايرىۋەتتۇق. جۈملىدىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 ئەۋلادىدىن 12 قەبىلىنى مەيدانغا كەلتۈردۇق. ئەبۇ ھەييان بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: بىز مۇسانىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش مەقسىتىدە، ھەر قەبىلىنىڭ باشلىقى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلسۇن دەپ، ئۇلارنى تۈرلۈك قەبىلىلەرگە بۆلۈۋەتتۇق. جۈملىدىن، بىر - بىرىگە ھەسەت ۋە جېدەل - ماجىرا قىلىشىپ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشمىسۇن دەپ، ئۇلارنى 12 قەبىلە قىلىپ بۆلۈۋەتتۇق. دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى كېڭەش بىلەن بىر تەرەپ قىلىشلىرى ئۈچۈن، ھەر بىر قەبىلىگە بىر باشلىق تەيىن قىلدۇق. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى تىھ چۆلىدە قاتتىق چاڭقاپ كېتىپ ئۇنىڭدىن سۇ تەلەپ قىلغاندا، مۇساغا ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇشنى ۋەھيى قىلدۇق. مۇسا ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرغان ھامان، ئۇنىڭدىن قەبىلىلەرنىڭ سانى بويىچە 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەر قەبىلە ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلىۋالدى. تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: ھېچقانداق بىر قەبىلە سۇ ئىچىش ئۈچۈن باشقا قەبىلىگە بارمايتتى. ئۇلارنى قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرى ۋە ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق. ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ئۇلارغا سايىۋەن قىلىپ بەرگەن بۇلۇت ئۇلار نەگە بارسا شۇ يەرگە

باراتتى، ئۇلار توختىغان ھامان ھېلىقى بۇلۇتمۇ تەك توختايتتى. ئۇلارغا ناھايىتى لەززەتلىك تاماقنى چۈشۈرۈپ بەردۇق، ئۇ بولسىمۇ تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۇنە ئىدى. تەرەنجىبىن ناھايىتى تاتلىق مېۋە بولۇپ، قورسىقى ئاچقان ھامان ئۇلار ئۇنىڭدىن يەيتتى. بۆدۇنە بولسا، گۆشى ناھايىتى لەززەتلىك بىر قۇش ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار مېھنەت قىلمىسىمۇ ۋە تەر ئاققۇزمىسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان ئېھسانى ۋە ئىكرامىدۇر. ئۇلارغا ئېيتتۇقكى: «سىلەر بىز رىزىقلاندۇرغان بۇ پاك ۋە لەززەتلىك نەرسىلەردىن يەڭلار». بىراق ئۇلار بىزگە ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئۆز - ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشتى. بۇ ئايەتتە ئىخچاملاش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، ئەسلىسى مۇنداق: ئۇلار بۇ ئۇلۇغ نېمەتلەرگە نانكورلۇق قىلىش بىلەن بىزگە ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئۆزلىرىگە زىيان سالدى، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ نېمەتلىرىگە نانكورلۇق قىلىش بىلەن ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىشتى.

161. «ئۆز ۋاقتىدا (بىز ئۇلارغا) (بەنى ئىسرائىلنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىغا): <سىلەر بۇ شەھەر (بەيتۇلمۇقەددەس)دە تۇرۇڭلار، ئۇ يەردىكى يېمەكلىكلەردىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، شەھەر دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، (كىرىۋاتقان چېغىڭلاردا) ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن، دەڭلار، جىمى گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا (ساۋابىنى) زىيادە بېرىمىز> دېدۇق.» يەنى، ئۆز ۋاقتىدا، بىز بەنى ئىسرائىلنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىغا: سىلەر بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرىگە يەرلىشىڭلار، ئۇ يەردىكى يېمەكلىكلەر بىلەن مېۋە - چېۋىلەردىن قايسى ئۇسۇلدا ۋە قايسى تەرەپتىن يېيىشنى خالىساڭلار شۇ بويىچە

يەڭلار، شەھەر دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، كىرىۋاتقان چېغىڭلاردا، ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن، دەڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ئىلگىرىكى بارلىق گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا ساۋابىنى زىيادە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەننەتكە كىرىش سالاھىيىتىگىمۇ ئىگە قىلىمىز، دېگەنلىكىمىزنى ئۇلارغا ئەسلىتىپ قويغىن. 162. «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملار ئۇلارغا ئېيتىلغان سۆز (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) باشقا سۆزلەرگە ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇلار زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب ئەۋەتتۇق.» يەنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملار ئۇلارغا ئېيتىلغان ئاللاھنىڭ ئەمرىنى، ئۇنىڭغا قىلچىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان باشقا سۆزلەرگە ئۆزگەرتىۋەتتى. دەرۋەقە، ئۇلار «كەچۈرگىن» ئىبارىسىنى «ئارپا ئىچىدىكى بۇغداي»غا ئۆزگەرتىۋېتىشتى. بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلغان ھالدا كىرىشىنىڭ ئورنىغا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى قىلچە كۆزگە ئىلماي مەسخىرە قىلىشىپ، كەينىچە يانپاشلاپ ماڭغان ھالدا كىرىشتى. ئۇلار ئىلگىرىمۇ، ھازىرىنىڭ ئۆزىدىمۇ زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب ئەۋەتتۇق. بۇ ھەقتە ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: «ئاسماندىن ئازاب»تىن مەقسەت، «ۋابا كېسەللىكى»دۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلاردىن 24 مىڭ كىشى بىر سائەت ئىچىدىلا «ۋابا كېسەللىكى» سەۋەبىدىن ئۆلگەن. 163. «ئۇلار (يەھۇدىيلار) دىن دېڭىز (قۇلزۇم دېڭىزى) بويىدىكى (ئەيلە) شەھىرىنىڭ

ئەھۋالىنى سورىغىن. (ئۇنىڭ ئاھالىسى بېلىق تۇتۇش چەكلەنگەن كۈن) شەنبىدە ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن چىقاتتى. چۈنكى شەنبە كۈنى بېلىقلار سۇ ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلەتتى، شەنبىدىن غەيرىي كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلمەيتتى، پاسىق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى مۇشۇنداق سىنايمىز.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئاشۇ يەھۇدىيلاردىن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەھۋالى، قۇلزۇم دېڭىزى بويىدىكى ئەيلە شەھىرىنىڭ ۋە ئۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، بېلىق تۇتۇش چەكلەنگەن شەنبە كۈنىدە بېلىق تۇتۇپ قانداق ئاقىۋەتلەرگە قالغانلىقلىرى توغرۇلۇق سورىغىن. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سۈرىتى مۇبەددەل قىلىپ، مايمۇن، چوشقىلارغا ئايلاندۇرۇۋەتمىدىمۇ؟ ئىبنى كەسىرگە كۆرە بۇ شەھەر، قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان ئەيلە شەھىرىدۇر. ئۇلار بېلىق تۇتۇش چەكلەنگەن كۈن شەنبىدە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ چەكلىمىسىدىن چىقاتتى. چۈنكى شەنبە كۈنى بېلىقلار سۇ ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلەتتى، ھالبۇكى، بۇ كۈندە بېلىق تۇتۇش ئۇلارغا ھارام قىلىنغانىدى. بېلىقلار شەنبىدىن غەيرىي كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلمەيتتى، پاسىق بولغانلىقلىرى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەنە شۇنداق ھەيران قالارلىق ئىمتىھانلار بىلەن سىنايمىز. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ۋەقە داۋۇد ئەلەيھىسسالام زامانىدا يۈز بەرگەن. شەيتان ئۇلارنى ۋەسۋەسە قىلىپ شۇنداق دېگەنكى، سىلەرنىڭ پەقەت شەنبە كۈنىلا بېلىق

تۇتۇشۇڭلار مەنئى قىلىندى. سىلەر كۆلچەكلەرنى ياساپ بېلىقلارنى تولدۇرۇڭلار. دەرۋەقە، ئۇلار شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كۆلچەكلەرنى ياساپ چىقىشتى. شەنبە كۈنى بېلىقلارنى كۆلچەكلەرگە ھەيدەيتتى. سۇ ئاز بولغانلىقتىن ۋە باشقا يەرگە كېتىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، بېلىقلار نائىلاج كۆلچەكلەردە تۇرۇپ قالاتتى. ئۇلار يەكشەنبە كۈنى بېلىقلارنى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىشەتتى. قىسقىسى، ئۇلار بېلىق تۇتۇشتا ھىيلە ئىشلىتىشەتتى. 164. «ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جامائە ئادەملەر: <ئاللاھ ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلىسىلەر؟> دېدى. ئۇلار (ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىلار): <پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا (گۇناھقا سۈكۈت قىلىپ تۇردۇق دەپ) ئۆزرە ئېيتماسلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ (گۇناھتىن چەكلىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق)> دېدى.» ـ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جامائە ئادەملەر: «ئاللاھ ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلىسىلەر؟» دېدى. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ چەكلىمىسىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، شەنبە كۈنى بېلىق تۇتۇشتا ھىيلە ئىشلەتكەن پىرقىدۇر. ئىككىنچىسى، بىرىنچى پىرقىغە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلماسلىق توغرۇلۇق ۋەز ـ نەسىھەت قىلغان پىرقىدۇر. ئۈچىنچىسى بولسا، بىرىنچى پىرقە بىلەن قىلچە كارى بولمىغان، ئۇلارغا نەسىھەتمۇ قىلمىغان، نەسىھەت

قىلغانلارغا «ئاللاھ ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرگە نېمە دەپ ۋەز - نەسىھەت قىلىسىلەر؟ ھالبۇكى ئۇلار كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىڭلاردەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تېگىشلىك بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىنىڭلار بىلەنمۇ ھېچقانداق پايدىسى يوق» دېگەن پىرقىدۇر. ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىلار ئۇلارغا مۇنداق دېيىشتى: «ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا <گۇناھقا سۈكۈت قىلىپ تۇردۇق> دەپ ئۆزرە ئېيتماسلىقىمىز ۋە بەلكى ئۇلار ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، گۇناھتىن چەكلىنىپ قالار> دېگەن ئۈمىد بىلەن نەسىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلىۋاتىمىز.» بۇ ئايەتنى تەبەرىي مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: شۇنداق قىلساق، بەلكى ئۇلار ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشلىرى ھەمدە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ۋە شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىيالمىغانلىق گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشلىرى مۇمكىن. 165. «ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا، يامان ئىشتىن مەنئى قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق، ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، زالىملارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلدۇق.» يەنى، ئۇلار سالىھ كىشىلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا، يەر يۈزىدە يامان ئىشتىن مەنئى قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق، توغرا يولدىن ئاداشقانلىقلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، ئىسيانكار ۋە ھارام ئىشلارنى قىلغۇچى زالىملارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلدۇق. 166. «ئۇلار نەھيى قىلىنغان نەرسىنى تەرك ئېتىشتىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا: <خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار> دېدۇق.» يەنى، ئۇلار

ھەقىقەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تەكەببۇرلۇقلىرى تۈپەيلى ئۆزلىرىگە نەھيى قىلىنغان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىشتىن ۋاز كەچمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى خار مايمۇن ۋە چوشقىلارغا ئايلاندۇرۇۋەتتۇق. يەنى ئۇلار ئالدى بىلەن قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىندى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا ئۇلارغا چەكلەنگەن نەرسىنى تەرك ئېتىشتىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن سۈرىتى مۇبەددەل قىلىنىپ، خار مايمۇن ۋە چوشقىلارغا ئايلاندۇ-رۇۋېتىلدى. قىسقىسى، ئەيلە شەھىرىنىڭ ئاھالىسى ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنۈپ كەتتى. بىرىنچى پىرقە ھەقىقەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولدى. ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئىككىنچى پىرقە بىرىنچى پىرقىغە ۋەز - نەسىھەت قىلدى، شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇردى. ئۈچىنچى پىرقىمۇ بىرىنچى پىرقىدىن ئايرىلدى - يۇ، بىراق نە ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلمىدى، نە گۇناھ ئىشلارنىمۇ قىلمىدى. قۇرئان كەرىمدە ئۇلار توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىدى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس: «ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىمدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن ئۈچىنچى پىرقىغە نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ياكى ھالاك بولغانلىقىنى بىلمەيمەن» دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۈچىنچى پىرقىنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقى توغرۇلۇق ئىبنى ئابباسنى قايىل قىلغانغا قەدەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدىم. چۈنكى ئۇلار باشقىلارنىڭ يامان ئىشلىرىنى ياقتۇرمايتتى. مەن ئىبنى ئابباسنى قايىل قىلغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا تون ياپتى.» 167.

«(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا (يەھۇدىيلارغا) قىيامەتكىچە چوقۇم قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.» ــ ئى مۇھەممەد! ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ تائالاغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكلىرى، ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى ۋە مەنئى قىلغان ئىشلارنى قىلغانلىقلىرى تۈپەيلى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ يەھۇدىيلارغا قىيامەتكىچە چوقۇم ئەڭ قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى يەھۇدىيلارغا بىلدۈرگەنلىكىنى ئەسلەپ باققىن. دەرۋەقە، ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا بۇختۇنەسىرنى مۇسەللەت قىلدى. بۇختۇنەسىر ئۇلارنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا خىرىستىيانلارنى مۇسەللەت قىلدى. خىرىستىيانلار ئۇلارغا زۇلۇم قىلىپ قاتتىق ئەزدى ۋە ئۇلاردىن پىدىيە (باج) ئالدى. كېيىنچە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇسەللەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ دۆلەتنى ئۇلاردىن تازىلاپ، ئۇلارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن سۈرگۈن قىلدى. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھىتلېرنى مۇسەللەت قىلدى. ھىتلېر ھىمايە قىلىش ۋە قوغداشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى قىرغىن قىلدى، ھەتتا مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىپ، ئار - نومۇسىنى ئاياغ ئاستى قىلدى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە باشقا جايلارغا سۈرگۈن قىلىش ئارقىلىق، تەلتۆكۈس ھالاك قىلىۋەتكىلى تاس قالدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئازابنى مۇسەللەت قىلىشقا دائىر ۋەدىسى، خۇدايىم بۇيرىسا ھەل

قىلغۇچ بىر جەڭدە مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تەلتۆكۈس يوقاتقانغا قەدەر ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. «بۇ كۈندە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ.» (رۇم سۈرىسى 4 ـ 5 - ئايەتلەر.) شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ئەمرىگە بويسۇنماي ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر، ئىتائەت قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. 168. «ئۇلارنى يەر يۈزىدە تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ بار، ياخشىلىرىدىن تۆۋەنلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ (كۇپرىدىن ۋە گۇناھتىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قاتتىقچىلىق ۋە كەڭچىلىك بىلەن سىنىدۇق.» يەنى، يەھۇدىيلارنى يەر يۈزىدە تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈۋەتتۇق، ھەر بىر دۆلەتتە ئۇلاردىن بىر پىرقە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئائىت ھېچقانداق بىر رايون يوقتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار شانۇشەۋكەتكە ئىگە ئەمەس. ئۇلارنىڭ نۆۋەتتە مۇقەددەس جايدا توپلىنىشى، خۇدايىم بۇيرىسا مۆمىنلەرنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ يوق بولۇشلىرى ئۈچۈندۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ بۇنىڭ چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «تاكى مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.) ئاللاھ تائالا يۇقىرىدىكى بايانلاردىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كاپىر ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىنىڭمۇ، يامانلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مۆمىن ۋە سالىھ كىشىلەر بولۇپ، بۇلار ناھايىتى ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا كۇپرىلىقلىرى ۋە توغرا يولدىن

ئاداشقانلىقلىرى تۈپەيلى، سالىھ كىشىلەردىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلار ناھايىتى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپرەكىدىن ۋە گۇناھتىن قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى تۈرلۈك نېمەتلەر، ھەرخىل بالايىئاپەتلەر، قاتتىقچىلىق ۋە كەڭچىلىك بىلەن سىنىدۇق. 169. «ئۇلاردىن كېيىن، (يامان) ئەۋلادلار تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل - مېلىنى (ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي، قارىقويۇق) ئالىدۇ ۋە بىزنى ئاللاھ ئەپۇ قىلىدۇ، دەيدۇ. شۇنداق پۇل - مال ئۇلارنىڭ قولىغا كەلسە، ئۇلار يەنە ئالىدۇ. كىتابتا (تەۋراتتا) ئاللاھ تائالاغا (يالغان چاپلىماي) پەقەت ھەقنىلا ئېيتىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلار تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى ئوقۇغان ئىدى. ھارامنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغانلارغا ئاخىرەت ياخشىدۇر، بۇنى چۈشەنمەمسىلەر؟» ـ ئۇلاردىن كېيىنمۇ، كىتاب (تەۋرات)قا ۋارىسلىق قىلغان يامان كىشىلەر كەلدى. ئىبنى كەسىر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ياخشىلىرىنىمۇ، يامانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەۋلادلاردىن كېيىن، ۋاپاسىز باشقا ئەۋلادلار كەلدى. بۇلار ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان كىتاب (تەۋرات)قا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل - مېلىنى ھالال - ھارام دەپ ئايرىماي، قارىقويۇق ئالاتتى ھەمدە «ئاللاھ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دېيىشەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئوچۇقتىن - ئوچۇق مەغرۇرلۇقى ۋە ئاللاھ تائالاغا بوھتان چاپلىشىدۇر. چۈنكى ئۇلار گۇناھلاردىن قىلچە قول ئۈزمىگەن تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەمە قىلىشاتتى. پۇل - مال ئۇلارنىڭ قولىغا كەلسە، ئۇلار ھالال - ھارام دەپ ئايرىماي،

قارىقويۇق يەنە ئالىدۇ. بۇ سوئال ئەيىبلەش ۋە كايىشنى ئىپادىلەيدۇ. تەۋراتتا ئاللاھ تائالاغا يالغان چاپلىماي پەقەت ھەقنىلا ئېيتىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنمىغانمىدى؟ ئۇلار گۇناھ - مەسىيەتلەرنى قىلىش ۋە ھارام يېيىشتە چىڭ تۇرغان تۇرۇقلۇق قانداقسىگە ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدىكىنە؟ بۇ جۈملە ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلىمەكتە. يەنى ھالبۇكى، ئۇلار تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى ئوقۇغان ئىدى، شۇڭا ئۇلار باتىل سۆزلەر ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بوھتان چاپلاشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭ جازاسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن تولۇق خەۋەر تېپىشقان ئىدى. ھارامنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغانلارغا ئاخىرەت ياخشىدۇر. بۇ سوئال ئىنكار قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئۇلار پىكىر يۈرگۈزۈپ بۇنى چۈشەنمەمدۇ؟ بۇنىڭ ئۇقۇمى مۇنداق: ئەگەر ئۇلار ئەقىللىق بولغان بولسىدى، پانىي دۇنيانى باقى دۇنيادىن ئارتۇق بىلمىگەن بولاتتى.

170. «كىتابنى مەھكەم تۇتىدىغانلار، نامازنى ئوقۇيدىغانلار (ساۋابقا ئېرىشىدۇ)، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەقىقەتەن زايە قىلىۋەتمەيمىز.» ـ دىنىي ئىشلاردا ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان كىتابنى مەھكەم تۇتىدىغانلار، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا تەدىل ئەركان بىلەن ئوقۇيدىغانلارنىڭ مۇكاپاتلىرىنى ھەرگىزمۇ زايە قىلىۋەتمەيمىز، ئەكسىچە ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى بىجانىدىل ئورۇنلىغانلىقلىرى ۋە سالىھ كىشىلەردىن بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئېسىل مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلايمىز.

**ئىلاۋە:** «ئەلخەلەف» ئىبارىسى «ئورۇنباسار» (باشقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ياخشى ئىشلارنى يولغا قويىدىغان كىشى) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئەلخەلفى» ئىبارىسى بولسا «باشقىلارغا ۋارىسلىق قىلىدىغان يامان كىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مۇنۇ ئايەتتىكى: «ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپس - خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» «خەلفۇن» ئىبارىسىمۇ مۇشۇ مەنىدە قوللىنىلغان. (مەريەم سۈرىسى 59 - ئايەت.) قالغىنىغا ئاللاھ تائالا ئەڭ ئالىمدۇر.

وَإِذْ نَتَقْنَا ٱلْجَبَلَ فَوْقَهُمْ كَأَنَّهُۥ ظُلَّةٌ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُۥ وَاقِعٌۢ
بِهِمْ خُذُواْ مَآ ءَاتَيْنَٰكُم بِقُوَّةٍ وَٱذْكُرُواْ مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ
تَتَّقُونَ ﴿١٧١﴾ وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنۢ بَنِىٓ ءَادَمَ مِن ظُهُورِهِمْ
ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ ۖ قَالُواْ
بَلَىٰ شَهِدْنَآ ۛ أَن تَقُولُواْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَٰذَا
غَٰفِلِينَ ﴿١٧٢﴾ أَوْ تَقُولُوٓاْ إِنَّمَآ أَشْرَكَ ءَابَآؤُنَا مِن قَبْلُ وَكُنَّا
ذُرِّيَّةً مِّنۢ بَعْدِهِمْ ۖ أَفَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ ٱلْمُبْطِلُونَ ﴿١٧٣﴾
وَكَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلْءَايَٰتِ وَلَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿١٧٤﴾ وَٱتْلُ
عَلَيْهِمْ نَبَأَ ٱلَّذِىٓ ءَاتَيْنَٰهُ ءَايَٰتِنَا فَٱنسَلَخَ مِنْهَا فَأَتْبَعَهُ
ٱلشَّيْطَٰنُ فَكَانَ مِنَ ٱلْغَاوِينَ ﴿١٧٥﴾ وَلَوْ شِئْنَا لَرَفَعْنَٰهُ بِهَا
وَلَٰكِنَّهُۥٓ أَخْلَدَ إِلَى ٱلْأَرْضِ وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ ۚ فَمَثَلُهُۥ كَمَثَلِ
ٱلْكَلْبِ إِن تَحْمِلْ عَلَيْهِ يَلْهَثْ أَوْ تَتْرُكْهُ يَلْهَث ۚ ذَّٰلِكَ

مَثَلُ ٱلْقَوْمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا ۚ فَٱقْصُصِ ٱلْقَصَصَ
لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ ﴿١٧٦﴾ سَآءَ مَثَلًا ٱلْقَوْمُ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟
بِـَٔايَٰتِنَا وَأَنفُسَهُمْ كَانُوا۟ يَظْلِمُونَ ﴿١٧٧﴾ مَن يَهْدِ ٱللَّهُ فَهُوَ
ٱلْمُهْتَدِى ۖ وَمَن يُضْلِلْ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿١٧٨﴾ وَلَقَدْ
ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرًا مِّنَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ ۖ لَهُمْ قُلُوبٌ لَّا
يَفْقَهُونَ بِهَا وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لَّا يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ ءَاذَانٌ لَّا
يَسْمَعُونَ بِهَآ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ كَٱلْأَنْعَٰمِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلْغَٰفِلُونَ ﴿١٧٩﴾ وَلِلَّهِ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ فَٱدْعُوهُ بِهَا ۖ
وَذَرُوا۟ ٱلَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِىٓ أَسْمَٰٓئِهِۦ ۚ سَيُجْزَوْنَ مَا كَانُوا۟
يَعْمَلُونَ ﴿١٨٠﴾ وَمِمَّنْ خَلَقْنَآ أُمَّةٌ يَهْدُونَ بِٱلْحَقِّ وَبِهِۦ
يَعْدِلُونَ ﴿١٨١﴾ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا سَنَسْتَدْرِجُهُم مِّنْ
حَيْثُ لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٨٢﴾ وَأُمْلِى لَهُمْ ۚ إِنَّ كَيْدِى مَتِينٌ ﴿١٨٣﴾
أَوَلَمْ يَتَفَكَّرُوا۟ ۗ مَا بِصَاحِبِهِم مِّن جِنَّةٍ ۚ إِنْ هُوَ إِلَّا نَذِيرٌ
مُّبِينٌ ﴿١٨٤﴾ أَوَلَمْ يَنظُرُوا۟ فِى مَلَكُوتِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا
خَلَقَ ٱللَّهُ مِن شَىْءٍ وَأَنْ عَسَىٰٓ أَن يَكُونَ قَدِ ٱقْتَرَبَ
أَجَلُهُمْ ۖ فَبِأَىِّ حَدِيثٍۭ بَعْدَهُۥ يُؤْمِنُونَ ﴿١٨٥﴾ مَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ
فَلَا هَادِىَ لَهُۥ ۚ وَيَذَرُهُمْ فِى طُغْيَٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١٨٦﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ۋە ھەقىقەتكە قارشى سەركەشلىكى

ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنىدى. نۆۋەتتىكى ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا ئەگەر ئۇلار تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلمىغان تەقدىردە تۇر تېغىنى قومۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلەپ قويۇپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئارقىلىق جازالىغانلىقى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىدۇ. ئاندىن يامان ئالىملارغا قىسسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ. بۇ قىسسە، دۇنيانىڭ پۇل - مېلىنى تەمە قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن ئۈزاقلاشقان كىشىلەرنىڭ قىسسىسىدۇر. شۇڭا، بۇ قىسسەدە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى گويا ئۇنى قوغلىۋەتسىمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدىغان، قوغلىۋەتمىسىمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدىغان بىر ئىتقا ئوخشىتىدۇ. بۇ مىسال يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيانىڭ پۇل - مېلىغا نىسبەتەن گويا ئىتقا ئايلىنىپ كېتىشلىرى ۋە مال - دۇنياغا چوقۇنۇشلىرى بارىسىدا ئۇلارنىڭ روھى ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

**تەپسىرى:** 171. «ئۆز ۋاقتىدا (تۇر) تاغنى قومۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىدۇق، ئۇلار تاغنى ئۈستىلىرىگە چۈشۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) تەۋرادارلار قاتارىدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلەرگە بېرىلگەن كىتابنى (تەۋراتنى) مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىڭلار.» ـ ئۆز ۋاقتىدا تۇر تېغىنى قومۇرۇپ، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلەپ قويغانلىقىمىزنى ئەسلەپ ئۆتكىن. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان تەقدىردە، تۇر تېغىنىڭ باشلىرىغا چۈشىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشتى. مۇپەسسىرلەر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: رىۋايەت

قىلىنىشىچە، ئىسرائىل ئەۋلادى سەركەشلىكى ۋە ھورۇنلۇقلىرى تۈپەيلى تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىشقان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا تۇر تېغىنى قومۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا خۇددى سايىۋەندەكلا تىكلەپ قويغان ھەمدە ئۇلارغا مۇنداق دېيىلگەن: تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلساڭلا قىلىسىلەر، ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭلار، تۇر تېغى چوقۇم ئۈستۈڭلەرگە گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدۇ. ئۇلار تاغنى كۆرۈپلا ئۈستىگە گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ سەجدە قىلىشتى. ئۇلارغا ئېيتتۇقكى، «تەقۋادارلار قاتارىدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلەرگە بېرىلگەن تەۋراتنى مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىڭلار.» 172. «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: <مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟> دېدى (ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: <ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق> دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: <بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز> دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر.» يەنى، ئى مۇھەممەد! شۇنى ئەسلەپ ئۆتكىن ۋە ئۇلارغىمۇ خاتىرىلەتكىنكى، ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (نەسلىنى) ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىن چىقاردى ھەمدە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پەقەت يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئىقرار قىلدۇردى ۋە

بۇ ھەقتە ئۇلارنى بىر - بىرىگە گۇۋاھ قىلدۇردى.[1] ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىنى مەسھ قىلىپ، ئۇ يەردىن قىيامەتكىچە يارىتىدىغان بىر نەسىلنى چىقىرىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئىلاھلىقى ۋە يېگانىلىقىنى ئىقرار قىلدۇردى. ئۇلارمۇ بۇنى ئىقرار قىلدى ھەمدە قوبۇل قىلدى. ھېساب كۈنى (قىيامەت كۈنى): «بىز بۇنىڭدىن ۋە سېنىڭ ئىلاھلىقىڭنى ئىقرار قىلىشتىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى بىر - بىرىڭلارغا گۇۋاھ قىلدۇردۇق. 173. «ياكى <ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (بىزنىڭ

[1] بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەرنىڭ قاراشلىرى ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلدىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشى مۇنداق: ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندىن كېيىن، ئەۋلادلىرىنى ئۇنىڭ سۇلبى (ئۇمۇرتقا سۆڭىكى بىلەن قوۋۇرغا سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدىغان مەنى) دىن ياراتتى. ئۇلار جامائەت ھالىتىدە ياشايتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن، ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىلاھى ۋە يېگانە ئىكەنلىكىگە دائىر ئەھدە ئالدى. ئۇلارمۇ بۇنى قوبۇل قىلىشىپ، شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىشتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن. ساھابىلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق. ئىككىنچى خىلدىكى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشى مۇنداق: بۇ مىسال كەلتۈرۈش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش بابىدىندۇر. يەنى، جانابى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىلاھلىقى ۋە يېگانىلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى ئۇلارغا ناھايىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئۇقتۇردى. شۇنداقلا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئېھسان قىلغان ۋە ئازغۇنلۇق بىلەن ھىدايەتنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ بېرىدىغان كۈچتىن ئىبارەت ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئاڭنى بۇنىڭغا شاھىت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى گويا ئۆزلىرىگە قارشى شاھىت قىلغان بولدى ھەمدە ئۇلاردىن: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «شۇنداق، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن» دەپ جاۋاب بېرىشتى. زەمەخشەري، ئەبۇسسۇئۇد، ئەبۇ ھەييان قاتارلىق ئاتاقلىق مۇپەسسىرلەرمۇ دەل مۇشۇ قاراشتا. بىرىنچىسى تېخىمۇ توغرىراقتۇر.

ئۆزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟> دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر.» يەنى ياكى قىيامەت كۈنى، «بىز شېرىك كەلتۈرمىدۇق، پەقەت ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى ساڭا بۇتلارنى شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلارغا تەقلىد قىلىپ سالغان يېرىمىز بار، يەنى بۇ خۇسۇستا بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى بىر - بىرىڭلارغا گۇۋاھ قىلدۇردۇق. «ھەقىقەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي ئەگەشكەن مۇشرىك ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق. 174. «ئۇلارنىڭ (گۇمراھلىقتىن، ئاتا - بوۋىلىرىغا ئەگىشىشتىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز.» يەنى دېمەك، ئۇلاردىن ئەنە شۇنداق ئەھدە ئالغىنىمىزدەك، ئىنسانلارنىڭ بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈشلىرى، باتىلدىن ۋە ئاتا - بوۋىلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن ۋاز كېچىشلىرى ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز. 175. «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەھۇدىيلار)غا شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىزنى بەردۇق (كىتابۇللاھنىڭ بەزى ئىلىملىرىنى ئۆگەتتۇق). ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتتى، ئۇنىڭغا شەيتان ئاپىرىدە بولۇشى بىلەنلا گۇمراھلاردىن بولۇپ كەتتى.» ـ ئى مۇھەممەد! ئاشۇ يەھۇدىيلارغا ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىدىن بەزى ئىلىملەرنى ئۆگەتكەن شۇنداق بىر ئالىمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، ئۇ ئالىم ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش

ئارقىلىق، خۇددى يىلان تېرىسىدىن سويۇلغاندەكلا ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتتى، شەيتان ئۇنى تەقىب ئاستىغا ئېلىپ، پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالدى، ئاقىۋەت ئىلگىرى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولغان ئالىم، كېيىن باتىللىق پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن گۇمراھلاردىن بولۇپ كەتتى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئالىم بەلئۇم ئىبنى بائۇرا بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ <ئىسمى ئەزەم>نى بىلەتتى.» بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئالىم ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئارىسىدىكى بىر كىشى بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى مەديەن پادىشاھىنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن مەديەنگە ئەۋەتتى. پادىشاھ، مۇسانىڭ دىنىنى تەرك ئېتىپ ئۆزىنىڭ دىنىغا ئەگىشىشى ئۈچۈن بەلئۇمغا پارا سۈپىتىدە مال - مۈلۈك بەردى. بەلئۇممۇ بۇنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىنسانلارنى قايمۇقتۇرۇپ توغرا يولدىن ئاداشتۇردى. 176. «ئەگەر بىز خالىساق، ئۇنى (تەقۋادار ئۆلىمالار دەرىجىسىگە) كۆتۈرەتتۇق، لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپس - خاھىشىغا بويسۇندى، ئۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ، بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ قەۋمنىڭ مىسالىدۇر، ئويلاپ بېقىشلىرى ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى (قەۋمىڭگە) سۆزلەپ بەرگىن.» يەنى، ئەگەر بىز خالىساق، ئۇنى تەقۋادار ئۆلىمالار دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بولاتتۇق، لېكىن ئۇ دۇنياغا مايىل بولۇپ، بېرىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ لەززەت ۋە شەھۋەتلىرىنى ئاخىرەت يۇرتىدىن ئارتۇق كۆردى، نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەڭ پەسكەش بىر ئىتقا

ئايلىنىپ قالىدى. ئوچۇقراقى ئۇ گويا قوغلىنىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدىغان، قوغلىنىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدىغان بىر ئىتقا ئايلىنىپ قالىدى. بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان بارلىق كىشىلەرنىڭ مىسالى بولۇپ، بۇنىڭدا يەھۇدىيلارغا كىنايە قىلىنغان. چۈنكى ئۇلارغا تەۋرات نازىل قىلىنغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن خەۋەر تاپقانىدى. بىراق، ئۇلار سۈپەتلىرىدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئۆزلىرىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن چاغدا، ئۇنى ئىنكار قىلىشتى ۋە تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىنى كەينىلىرىگە چۆرۈۋېتىشتى. ئى مۇھەممەد! ساڭا ۋەھيى قىلغانلىرىمىزنى ئۇممىتىڭگە قىسسە قىلىپ بەرگىن. بەلكى ئۇلار پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىبرەت ئېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. 177. «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگە زىيان سالغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان!» يەنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان! ئۇلار ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىش بىلەن پەقەت ئۆزلىرىگىلا زىيان سېلىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشلىرىنىڭ ۋابالى پەقەت ئۆزلىرىگىلا بولىدۇ. 178. «ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەم ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، ئاللاھ گۇمراھ قىلغان ئادەم زىيان تارتقۇچىدۇر.» يەنى شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ توغرا يولغا يېتەكلىگەن ئادەم ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، بەختلىك كىشىدۇر ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈچىدۇر. ئاللاھ گۇمراھ قىلغان ئادەم چوقۇم بەدبەختتۇر ۋە زىيان تارتقۇچىدۇر. بۇ ئايەتتىن مەقسەت، ھىدايەت قىلىشنىڭمۇ ۋە گۇمراھ قىلىشنىڭمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر. 179.

«شەك - شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ بەلكى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر.» يەنى شەك - شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن ياراتتۇق. بۇ ئايەتتە، ئەزەلدىنلا بەدبەخت بولۇشقا تەقدىر قىلىنىپ كەتكەن كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلغان. ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى ئىبرەت كۆزى بىلەن كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى بىلەن پەندى - نەسىھەتلەرنى ئىبرەت ئېلىپ تىڭشىمايدۇ. بۇ يەردىكى مەقسەت، ئۇلارنىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويغانلىقىنى ئىپادىلەش ئەمەس، بەلكى دىن بارىسىدا ئۆزلىرىگە پايدا يەتكۈزىدىغان شەكىلدە ئويلاپ كۆرمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىشتۇر. ئۇلار ھەقىقەتنى چۈشەنمەسلىك، كۆرەلمەسلىك ۋە ئاڭلىماسلىقتا گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھەتتا ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، چۈنكى ھايۋانلار پايدا ـ زىياننى پەرق ئېتەلەيدۇ. بۇلار بولسا، پايدا - زىياننى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. ئەنە شۇلار غاپىللىق پاتقىقىغا پېتىپ كەتكۈچىلەردۇر. 180. «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار،

ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.» يەنى ئاللاھنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە شەرەپلىك ئىسىملىرى بار، ئۇلار ئەڭ گۈزەل ۋە شەرەپلىك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئاللاھنى ئەنە شۇ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن ئاتاڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى بارىسىدا مۇشرىكلارغا ئوخشاش ھەقتىن ئايرىلغانلارنى تەرك ئېتىڭلار. چۈنكى، مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن ئىسىم تۇرلەپ چىقىرىپ ئىلاھلىرىغا نام بېرىشكەن. مەسىلەن، ئۇلار «ئاللاھ تائالا»دىن لات، «ئەزىز»دىن ئۇززا ۋە «مەننان»دىن مەنات ئىسىملىرىنى تۇرلەپ چىقىرىپ ئىلاھلىرىغا نام بېرىشكەن. ئۇلار ئاخىرەتتە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. 181. «بىز ياراتقان ئۈممەتلەر ئىچىدە ھەق يولغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە ھەقتە چىڭ تۇرىدىغان بىر ئۈممەت بار.» يەنى، بىز ياراتقان مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغان بىر مىللەت بار بولۇپ، ئۇلار ئىنسانلارنى ھەق يولغا دەۋەت قىلىدۇ ھەمدە ھەق بىلەن ئەمەل ۋە ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتىكى ئۈممەتتىن مەقسەت، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدۇر. چۈنكى بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىكى بىر گۇرۇپپا كىشىلەر دائىما ھەق ئۈستىدە بولىدۇ. ئۇلارنى ياردەمدىن مەھرۇم قىلغان ۋە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلار ئۇلارغا ھەرگىزمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار تاكى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بىجانىدىل ئورۇنلايدۇ.» (بۇخارىي ۋە مۇسلىم

رىۋايەت قىلغان.) بۇ گۇرۇپپا ھېچقانداق بىر زامانغا خاس ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ھەر ۋاقىت، ھەممە يەردە بولىدۇ. ئىسلام دىنى ھەمىشە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ھېچقانداق بىر نەرسە يوقتۇر. گەرچە پاسىقلار بىلەن شەر ئەھلى كۆپىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەم قىلچە قىممىتى يوقتۇر ھەمدە قىلچە كۈچلىرىمۇ يوقتۇر. ھەدىستە، قىيامەتكە قەدەر ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ناھايىتى زور شان - شەرەپ ئۈستىدە بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە بىشارەت بېرىلگەن. 182. «بىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا - ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىمىز.» يەنى، مەككە ئەھلى ۋە باشقا ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلغانلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا - ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىمىز. بۇ ھەقتە بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنى ئاستا - ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرۇش مۇنداق بولىدۇ: ئۇلارغا ناھايىتى مول نېمەت ئاتا قىلىنىدۇ. ئۇلار بۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە بولغان لۇتپى دەپ گۇمان قىلىپ، تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىشىدۇ. 183. «ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، مېنىڭ ئازابىم ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر، يەنى ئۇلارغا ئالدى بىلەن مۆھلەت بېرىمەن، ئاندىن ئۇلارنى غالىب، قۇدرەتلىك ھالەتتە تۇرۇپ ھالاك قىلىمەن.» دەرۋەقە ھەدىستىمۇ مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئاندىن ئۇنى تۇيدۇرماستىن ئاستا - ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ.» مېنىڭ ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرۇشۇم ناھايىتى دەھشەتلىك، ئازابىم ھەقىقەتەن

قاتتىقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ شەكىلدە مۆھلەت بېرىشى، زاھىرىي جەھەتتىن بىر لۇتۇپ (مەرھەمەت)، ماھىيەت جەھەتتىن بىر جازا بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئۇنى «تۇزىقىم» دەپ ئاتىغان. 184. «ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەمراھى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ مەجنۇن ئەمەسلىكىنى ئويلىمامدۇ؟ ئۇ پەقەت ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.» يەنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلار پىكىر يۈرگۈزۈپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجنۇن ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئويلىمامدۇ؟ بۇ ئايەت، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بەرگەن مەجنۇنلۇقنى رەت قىلىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيتتى: «ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن ھەقىقەتەن مەجنۇنسەن.» (ھىجر سۈرىسى، 6 - ئايەت.) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەقەت ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچى بىر پەيغەمبەردۇر. ھەقىقەتنى چۈشىنەلەيدىغان، پىكىر - تەپەككۇر قىلالايدىغان ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى بۇنىڭ شۇنداقلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ، ئەلۋەتتە. 185. «ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە، ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلى يېقىنلىشىدىغانلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئۇلار (كالامۇللاھ ئىكەنلىكى شۇنچە روشەن بولغان) قۇرئاندىن باشقا يەنە قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟» يەنى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ سان - ساناقسىز مۆلكىگە كەلتۈرگەن دەلىللىرىگە قارىمامدۇ؟ ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ ئالەمشۇمۇل قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇنلىغان دەلىللەر

باردۇر. بۇ سوئال ئىنكار قىلىش، تەئەججۈبلىنىش ۋە ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ - كىچىك مەخلۇقاتلىرىغا قاراپ، بۇلارنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكى، شەنىنىڭ يۈكسەكلىكى، ياراتقۇچى ۋە ئىجاد قىلغۇچىنىڭ بىرلىكىگە دەلىل كەلتۈرۈشمەمدۇ؟ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ سەلتەنىتى، ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يېقىندا ئۆلىدىغانلىقلىرى توغرۇلۇق ئويلىنىپ كۆرۈشمەمدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەجىلى يېقىنلىشىشتىن بۇرۇن، ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان نەرسىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشلىرى لازىم. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكى شۇنچە روشەن بولغان قۇرئانغا ئىشەنمىسە، زادى قايسى سۆزگە ئىشىنىشىدىكىنە؟ 186. «ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقاپ يۈرىدۇ»، يەنى شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ئاللاھ تائالا ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ.

**ئىلاۋە:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللاھ تائالانىڭ «ئاللاھ تائالا <مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟> دېدى، ئۇلار: <ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن> دېدى» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرۇلۇق ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇلار «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىدى، ئەلۋەتتە كاپىر بولغان بولاتتى. بۇنىڭ ئۇقۇمى مۇنداق: «نەئەم» ئىبارىسى «بەلا» ئىبارىسىنىڭ دەل ئەكسىچە،

سەلبىي ياكى مۇسبەت ئېيتىلغان سۆزنى تەشۋىق قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار «نەئەم» دېگەن بولسىدى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارى ئەمەسلىكىنى ئىقرار قىلغان بولاتتى. ھالبۇكى «بەلا» ئىبارىسى ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى ئۇ پەقەت سەلبىي سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈنلا قوللىنىلىدىغان بىر قوشۇمچىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولغان بولىدۇ: ئەگەر ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن» دېگەن بولسىدى، ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئەمەسدۇرسەن» بولاتتى. ئىبنى ئابباسنىڭ دېمەكچى بولغىنىمۇ دەل مۇشۇ. چۈنكى بۇ ناھايىتى نازۇك بىر مەسىلىدۇر.

**ئەسكەرتىش:** ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ 99 ئىسمى بار. كىمكى ئۇلارنى يادلاپ دائىم زىكىر قىلسا جەننەتكە كىرىدۇ.» (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.) بۇ ھەقتە ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىسنىڭ ئۇقۇمى مۇنداق: «كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىسىملىرىنى يادقا ئېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزسە چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ.» بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ 99 ئىسمىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. چۈنكى يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى ئاللاھ! سەن ئۆزۈڭنى ئاتىغان ياكى ئۆز دەرگاھىڭدىكى غەيب ئىلمىڭدە ئۆزۈڭ ئۈچۈن تاللىغان بارلىق ئىسىملارنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن سەندىن تەلەپ قىلىمەن.» ئىبنى ئەرەبى بەزى كىشىلەردىن، ئاللاھ تائالانىڭ 1000 ئىسمى بارلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلسَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَىٰهَا ۖ قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا
عِندَ رَبِّى ۖ لَا يُجَلِّيهَا لِوَقْتِهَآ إِلَّا هُوَ ۚ ثَقُلَتْ فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضِ ۚ لَا تَأْتِيكُمْ إِلَّا بَغْتَةً ۗ يَسْـَٔلُونَكَ كَأَنَّكَ حَفِىٌّ
عَنْهَا ۖ قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ ٱللَّهِ وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ
لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٨٧﴾ قُل لَّآ أَمْلِكُ لِنَفْسِى نَفْعًا وَلَا ضَرًّا إِلَّا
مَا شَآءَ ٱللَّهُ ۚ وَلَوْ كُنتُ أَعْلَمُ ٱلْغَيْبَ لَٱسْتَكْثَرْتُ مِنَ
ٱلْخَيْرِ وَمَا مَسَّنِىَ ٱلسُّوٓءُ ۚ إِنْ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ لِّقَوْمٍ
يُؤْمِنُونَ ﴿١٨٨﴾ ۞ هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَٰحِدَةٍ وَجَعَلَ
مِنْهَا زَوْجَهَا لِيَسْكُنَ إِلَيْهَا ۖ فَلَمَّا تَغَشَّىٰهَا حَمَلَتْ حَمْلًا
خَفِيفًا فَمَرَّتْ بِهِۦ ۖ فَلَمَّآ أَثْقَلَت دَّعَوَا ٱللَّهَ رَبَّهُمَا لَئِنْ
ءَاتَيْتَنَا صَـٰلِحًا لَّنَكُونَنَّ مِنَ ٱلشَّـٰكِرِينَ ﴿١٨٩﴾ فَلَمَّآ ءَاتَىٰهُمَا
صَـٰلِحًا جَعَلَا لَهُۥ شُرَكَآءَ فِيمَآ ءَاتَىٰهُمَا ۚ فَتَعَـٰلَى ٱللَّهُ عَمَّا
يُشْرِكُونَ ﴿١٩٠﴾ أَيُشْرِكُونَ مَا لَا يَخْلُقُ شَيْـًٔا وَهُمْ يُخْلَقُونَ ﴿١٩١﴾
وَلَا يَسْتَطِيعُونَ لَهُمْ نَصْرًا وَلَآ أَنفُسَهُمْ يَنصُرُونَ ﴿١٩٢﴾
وَإِن تَدْعُوهُمْ إِلَى ٱلْهُدَىٰ لَا يَتَّبِعُوكُمْ ۚ سَوَآءٌ عَلَيْكُمْ
أَدَعَوْتُمُوهُمْ أَمْ أَنتُمْ صَـٰمِتُونَ ﴿١٩٣﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن
دُونِ ٱللَّهِ عِبَادٌ أَمْثَالُكُمْ ۖ فَٱدْعُوهُمْ فَلْيَسْتَجِيبُوا۟ لَكُمْ إِن
كُنتُمْ صَـٰدِقِينَ ﴿١٩٤﴾ أَلَهُمْ أَرْجُلٌ يَمْشُونَ بِهَآ ۖ أَمْ لَهُمْ أَيْدٍ
يَبْطِشُونَ بِهَآ ۖ أَمْ لَهُمْ أَعْيُنٌ يُبْصِرُونَ بِهَآ ۖ أَمْ لَهُمْ ءَاذَانٌ
يَسْمَعُونَ بِهَا ۗ قُلِ ٱدْعُوا۟ شُرَكَآءَكُمْ ثُمَّ كِيدُونِ فَلَا
تُنظِرُونِ ﴿١٩٥﴾ إِنَّ وَلِـِّۧىَ ٱللَّهُ ٱلَّذِى نَزَّلَ ٱلْكِتَـٰبَ ۖ وَهُوَ يَتَوَلَّى

ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٩٦﴾ وَٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ لَا يَسۡتَطِيعُونَ
نَصۡرَكُمۡ وَلَآ أَنفُسَهُمۡ يَنصُرُونَ ﴿١٩٧﴾ وَإِن تَدۡعُوهُمۡ إِلَى ٱلۡهُدَىٰ
لَا يَسۡمَعُواْۖ وَتَرَىٰهُمۡ يَنظُرُونَ إِلَيۡكَ وَهُمۡ لَا يُبۡصِرُونَ ﴿١٩٨﴾
خُذِ ٱلۡعَفۡوَ وَأۡمُرۡ بِٱلۡعُرۡفِ وَأَعۡرِضۡ عَنِ ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿١٩٩﴾
وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ نَزۡغٞ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ
سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٠٠﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ إِذَا مَسَّهُمۡ طَٰٓئِفٞ مِّنَ
ٱلشَّيۡطَٰنِ تَذَكَّرُواْ فَإِذَا هُم مُّبۡصِرُونَ ﴿٢٠١﴾ وَإِخۡوَٰنُهُمۡ
يَمُدُّونَهُمۡ فِي ٱلۡغَيِّ ثُمَّ لَا يُقۡصِرُونَ ﴿٢٠٢﴾ وَإِذَا لَمۡ تَأۡتِهِم بِـَٔايَةٖ
قَالُواْ لَوۡلَا ٱجۡتَبَيۡتَهَاۚ قُلۡ إِنَّمَآ أَتَّبِعُ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيَّ مِن رَّبِّيۚ
هَٰذَا بَصَآئِرُ مِن رَّبِّكُمۡ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٞ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٠٣﴾
وَإِذَا قُرِئَ ٱلۡقُرۡءَانُ فَٱسۡتَمِعُواْ لَهُۥ وَأَنصِتُواْ لَعَلَّكُمۡ
تُرۡحَمُونَ ﴿٢٠٤﴾ وَٱذۡكُر رَّبَّكَ فِي نَفۡسِكَ تَضَرُّعٗا وَخِيفَةٗ وَدُونَ
ٱلۡجَهۡرِ مِنَ ٱلۡقَوۡلِ بِٱلۡغُدُوِّ وَٱلۡأٓصَالِ وَلَا تَكُن مِّنَ
ٱلۡغَٰفِلِينَ ﴿٢٠٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ عِندَ رَبِّكَ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ عَنۡ
عِبَادَتِهِۦ وَيُسَبِّحُونَهُۥ وَلَهُۥ يَسۡجُدُونَ ۩ ﴿٢٠٦﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتى (دىنىي تەبلىغى)نى مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەنىدى. نۆۋەتتىكى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا، ئۇلارنىڭ سەركەشلىكلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەتنىڭ قاچان قايىم بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق سوراشتەك مەسخىرىۋازلىقلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. ئاندىن،

مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارغا ۋە ھەيكەللەرگە چوقۇنۇشلىرى بارىسىدىكى ئېتىقادلىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. سۈرىنىڭ خاتىمىسىدە، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ شەنىنىڭ بۈيۈكلۈكى (ئالەمشۇمۇل مۆجىزە ئىكەنلىكى)، قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاش ۋە تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا قۇلاق سېلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھتىن مۇنداق دەپ سورىغان: «ئەگەر سەن ھەقىقىي بىر پەيغەمبەر بولساڭ، بىزگە قىيامەتنىڭ قاچان قايىم بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر بەرگىن.» بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ.»

**تەپسىرى:** 187. «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، ‹ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم (ئاللاھ) بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، قىيامەت ئاسمان - زېمىندىكى ئېغىر ۋەقەدۇر. ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ›. گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك، ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ مەخپىي بولۇشىدىكى سەۋەبنى) بىلمەيدۇ.»

ـ ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن «قىيامەت قاچان قايىم بولىدۇ؟» دەپ، قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق سورىشىدۇ. قىيامەت كۈنى ئىنسانلاردىن ھېساب ناھايىتى تېز

ئىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، «قىيامەت» دەپ ئاتالدى. دەرۋەقە ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر.» (نەھل سۈرىسى، 77 - ئايەت.) ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم ئاللاھ بىلىدۇ.» ئاللاھ تائالا بۇنى يەنىمۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئىنسانلارغا ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ تائالالا بىلىدۇ. زېمىن ئەھلى بىلەن ئاسمانلارنىڭ ئەھلى ھەممىدىن بەكرەك قىيامەت ۋە ئۇنىڭ دەھشىتىدىن قورققانلىقتىن، قىيامەت ئۇلارغا ئېغىر ۋەقەدۇر. ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ. ئى مۇھەممەد! گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك، ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇرغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ قاچان قايىم بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، چۈنكى ئۇ، غەيبلەرنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان ئاللاھ تائالا ئۆزىگە خاس قىلغان غەيب ئىشلاردىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ مەخپىي بولۇشىدىكى سەۋەبنى بىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە فەخر رازى مۇنداق دەيدۇ: قىيامەتنىڭ بەندىلەردىن مەخپىي تۇتۇلۇشىدىكى ھېكمەت مۇنداق: بەندىلەر ئۇنىڭ قاچان قايىم بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭدىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىشىدۇ. بۇ بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشلىرى، گۇناھ - مەسىيەتلەردىن ئۇزاق تۇرۇشلىرىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. 188. «ئاللاھ خالىمىغان ئىكەن،

ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى ئۆزۈمدىن دەپئى قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، (قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى قانداقمۇ بىلەي؟) ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن) نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان - زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم (لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن، شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشى - يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ). مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا يەنە شۇنداق دېگىنكى: «ئاللاھ خالىمىغان ئىكەن، ھەتتا ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى ئۆزۈمدىن دەپئى قىلىشمۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئۇنداقتا قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى مەن قانداقمۇ بىلەي؟ ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان ۋە نۇرغۇنلىغان مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولغان بولاتتىم، دۇنيانىڭ تۈرلۈك ئاپەتلىرى ۋە زىيان - زەخمەتلىرىگىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم، ئەگەر غەيبنى بىلگەن بولسام، ئەلۋەتتە يامان ئىشلاردىن ساقلانغان بولاتتىم، لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن، شۇڭا مەن ئۈچۈن تەقدىر قىلىنغان ياخشى - يامانلىق ماڭا يېتىپ تۇرىدۇ. مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەرمەن، خالاس.» 189. «ئۇ سىلەرنى بىر جاندىن (ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۇنسى - ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، خوتۇنىنى (ھەۋۋانى) ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ياراتتى، خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، خوتۇنى يېنىككىنە

قورساق كۆتۈرۈپ ئېغىر بوي يۈردى، ئۇ (بالىنىڭ قورساقتا ئۆسۈپ چوڭىيىشى بىلەن) ئېغىرلاشقاندىن كېيىن، (ئەر - خوتۇن) ئىككىيلەن پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا: ‹ئەگەر بىزگە (ئەزالىرى) بېجىرىم پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، نېمىتىڭگە ئەلۋەتتە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز› دەپ دۇئا قىلدى›.» يەنى ئۇ، ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ ياردىمىگە تايانماستىنلا، يەككە - يېگانە ھالدا ھەممىڭلارنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ياراتقان قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنسى - ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، خوتۇنىنى (ھەۋۋانى) ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ياراتتى، خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، خوتۇنى يېنىككىنە قورساق كۆتۈرۈپ ئېغىر بوي يۈردى، چۈنكى تۆرەلمە دەسلەپتە پەقەت ئابىمەنىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ھەقتە ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: ئابىمەنى تۆرەلمە ۋە لەختە قان ھالىتىدە، كېيىنكى ھالەتلىرىگە قارىغاندا تۆرەلمە ئانىسىغا تېخىمۇ يەڭگىل بولىدۇ. تۆرەلمىنىڭ يەڭگىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن مەقسەت، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشى جەريانىدا ئۇلارغا ئېھسان قىلغان نېمەتلىرىگە ئىشارەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يارىتىش جەريانىدا تەدرىجىي ھالدا يوقلۇقتىن بارلىق ئالىمىگە ۋە ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك ھالىتىگە يەتكۈزگەن. ھەۋۋا ئۇنى تاكى يەڭگىگەنگە قەدەر قورسىقىدا كۆتۈردى. بالىنىڭ قورساقتا ئۆسۈپ چوڭىيىشى بىلەن ئېغىرلاشقاندىن كېيىن، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن پەرۋەردىگارى ۋە پۈتكۈل ئىشلىرىنىڭ ساھىبى بولغان ئاللاھ تائالاغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلىشتى: «ئەگەر بىزگە ئەزالىرى بېجىرىم پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، نېمەتلىرىڭگە

ئەلۋەتتە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز.» 190. «ئاللاھ ئۇلارغا بىجىرىم ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ (بۇتلارغا چوقۇندى)، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىدىن پاكتۇر.» يەنى، ئاللاھ ئۇلارغا بىجىرىم ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ، بۇتلارغا ۋە ھەيكەللەرگە چوقۇندى،[1] ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ

---

[1] ناھايىتى روشەن بولغانلىقتىن، بىز بۇ قاراشنى تاللىدۇق. چۈنكى بۇ، تەتقىقاتچى ئالىملارنىڭمۇ بىردەك قارىشىدۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر، بۇ ئايەت، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز ھەققىدە نازىل بولغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ «ئۇ ئىككىسى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتى» دېگەن ئايىتىدىكى ئالماش، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزغا ئائىت دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە بىر قىسىم ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىشتى ۋە نۇرغۇنلىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇلارنىڭ بىرى بولسا، سەمۇرەدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىستۇر: «ھەۋۋا يەڭگىگەن ھامان ئىبلىس ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردى. ھەۋۋانىڭ بالىلىرى ئۆلۈپ كېتەتتى. شۇڭا شەيتان ئۇنىڭغا: ‹بۇنىڭ ئىسمىنى ئابدۇل ھارىس دەپ قويغىن، ئاندىن ياشايدۇ› دېدى. ھەۋۋامۇ ئۇنىڭغا ئابدۇل ھارىس دەپ ئىسىم قويدى، دېگەندەك شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بالا ياشىدى. بۇ بولسا شەيتاننىڭ ۋەھىسىدىندۇر.» (بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.) ھافىز ئىبنى كەسىر بۇ ھەدىسنىڭ ئۈچ جەھەتتىن سەھىھ ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە مەرھۇم ئالىم بۇلارنى ئوچۇقلاپ بېرىش بىلەن بىرگە، مەزكۇر ھەدىسنىڭ «مەۋقۇف» ھەدىس دېگەن قاراشنى تاللىغان، شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرنىڭ زەئىپ ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. ئاخىرىدا سەنەدىنى رىۋايەت قىلىپ، ھەسەنۇلبەسرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن: «شېرىك كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدا ئەمەس، ئەكسىچە بىر قىسىم دىن ئەھلىلىرىدە كۆرۈلگەن.» ئىبنى كەسىر كېيىنچە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەقتە بىز ھەسەنۇلبەسرىنىڭ قارىشىنى قوبۇل قىلىمىز. بىزنىڭ قارىشىمىزغا كۆرە، ئايەتتىكى بايانلارنىڭ تەرەققىياتىدىن مەقسەت، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانا ئەمەستۇر. مەقسەت، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان مۇشرىكلاردۇر. چۈنكى مەزكۇر ئايەتتىن كېيىن كەلگەن ئاللاھ تائالانىڭ: «ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىدىن پاكتۇر.» دېگەن ئايىتى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. مېنىڭچە، قەتئىي توغرا بولغىنىمۇ مۇشۇ قاراشتۇر.

ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ نىسبەت بەرگەن نەرسىلەردىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر. 191. «ئۆزلىرى يارىتىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرەمدۇ؟» يەنى، ئۆزلىرى يارىتىلغان، باشقا نەرسىلەرنى يارىتىشقا ئەسلا كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى قانداقسىگە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشىدىكىنە؟! بۇ سوئال ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار «ئىلاھ» دەپ چوقۇنغان ئاشۇ بۇت ۋە ھەيكەللەر ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغاندۇر. ئۇنداقتا، ئۇلار قانداقسىگە ئاللاھ تائالاغا قوشۇپ ئۇلارغا چوقۇنىشىدىكىنە؟ بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار بۇتلارنىڭ پايدا - زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئايەتتە بۇتلار ئىنسانلارنىڭ ئورنىدا بايان قىلىنغان ۋە ئۇلارغا ئائىت بولغان پېئىل ئىنسانلارغا ئائىت پېئىلدەكلا، «ۋاۋ» ۋە «نۇن» ئارقىلىق كۆپلۈك شەكلىگە ئۆزگەرتىلگەن. 192. «ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ.» ـ ئۇ بۇتلار نە چوقۇنغۇچىلىرىغا، نە ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ناھايىتى خار ۋە ئىنتايىن ئاجىز مەخلۇقلاردۇر. ئۇنداقتا ئۇلار قانداقسىگە ئىلاھ بولالايدۇ؟ 193. «ئۇلارنى توغرا يولغا چاقىرساڭلار، ئۇلار سىلەرگە ئەگەشمەيدۇ. مەيلى ئۇلارنى دەۋەت قىلىڭلار، ياكى جىم تۇرۇڭلار، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر.» يەنى، ئەگەر ئاشۇ بۇتلارنى ياخشىلىق قىلىش ۋە توغرا يولغا چاقىرساڭلار، ئۇلار سىلەرگە ئەگەشمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار جانسىز مەۋجۇداتلاردۇر. مەيلى ئۇلارنى دەۋەت قىلىڭلار، ياكى جىم تۇرۇڭلار، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئوخشاش (سىلەر قايسى ھالەتتە بولماڭلار،

ئۇلار سىلەرنىڭ چاقىرىقىڭلارغا جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر ئەمەستۇر). بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئاشۇ بۇتلار، نە ئۆزلىرىگە دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىيالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارغا نىسبەتەن، ئۆزلىرىگە دۇئا قىلغۇچىلار ئۇلار بىلەن ئويۇن ئوينىغۇچىلار بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى تەرىپلەپ ئېيتقىنىغا تامامەن ئوخشايدۇ: «ئى ئاتا، نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن.» (مەريەم سۈرىسى، 42 - ئايەت.) 194. «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر، (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن.» يەنى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان ۋە ئىلاھ دەپ ئاتىۋالغان بۇتلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاشلا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر، ھەتتا ئىنسانلار ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل يارىتىلغاندۇر. چۈنكى ئىنسانلار ئاڭلىيالايدۇ، كۆرەلەيدۇ ۋە تۇتالايدۇ. ئۇلار بولسا بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلىشقا قادىر ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن، ئەگەر سىلەر ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، بىرەر پايدىغا ئېرىشىش ياكى زىيان تارتىش مەقسىتىدە ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، ئۇلار راست ئىلاھ بولسا قېنى دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن![1] بۇ ئەمر ئاجىز قالدۇرۇش ۋە ئاغزىنى

[1] ھافىز ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: مۇئاز ئىبنى جەبەل بىلەن مۇئاز ئىبنى ئەمر ئىبنى جەمۇھ مۇسۇلمان بولغان چاغدا، ھەر ئىككىسى تېخى ياش ئىدى. ئۇلار كېچىسى مۇشرىكلارنىڭ بۇتلىرىنى چېقىپ،

تۇۋاقلاپ قويۇش مەقسىتىدە قوللىنىلغاندۇر. 195. «ئۇلار (بۇتلار)نىڭ ماڭىدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ ياكى تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى كۆرىدىغان كۆزلىرى بارمۇ ۋە ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟ (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹شېرىكلىرىڭلارنى (بۇتلىرىڭلارنى ماڭا قارشى) چاقىرىڭلار، ئاندىن (قولۇڭلاردىن كېلىشىچە) ماڭا زىيانكەشلىك قىلىڭلار، ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەڭلار (مەن ئاللاھ تائالاغا يۆلەنگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن)›.» - بۇ بۇتلارنىڭ ماڭالايدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ بۇ، ئارقا - ئارقىدىن ئەيىبلەش ھېسابلىنىدۇ. بۇندىن كېيىنكى سوئاللارمۇ ئوخشاشلار ئەيىبلەش ۋە كايىشنى ئىپادىلەيدۇ. ياكى بولمىسا، ئۇلارنىڭ يامانلىق قىلماقچى بولغانلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرەلەيدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىغان

---

ئوتتۇن قىلىپ قالايتتى. قەۋمىنىڭ باشلىقى بولغان ئەمر ئىبنى جەمۇھ چوقۇنىدىغان ۋە دائىم ئۈستىنى سۈرتۈپ خۇشپۇراق چېچىپ تۇرىدىغان بىر بۇتى بار ئىدى. بۇ ئىككەيلەن (ئىككى مۇئاز) كېچىسى كېلىپ، بۇ بۇتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ نىجىس نەرسىلەرنى ئۈستىگە سۈرتۈپ قوياتتى. ئەمر ئىبنى جەمۇھ كېلىپ، بۇتنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنى يۇيۇپ تازىلاپ، خۇشپۇراق نەرسىلەرنى سۈرتۈپ، يېنىغا بىر قىلىچنى قويۇپ قوياتتى - دە: «قېنى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنى يەڭگىن» دەيتتى. ئاندىن ئىككى مۇئاز يۇقىرىقى ئىشلارنى تەكرارلايتتى، ئەمر ئىبنى جەمۇھمۇ يەنە بۇرۇنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇراتتى. بىر كېچىسى ئۇلار ئۆلۈك بىر ئىت بىلەن بۇتنى باغلاپ، شۇ ئەتراپتىكى بىر قۇدۇققا ئېسىپ قويۇشتى. ئەمر ئىبنى جەمۇھ بۇنى كۆرۈپ، ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ئاندىن ئۇ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن ئىبادەت قىلىشقا لايىق بىر ئىلاھ بولغان بولساڭ، ئىت بىلەن بىرگە بىر ئارغامچىدا بولمىغان بولاتتىڭ. شۇندىن كېيىن، ئەمر ئىبنى جەمۇھ ناھايىتى كامىل مۇسۇلمان بولدى ھەمدە ئوھۇد ئۇرۇشىدا شېھىدلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى.

كۆزلىرى بارمۇ؟ ۋەياكى ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟ بۇ ئايەتتىن، ئاڭلىيالمايدىغان، كۆرەلمەيدىغان ۋە ئۆزىگە چوقۇنغۇچىلارغا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان جانسىز مەۋجۇداتلارغا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە نادانلىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان. چۈنكى بۇتلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى يوقتۇر. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، بىر نەرسىدىن مەھرۇم بولغۇچى شۇ نەرسىنى باشقا ھېچقانداق بىر ئادەمگە بېرەلمەيدۇ. ئىنسانلار نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى، بۇ بۇتلاردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئەقىل - پاراسەت ۋە سەزگۈ ئەزالىرىغا ئىگە. ئۇنداقتا، ئېخىمۇ شەرەپلىك ۋە ئېخىمۇ مۇكەممەل بولغان بىر مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان بىر مەۋجۇدىيەتكە ئىبادەت قىلىشى ئەقىلگە ئۇيغۇنمۇ؟ ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان ئاشۇ مەۋجۇدىيەتتىن بىرەر پايدىغا ئېرىشەلىشى ياكى ئاشۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنسانلاردىن بىرەر زىياننى دەپئى قىلالىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟!

ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «بۇتلىرىڭلارنى چاقىرىپ، ماڭا قارشى ئۇلاردىن ياردەم ۋە نۇسرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ماڭا تۇزاق قۇرۇش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن، سىلەر ۋە بۇتلىرىڭلار قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ئۇرۇنۇپ بېقىڭلار، ماڭا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ مۆھلەت بەرمەڭلار، مەن ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەنلىكىم ۋە يۆلەنگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەرگە قىلچە پەرۋا قىلمايمەن. بۇ ھەقتە ھەسەنۇلبەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرى ئارقىلىق تەھدىت سېلىشتى. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ

تائالا ئۇلارغا بۇ شەكىلدە جاۋاب بېرىلىشىنى ئەمر قىلدى. 196. «ھەقىقەتەن كىتابنى (قۇرئاننى) نازىل قىلغان ئاللاھ مېنىڭ ئىگەمدۇر، ئۇ ياخشىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.» يەنى، ماڭا ياردەم قىلىش ۋە مېنى قوغداشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، شۇنداقلا قۇرئاننى ماڭا نازىل قىلغان ئاللاھ ھەقىقەتەن مېنىڭ ئىگەمدۇر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ سالىھ بەندىلىرىنى قوغداش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندۇر. ئۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سالىھ بەندىلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىدۇر. 197. «سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىڭلار سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ.» يەنى، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىڭلار سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا، ئۇلارنىڭ چوقۇنغان بۇتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قىلچە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئايەتنى تەكرارلىغان. 198. «ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭلار، ئۇلار (ھىدايەت تاپماق تۇگۇل دەۋىتىڭنى) ئاڭلىمايدۇ، ئۇلار ساڭا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلار كۆرمەيدۇ.» يەنى، ئەگەر ئاشۇ بۇتلارنى ھىدايەتكە ۋە توغرا يولغا دەۋەت قىلساڭلار، ئۇلار ھىدايەت تېپىش ۋە توغرا يولغا مېڭىش تۇگۇل، ھەتتا دەۋىتىڭلارنىمۇ ئاڭلىيالمايدۇ، ئۇنداقتا، ئۇلار سىلەرگە قانداقمۇ ياردەم ۋە مەدەت قىلالايدۇ؟ گەرچە ئۇلار ساڭا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار كۆرەلمەيدۇ. 199. «ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (نادانلارنىڭ

قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن).» يەنى، ئى مۇھەممەد! سەن ئەپۇچانلىق ۋە كەڭ قورساقلىقنى دوست تۇتقىن. بۇ رەسۇلۇللاھنى ئېسىل ئەخلاققا بۇيرۇغان بىر ئايەتتۇر. يەنى ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇئامىلىلەردە قولايلىق يولىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزۈڭگە ئۆلچەم قىلغىن. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ، ئىمان تونۇرۇلۇق بۇ ھەقتە سۆزلەنگەن سۆزلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرىدۇر. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئېيتقان مۇنۇ سۆزىمۇ بۇنىڭ شۇنداقلىقىنى تەكىتلەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ساڭا زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىشىڭنى، ساڭا بەرمىگەنگە بېرىشىڭنى ۋە ساڭا سىيلە - رەھىم قىلمىغانغا سىيلە - رەھىم قىلىشىڭنى بۇيرۇيدۇ.» كىشىلەرنى ياخشى سۆز قىلىشقا ۋە ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن، نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: گەرچە بۇ ئايەتتە خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق مەخلۇقاتلىرىغا ئەدەب ئۆگىتىش مەقسەت قىلىنغان. 200. «ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر).» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلىپ، سېنى ھەق بارىسىدا كۆڭلۈڭدە شەك تۇغدۇرسا، ئۇنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ، پاناھ - ئامانلىق تىلىگىن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن سېنىڭ قىلغان سۆزۈڭنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئىشلىرىڭنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

201. «تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھنى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ.» ـ ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچراپ، كۆڭلىگە يامان ئىشلار كەلگەن چاغدا، ئاللاھنىڭ ئازابى بىلەن ساۋابىنى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، لەنىتى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن خالاس تاپىدۇ. 202. «شەيتانلار (كاپىر) بۇرادەرلىرىنى بولۇشىچە ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن بوشىشىپ قالمايدۇ.» يەنى، شەيتانلار ئاللاھ تائالادىن قورقمايدىغان كاپىر بۇرادەرلىرىنى بولۇشىچە ئازدۇرۇپ، گۇمراھلىق يوللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن ھەرگىزمۇ بوشىشىپ قالمايدۇ. 203. «(ئۇلار تەلەپ) قىلغان مۆجىزىلەردىن بىرەر مۆجىزىنى كەلتۈرمىسەڭ، ئۇنى نېمىشقا (ئۆزۈڭ) ئىجاد قىلمىدىڭ؟ دېيىشىدۇ، (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، (ئىش مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس) مەن پەقەت پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن ماڭا ۋەھيى قىلىنغانغىلا ئەمەل قىلىمەن (ئۆزلۈكۈمدىن مۆجىزە يارىتالمايمەن)، بۇ (قۇرئاندا سىلەرگە) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن دەلىللەردۇر (قۇرئان باشقا مۆجىزىلەرگە ئېھتىياج قالدۇرمايدۇ)، ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر>.» يەنى، ئەگەر ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن بىرەر مۆجىزىنى كەلتۈرمىسەڭ، ئۇلار: «ئى مۇھەممەد! ئۇنى نېمىشقا ئۆزۈڭ ئىجاد قىلمىدىڭ؟» دېيىشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مەسخىرىۋازلىقىدۇر. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئىش مېنىڭ ئىلكىمدە بولمىسا، مەن قانداقمۇ ئۆزۈم بىر نەرسىنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيمەن؟ مەن

پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بىر بەندىسى بولغاچقا، پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن ماڭا ۋەھيى قىلىنغانغىلا ئەمەل قىلىمەن، ئۆزلۈكۈمدىن مۆجىزە يارىتالمايمەن. بۇ قۇرئان كەرىم روشەن دەلىل ۋە ناھايىتى ئوچۇق مۆجىزىدۇر. قۇرئان كەرىم تۇرۇقلۇق باشقا مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. قۇرئان كەرىم قەلبلەرنى يورۇتىدىغان نۇرلۇق چىراق بولۇپ، ھەقىقەتنى پەقەت ئۇنىڭ بىلەنلا كۆرگىلى ۋە ئىدراك قىلغىلى بولىدۇ. قۇرئان كەرىم مۆمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ نۇرلىرى ئارقىلىق توغرا يولنى بويلاپ ماڭغۇچى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغۇچىلار، ئەنە شۇ مۆمىنلەردۇر.

204. «ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (سۆز قىلماڭلار).» يەنى، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، دىققەت بىلەن ئۇنىڭ مەنىلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىپ ئاڭلاڭلار، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا جىم تۇرۇڭلار (سۆز قىلماڭلار). شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىسىلەر. 205. «پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە - ئاخشامدا ئۈنۈڭنى پەس ئاۋازدا زىكىر قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن.» يەنى پەرۋەردىگارىڭنى، خۇددى ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى كۆز ئالدىڭدا كۆرۈۋاتقاندەكلا، يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە - ئاخشامدا ئۈنۈڭنى پەس ئاۋازدا زىكىر قىلغىن، ئاللاھ

تائالانى ياد ئېتىشتە ھەرگىزمۇ غاپىللاردىن بولمىغىن. 206. «پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (پەرىشتىلەر) ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ، ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ.» يەنى، شەك - شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى دىيانەتلىك پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ، ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭغا لايىق بولمىغان نەرسىلەردىن پاك ۋە مۇنەززەھ دەپ بىلىدۇ، ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغىلا سەجدە قىلىدۇ.

قىسسە: رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەھلى سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىرى شاگىرتىغا مۇنداق دېگەن:

- ئەگەر شەيتان ساڭا خاتا ئىشلىرىڭنى چىرايلىق كۆرسەتسە، سەن قانداق قىلىسەن؟

- ئۇنىڭغا قارشى جىھاد (كۈرەش) قىلىمەن.

- شەيتان سېنى تەكرار ۋەسۋەسە قىلسىچۇ؟

- يەنە جىھاد (كۈرەش) قىلىمەن.

- يەنە ۋەسۋەسە قىلسىچۇ؟

- يەنە ئۇنىڭغا قارشى جىھاد (كۈرەش) قىلىمەن.

- بۇنىڭ ئاخىرى يوق. ئەگەر بىر قوي پادىسىغا ئۇچرىساڭ، ئۇ پادىنىڭ ئىتى ساڭا ھۇجۇم قىلىپ، سېنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىڭگە توسالغۇ بولسا سەن قانداق قىلىسەن؟

- ئۇنىڭغا قارشى تۇرىمەن ۋە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئۇنى قوغلايمەن.

- بۇنىڭمۇ ئاخىرى يوق بىر ئىش. بىراق قوي پادىسىنىڭ

**ئىگىسىدىن يادرەم سورىساڭ، ئىتتىنى سەندىن يىراقلاشتۇرىدۇ.**

**دېمەك، پاناھلىق تىلەشنىڭ پايدىسى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.**

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن «ئەئراف سۈرىسى»نىڭ تەپسىرى مۇشۇ

يەردە ئاخىرلاشتى.